ISSN 1005 - 0876



BULAK

# بۇلاق

3

1999

# «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئاپتورلىرى ۋە ھېرىسمەن مۇشتەرىلىرى! ژۇرنىلىمىز خادىملىرى ھەممىڭىزلارنىڭ يېڭى يىلىڭىزلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە سىزلەرگە سەممىي سالام يوللايدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي چىقىرىلىشقا باشلىغانىدى. ھازىر 20 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 21 - يىلىغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا «بۇلاق» ژۇرنىلى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە، تىرىشچان ئاپتورلار قوشۇنىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشى، كەڭ مۇشتەرى، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى قەرەلسىز مەجمۇئەدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنالغا ئايلاندى. «بۇلاق» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىدارىسى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تارقاتقان 299 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 2000 - يىلىدىن باشلاپ قوش ئايلىق ژۇرنال قىلىپ نەشر قىلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق ۋەقە. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرى يەنىمۇ تولۇقلىنىپ، مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدۇ. ئەگەر ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن ھۇزۇر ئالاي، ئاتا-بوۋىلارنىڭ دۇنيا خەلقلىرى ئارىسىدا نامايان بولغان ئەقىل - ئىدراك ۋە مەدەنىيەت ساپاسىدىن ئۈلگە، ئىپتىخار ۋە غۇرۇر ئالاي، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئازدۇر - كۆپتۇر مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇراي دېسىڭىز، ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغايسىز. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە قىزغىنلىق بىلەن ئەسەر ئەۋەتكەيسىز. «بۇلاق» ژۇرنىلىنى قەدىرلەپ ساقلاپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭىزغا تەۋەررۈك مىراس سۈپىتىدە قالدۇرغايسىز. بۇلار يەنە نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېتىپ بارالىسا، بۇ بىز بىر ئەۋلاد كىشلەرنىڭ بەختىمىز، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ بەختى!

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108 - 58، يەككە باھاسى: 4.50 يۈەن، يېرىم يىللىق باھاسى: 13.50 يۈەن.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001، تېلېفون: 2825915، 2822407

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

20 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 68 - سان

1999

# مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنىڭ ئىزاھاتى

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: چەۋگان ئويناۋاتقان رەڭدار لاي قورچاق. مىلادىيە 7 - ئەسىرگە تەئەللۇق. 1972 - يىلى تۇرپان ناھىيە ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 230 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. ئاق ئاتنىڭ پۇتلىرى كۆككە كۆتىرىلگەن بولۇپ، ئۇچقاندەك چېپىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئاتقا مىنگۈچى ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قولىدا ئۇچى ياي شەكلىدە ئېگىلگەن بىر تال تاياق (چەۋگان) نى تۇتقان (قېزىۋېلىنغان چاغدا شۇ تايىقىمۇ بار ئىكەن)، ئۇ چەۋگان تايىقىنى تۇتۇپ، ئىككى كۆزىنى سول تەرەپتىكى نىشانغا دىققەت بىلەن تىككەن بولۇپ، چەۋگان (تاياق) نى كۆتۈرگىنىچە، توپ سوقىدىغاندەك ھالەتتە تۇرغان. بۇ ئۇيغۇرلاردا چەۋگان ئويۇنىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ رەسىم جوڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. (ئىلھام فوتوسى).

مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: تەتقىقاتچى مەتىمىن يۈسۈپنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر. (شىرزات فوتوسى).

مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: ئەمگەك قىلىۋاتقان ئاياللار (رەڭدار لاي قورچاق). 1972 - يىلى تۇرپان ناھىيە ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 201 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ بىر گۇرۇپپا ئاياللار تۆت كىشىدىن تەركىپ تاپقان. سولدىن ئوڭغا قاراپ ئوقۇردا ئاشلىق ئاقلاشتىن تارتىپ تاۋدا نان پىشۇرۇشقىچە بولغان جەريان تەسۋىرلەنگەن: بىرى ئوقۇر دەستىسىنى تۇتقان پېتى ئۆرە تۇرۇپ، ئاشلىق ئاقلاۋاتقان؛ بىرى زوڭ ئولتۇرۇپ، غەلۋىر بىلەن ئۇگۇت ئېتىۋاتقان؛ بىرى سول قولىدا يارغۇنچاقنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا قوللۇقنى تۇتقىنىچە ئۆرە تۇرۇپ، يارغۇنچاقنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇن تارتىۋاتقان؛ ئەڭ ئاخىرقى بىرى يەردە ئولتۇرۇپ، ئىككى پۇتىنى ئالدىغا سۇنۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاش تاختىسىنى قويغان پېتىچە، ئىككى قولىدا سىكىلەكنى تۇتۇپ، قوتۇرماش ناننىڭ زۇۋۇلىنى ئېچىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ، يېنىغا بىر تاۋا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ناننىڭ شەكلى سىزىلىپ، ئۇ ئايالنىڭ بىر ياقتىن زۇۋۇل ئېچىپ، بىر ياقتىن نان پىشۇرىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ بىر توپ قورچاقلارنىڭ ئاپتورى مەيلى ئوبراز يارىتىش جەھەتتە ياكى رەڭ بېرىش جەھەتتە بولسۇن، بەدىئىي نەپىسلىكنى قوغلاشماستىن، بەلكى پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئەسەرنىڭ چىنلىقىغا قاراتقان. بۇ بىر گۇرۇپپا تېز سىزما ئەسەرگە ئاجايىپ ئوخشايدۇ. ئاپتور ئەينى زامانلاردىكى ئاشۇ ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئەمگەك قىلىۋاتقانلىق ئەھۋالاتلىرىنى ئەينەن خاتىرىلەپ ئالغان. بۇ قورچاقلار قويۇلغان قەبرە بەختكە يارىشا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى ھالىتىنى ئەينەن ساقلاپ قالالىغان. شۇ قەبرىدىن چىققان قەبرە تەزكىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىنىڭ خوجايىنى (مىلادى 674 - يىل) ئۆلگەن ئىكەن. بۇ رەسىم جوڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. (ئىلھام فوتوسى).




1999 - يىللىق 3 - سان

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئەمىر ھەمزە .................................... (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقادىر سادىر
ئىمامى جەئفەرى سادىق (داستان) ...... موللا قۇربان (36)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
نەزەر مۇفتىمغا خەت ......... ئەھمەدشاھ قاراقاشى (74)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

شەجەرەئى تەراكىمە ........ ئەبۇلغازى باھادىرخان (80)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ۋەلى كېرىم

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ بەزى مەسىلىلىرى ........
................ غ . سەئدۇۋەققاسوف (124)
نەشرگە تەييارلىغۇچى :تاھىرجان مۇھەممەت

ئەبەيدۇللاخان غوجا (داستان) ........................ (138)
توپلاپ رەتلىگۈچى : شېرىپجان قاسىم
ئاچا - سىڭىللار (چۆچەك) ........................ (144)
رەتلىگۈچى : ئېزىز تۇردى
رىۋايەتلەر ........................ (150)
توپلاپ رەتلىگۈچى : تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
قوشاقلار ........................ (154)
توپلاپ رەتلىگۈچى : تۇرسۇنجان مۇھەممەت

*　*

خۇشاللىنارلىق نەتىجە، ئىپتىخارلىق شان - شەرەپ ........
........ مۇنەۋۋەر قادىر (158)

*　*

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقى، قايىنام جاببار.
نەققاش : تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :جالالىدىن بەھرام.

*　*

باش مۇھەررىر : ئابلەت ئىمىن.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت.
مۇھەررىرلەر : پەرىدە ئىمىن، ھاجى قۇتلۇق قادىر،
مىرھايات مىرسۇلتان، ئېزىز تۇردى.

# ئەمىر ھەمزە ①

(قىسسە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى :ئابدۇقادىر سادىر

## پەسلى داستان، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ لەندىھۇرنى مەغلۇب قىلغانلىقى، ھىندىستان ئىقلىمىنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقى

ھەزرىتى ئەمىر ئاتلاندى . گۇستەھەم يول بويىدىكى چىمەنزارلىقتا نۇرغۇن سەراپەردىلەر-نى تىكتى . بىرمۇنچە كۇپلەرنى تەييارلاپ ، شاراب بىلەن توشقۇزدى . بىر كونا قەلئە بار ئىدى . قۇبادنى بىرقانچە كىشى بىلەن شۇ يەردە قويدى . ئۆزى ئەمىرنى ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى . ئەمىر يېتىپ كېلىشى ھامان ، قۇباد ئالدىغا چىقىپ كۇتۇۋالدى .

— بىز بەندەرى سۇرەتتىن بولىمىز ، — دېدى قۇباد ، — سۇلتانى ئەرەبنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ ، كۇتۇۋېلىشقا كەلدۇق . لەشكەرلەرگە ئويۇن قىلىپ بەرمەكچىمىز . خاھلىسىلا مەيدانغا خىزمەتلىرىگە بارغايمىز .

«بەندەرى سۇرەتتىن ئويۇنچى كەپتۇمىش» دېگەن بۇ سۆز بىردەمدىلا لەشكەر ئىچىگە پۇر بولدى ، بەزمە باشلاندى .

گۇستەھەم شاراب تۇتۇپ ، تەۋقى ھەيرانىغا كەلگەندە :

— ھەي تەۋقى ھەيرانى ، ئۇمەر مەئدىغۇ سەندىن ياشقا چوڭ ، ئەمما ، ئىككى ئىنىسى نېمە ئۈچۈن سەندىن يۇقىرىدا ئولتۇرىدۇ ؟ سەن پادىشاھ نەسلىدىن ، ئۇلار قاراقچى نەسلىدىن ئەمەسمۇ ؟ — دېدى .

بۇ سۆز تەۋقى ھەيرانىغا خوش كەلدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ شۇ خىيال بار ئىدى . ئۇمەر مەئدەنىڭ ئىنىلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى زور بولغاچقا گەپ - سۆز قىلماي كەلگەنىدى . ئاخىر گۇستەھەمنىڭ بۇ سۆزىدىن جېدەل تۇغۇلدى . پەھلىۋانلار ھەر تەرەپتىن جېدەل قىلىشىپ ، پەھلىۋانلىق شىجائىتى ۋە نەسەبنى تالىشىشقا باشلىدى .

بۇلارغا سالىپ ئەردىلەر تۇرفە جۇش ،

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا .

قىلىپ پەخرى ئۇل دەم قىغانۇ خۇرۇش .
بىرى دەر ئىدى : جەڭدە مەن پىلى مەست ،
ئۇرۇپ گۇرزىلەر ئەيلەگۇم تاغنى پەست» .
بىرى دېدىكىم : جەڭدەمەن شىرى نەر ،
بىرى دەر ئىدى : مەن جەۋانمەرد دەلىر .
بىرى دەر ئىدى : «ئەژدەرهايى زەمان ،
بىرى دەر ئىدى : مەن نەهەڭگى دەمان .
بىرى دەركى : مەن شاهى ساهىب نەسەب ،
بىرى دەركى : خوبدۇر نەسەبتىن هەسەپ .

ئاخىر زۇلخۇمار ئادتەۋقىنىڭ بېشىغا بىر مۇشت ئۇردى . ئادتەۋقىمۇ بىر مۇشت سالدى .
ئەلقىسسە ، ئۇمەر مەئدە كەرەب بۇنى كۆرۈپ ، زۇلخۇمارنى ئەيىبلەپ ئۆز قىلمىشىغا
ناماقۇل قىلدى . كەچ بولۇۋىدى ، زۇلخۇمار چىقىپ ئېتىغا مىنىپ بەدەر كەتتى . ئۇ كېتىۋې-
تىپ قارىسا ، بىر تاغدا ئوت كۆرۈندى . شۇ تەرەپكە ماڭدى . يېقىن كېلىپ ، بۇ يەردە بىر
نەچچە چېدىر تۇرغانلىقىنى كۆردى . «ئادەم بارمۇ ؟» دەپ قىچقىرغانىدى . ئاۋازنى ئاڭلاپ ،
سەۋسەن هەممە مۇلازىملىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى . سەۋسەن هىيلە بىلەن زۇلخۇمارنى ئاتتىن
چۈشۈردى ۋە بارگاهقا ئەكىرىپ شاراب تۇتتى . زۇلخۇمار شارابنى ئىچىپلا هوشىدىن كەتتى .
سەۋسەن دەرهال ئۇنى باغلىدى . ئېتىنى بىر پىنهان جايغا يوشۇردى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
تەۋقى هەيرانى چىقتى . ئۇمۇ شۇ يەرگە كەلگەندە باغلاقتا چۈشتى . ئۇنىڭ كەينىدىن گەشۋاد :
«بۇ ئىككىيلەن جېدەللىشىپ بىر - بىرىنى هالاك قىلىشمىسۇن» دەپ ئويلاپ ئىزدەپ
چىقتى ، ئۇمۇ ئاشۇ يەرگە يەتكەندە ، سەۋسەن چىقىپ چېدىرغا تەكلىپ قىلدى . گەشۋاد
چۈشكىلى ئۇنىمدى ۋە :
— ئىككى پەهلىۋان چىقىپ كەتكەنىدى ، قەيەرگە كەتتى ؟ — دەپ سورىدى .
— ئۇ پەهلىۋانلار بىر - بىرىگە ئاداۋەتلىك ئىكەن ، — دېدى سەۋسەن ، — بىر
- بىرىگە قوشماي ، مەست قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدۇق . ئىككىلىسى سالامەت بار ، ئاتتىن
چۈشسىلە كۆرسىتەي :
گەشۋاد كۆڭلىدە : «هەر ئىش بولسا موشۇ يەردە بولۇپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋە :
— پەهلىۋانلارنى ئېلىپ چىقىڭلار مەن كۆرىمەن ، — دېدى . سەۋسەن كېلىپ ئاتنىڭ
جىلاۋىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :
— هەي پەهلىۋان ، بىزدىن نېمىنى گۇمان قىلىسىز ؟ پەهلىۋانلار ياتىدۇ . بىز ئاجىز
خەق ، بۇلارنى كۆتۈرەلمەيمىز . بىزگە بىهۇدە غەزەپ قىلماڭ ، بۇنى ئىچىڭ ، — دەپ ، بىر
پىيالە شاراب كەلتۈردى . گەشۋاد ئۇسساپ قالغانىدى . ئېلىپ ئىچىۋەتتى ، لېكىن ، ئۇ بىهوش
بولۇپ يىقىلمىدى ، ئاتتىنمۇ چۈشمىدى . سەۋسەن ۋارقىرىۋەتتى . شۇ هامان قۇباد بىلەن
گۇستەهەم قولىغا نەيزە ئېلىپ پەيدا بولدى . گەشۋاد كۆرۈپ ، نەيزىسىگە قول سالدى .
ئىككىسىنى تالىشىۋېتىپ ، بىر پەستىن كېيىن گۇستەهەم هوشىدىن كېتىپ يىقىلدى .
ئەلقىسسە ، پەهلىۋانلار بىردىن - بىردىن كېلىپ بەندىگە چۈشتى . ئاخىر خوجا ئۇمىرى-
نىڭ قەدىمى يەتتى . ئۇمۇ مەست ئىدى . پەهلىۋانلارنى سورىدى .
— هەرقايسىسى كېلىپ ، بىر پىيالىدىن شاراب ئىچىپ ئاۋۇ تەرەپكە كەتتى ، — دېدى
سەۋسەننىڭ مۇلازىملىرى .

خوجا ئۇمرىمۇ شاراب سورىدى . بىر پىيالە ئىچىپ ئۇمۇ يىقىلدى .
ھەزرىتى ئەمىر ئۆز ئەتراپىدىكى ئىرانلىقلاردىن بىرىنىڭمۇ قالماي غايىب بولغانلىقىنى سەزدى . ئۇ ئارقىسىغا مىنىپ ئارقىسىدىن ماڭدى ، بىر يەرگە يېتىپ كەلگەندى ، بىرمۇنچە چېدىرلارنى كۆردى . ئەمىر چېدىرغا يېقىن كېلىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سورىدى .
— بىز بەندەرى سۆرەتتىن بولىمىز ، — دېدى سەۋسەن ئەمىرگە ، — ئەي سۇلتانى ئەرەب ، ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ خىزمەتلىرىدە بولغىلى كەلگەندۇق .
سەۋسەن قولىغا پىيالە ئالدى . زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان شارابنى ئەمىرگە تۇتتى . ئەمىر سەۋسەنگە :
— سەن ئىچ ، — دەپ بۇيرۇدى . سەۋسەن بولسا :
— ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك قىلىپ شاراب ئىچكىلى نېمە ھەددىمىز ؟ — دېدى .
— ھىندىستاننىڭ قائىدىسى موشۇنداققۇ ، — دېدى ئەمىر .
سەۋسەن نۇرغۇن ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئىشلەتتى . ئەمىرگە تەڭ كېلەلمىدى . ئەمىر قولىغا قەمقامىنى ئېلىپ «ئىچ !» دېدى . سەۋسەن شارابنى تۆكۈۋېتىپ سىرتقا قاچتى ۋە چۇقان سېلىپ ھىندىستان تىلى بىلەن :
— كېلىڭلار ، بۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىڭلار ، — دەپ توۋلاشقا باشلىدى . قۇباد پەيدا بولۇپ ھەزرىتى ئەمىرنى كۆردى ۋە سەۋسەنگە :
— بۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىدىغان ئادەم يوق ، قاچقىن ، — دېدى . قۇبادمۇ دەرھال قاچتى . سەۋسەنمۇ بارلىق مۇلازىملىرىنى ئېلىپ بىردەمدىلا غايىب بولدى .
تاڭ ئاتتى . مۇقبىل كېلىپ ، ئەمىرنىڭ يالغۇز ئولتۇرغىنىنى كۆردى . مۇقبىل شارابقا قارىدى . تۆكۈلگەن شاراب تېخىچە قايناپ تۇراتتى . «زەھەر ئارىلاشتۇرۇلۇپتۇ ، بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەن» دەپ بىلدى . ئارقىسىدىن گۇستەھەم كېلىپ ، سەۋسەندىن ھېچ خەۋەر ئالالمىدى . ئۇ :
— ئەي ئەمىر ، ئۇ مەككار سىلى بىلەن سۆزلەشكەندە قايسى تىلدا گەپ قىلدى ؟ — دەپ سورىدى .
— ھىندىستان تىلىدا ، — دېدى ئەمىر .
— بۇ ئېنىقكى ، لەندەھۇرنىڭ ئويۇنى ، — دېدى گۇستەھەم . ئاندىن باغلاقتا چۈشكەن پەھلىۋانلاردىن سورىدى . ئۇلارمۇ «كىيىم - كېچىكى ، تىلى ھىندىستانچە ئىكەن» دېيىشتى . گۇستەھەم غەزەپلەنگەن بولۇپ : «مەن كىرىپ لەندەھۇرنىڭ جازاسىنى بېرىمەن» دەپ لاپ ئۇردى . ھەممىسى بارگاھقا چۈشۈپ جەڭ دۇمبىقىنى چالدى . لەندەھۇر دەغەزەپكە كېلىپ :
— بۇ ئەرەبلەرنىڭ جازاسىنى ئەتە مەيداندا بېرىمەن . پۇت - قوللىرىغا زەنجىر سېلىپ بىرىنى - بىرىگە چېتىپ قىينايمەن ، — دېدى ۋە جەڭ دۇمبىقى چېلىشنى بۇيرۇدى ، — ھەركىم بۇ جەڭدىن يۈز ئۆرۈسە ، يەتمىش پۇشتىنى قۇرۇتىمەن ، — دەپ ھەيۋە قىلدى .
ئىككى تەرەپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي قاراپ تۇرۇشتى . سۇبھى ۋاقتى بىلەن مەيداندا سەپ راسلاندى . لەندەھۇر تۇغ ئاستىدا قارار تاپتى . ھەزرىتى ئەمىرمۇ چىقىپ سەپ ئالدىدا تۇردى . ھىندىستان لەشكىرىنىڭ ئەلپازى باشقىچە تۇراتتى .

بولۇپ بىر - بىرىگە تاقابىل سىپاھ ،

زېمىنۇ پەلەك بولدى ئۇلدەم تەباھ .
ئۇرۇپ نەئرەئى زورلار هايۇ هۇي ،
شىجائەتتە مەيدان ئارا جەڭگى جۇي .

ئەلقىسسە ، هەر ئىككى تەرەپ مەيدانغا يۈز كەلتۈردى . تېخى بىرەر كىشى مەيدانغا كىرمىگەنىدى . لەندىهۇر پىلغا قامچا ئۇردى . مەيدانغا كىرىپ يۇقىرى ئاۋازدا :

— ئەي ئەرەب قاتىللىرى ، سەنلەرنى هەرقانداق بولسا خانەئى كەئبىنىڭ تۇپرىقىدىن-كەن ، دەپ ئىززەت - ئىكرام قىلسام بىلمىدىڭ ، ئەمدى كېلىشە قېنى ! مېنىڭ ئېتىم تۇگۇرمەن . هەر نېمە كەلسە ئۇگۇرمەن . بىئەدەپ خەق ئىكەن . مەن هېچقايسىڭغا رەهىم - شەپقەت قىلمايمەن ، — دەپ نەرە تارتىپ كەلدى .

غەزەپناك بولۇپ لەندىهۇرى دىژەم .
يىغلىسا ئەرەبتىن يىسارۇ ئەجەم .
ئۇمىدىم يېلىدىن ئۇچۇرغاي شامال ،
ئۇمۇدۇمغا كىمدۇركى بەرداش ئېتەر .
ئىگىز تاغقا ئۇرسامكى خەشخاش ئېتەر .

دەپ مەيدانغا مەرد چاقىردى . گۇستەهەم رۇخسەت تەلەپ قىلدى . خوجا ئۇمرى :

— باشقا كىشى كىرسە خەتەرلىك ، مەن كىرىپ ، ئۇنىڭ غەلۋىسىنى پاش قىلاي ، — دەپ مەيدانغا ماڭدى . لەندىهۇر خوجا ئۇمرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ :

— ئەي ئەييار ، مەن سېنى چاققانلىق قىلغىلى قويمايمەن ، — دەپ ، ئوق ئېلىپ بىر تال ئاتتى . خوجا ئۇمرى موللاق ئېتىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى . لەندىهۇر يەنە بىر ئوق ئاتقانىدى ، ئايىغىدىكى نالىنى ئۇچۇردى ، يەنە بىر ئوق بىلەن يەنە بىر ئايىغىدىكى نالىنى ئۇچۇردى . خوجا ئۇمرى پالاقمانغا تاش قويۇپ ، ئۈچ قېتىم ئاتتى . لەندىهۇر سۇپەر بىلەن توسۇپ قالدى . خوجا ئۇمرى هەيران بولۇپ يېنىپ چىقتى . گۇستەهەم ئۇنىڭدىن :

— لەندىهۇرنىڭ ئۇمۇدى كاۋاكمىكەن ، ئۇيۇلمىكەن ؟ — دەپ سورىدى . خوجا ئۇمرى :

— سېۋەتكە ئوخشاش تېشى تۆمۈر ، ئىچى كاۋاككەن ، — دېدى . بۇنى ئاڭلىغان گۇستەهەم دەرهال كىرىپ روبىرو بولدى . لەندىهۇر گۇرزا سالدى ، ئاران بەرداشلىق بەردى . يەنە بىر گۇرزا سالغانىدى ، گۇستەهەم ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى . ئات گۇرزا ئاستىدا غايىب بولدى . گۇستەهەم يېنىپ چىقتى . زۇلخۇمار ئادى كىردى . لەندىهۇر قول سۇنۇپ ، ئۇنى ئاتتىن يىقتىپ ، هىندىستان سىپاهلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى . گەشۋاد كىرىۋىدى ، ئۇنىمۇ باغلىۋالدى . كەچ كىردى . هەر ئىككى تەرەپ مەيداندىن يېنىپ چىقىشتى .

ئەتىسى قۇياش يەنە زۇلمەت ئىچىدىن باش چىقاردى . تاڭ شامىلى يەر يۈزىنى سۇپۇرۇپ ، ئىپار هىدلىرىنى تاراتتى . ئىككى لەشكەر دەرياسى ئۆز سېپىنى راسلىدى . تېخى هېچكىشى مەيدانغا كىرمەستە ، كابۇل تەرەپتىن لەشكەر كۆرۈندى . يېقىن يەتكەندە يۈز پارچە تۇغ نىشانىسى بىلەن يۈز مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ چىنىپۇر شاهى يېتىپ كەلدى . ئۇ شەهادنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر يىگىت جەڭ دۇمبىقنى ياڭرىتىپ مەيدانغا كىرىپ ، هىندىستان لەشكىرىدىن مەرد چاقىردى . بۇ پەهلىۋان فىرۇز تۈرك ئىدى . لەندىهۇر شەهادنى سەراندىپتىن چىقارغاندا ، چىنىپۇرشاهى ئىزا تارتىپ ، شەهەرمۇ شەهەر بېرىپ ،

فىرۇز تۇركنى تاپقان ۋە ئۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن ئېلىپ كەلگەندى .

فىرۇز تۇركنىڭ قەددى - قامىتى لەندىھۇردەك بار ئىدى . ئۇ مەيدانغا كىرىشى بىلەن تامام خەلق ئۇنىڭ لەندىھۇردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى پەملىدى . ھىندىستان لەشكىرىدىن قارۇن مەيدانغا كىردى . فىرۇز تۇرك ئۇنى نەچچە قېتىم يىقىتتى ، ئاخىر باغلىۋالدى . بۇنى كۆرۈپ سەفدەدەندان ھىندى مەيدانغا كىردى ، ئۇمۇ باغلاققا چۈشتى . سىيەھ دەندان ھىندى كىرگەندى . ئۇمۇ باغلاققا چۈشتى . شۇنداق قىلىپ فىرۇز تۇركنىڭ قولىدا ئون سەككىز نامدار پەھلىۋان مەغلۇب بولۇپ ، باغلاققا چۈشتى .

ئاخىرىدا لەندىھۇر مەيدانغا كىرىپ خېلى ئۇزۇن ئۇرۇشتى . لېكىن بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى . ئاندىن چېلىشقىلى تۇردى . بىر كېچە چېلىشتى . ئەتىسى ناماز پېشىن ۋاقتىدا لەندىھۇر ئۈنلۈك تەكبىر ئېيتىپ ، فىرۇز تۇرۇكنى يەردىن ئۈزدى - دە يەرگە ئۇردى . ئاندىن باغلاپ ، مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنى بىر يوغان تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى .

لەندىھۇرنىڭ بۇ ئىشىغا خالايىق تەھسىن قىلىشتى . شۇ كېچىسى فىرۇز تۇرك تۈۋرۈكنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنى يۈدۈپ ، ئۆز لەشكىرىگە قايتىپ كەلدى - دە ، سىپاھىلىرىنى ئېلىپ تۇركىستان تەرەپكە كەتتى . ئۇ كېيىن قايتىپ كېلىپ لەندىھۇرنى ئون سەككىز ئاي قاماقتا ئالىدۇ . ئۇنىڭ قىسسىسى كېيىن كېلۇر .

ئەتىسى خالايىق فىرۇز تۇركنىڭمۇ ، يوغان تۈۋرۈكنىڭمۇ يوق تۇرغانلىقىنى كۆردى .

يەنە سەپلەر تۈزۈلۈپ ، لەندىھۇر مەيدانغا كىردى :

— ئەي ئەبۇلئالى ، دېدى لەندىھۇر ۋارقىراپ ، — مەن بىلەن جەڭ قىلغىلى ئۆزۈڭ كەلگىن . ئاجىزلارنى ئەۋەتمىدىكەنسەن !

ھەزرىتى ئەمىر مەيدانغا ماڭدى . ئەمما ھىندىستان خالقىنىڭ كۆزىگە ئەزرائىل كەلگەندەك مەلۇم بولدى . ئىككى پەھلىۋان مەيداندا روبىرو بولدى . ھەربىر جەڭ ماھارىتىنى ئۈچ قېتىمدىن كۆرسىتىشتى . بارلىق جەڭ ھۈنەرلىرى كارغا كەلمىدى . ھەزرىتى ئەمىر ئۇنىڭ كەمىرىگە قول تىقىپ ، لەندىھۇرنى پىل ئۈستىدىكى تەختتىن ئېلىپ زېمىنغا شۇنداق ئاتتىكى ، ئۇنىڭ جەڭ كىيىملىرى كونا چاپاندەك جۇل - بۇل بولدى . ئۇلار چېلىشقا ئۆتتى . بىر - بىرىگە كۈچ كۆرسىتىشكەندە ، يەر تەۋرىگەندەك بولاتتى . تاكى يەتتە كېچە - كۈندۈز تۇتۇشتى .

ھەزرىتى ئەمىر دېدى :

— ھەي ، لەندىھۇر ، بارلىق ھۈنەرلىرىمىزنى ئىشلەتتۇق ، ئەمدى ، تۇرك خەلقىدەك چېلىشساق قانداق ؟

— ئەي ئەمىر ، — دېدى لەندىھۇر ، — بارلىق ماھارەتلىرىمىزنى ئىشلىتىشتۇق ، تۇركلەرنىڭ چېلىشىشى قانداق بولىدۇ ؟

— ئۇنى «ئىچ قولتۇق - تاش قولتۇق» دەيدۇ ، مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ تۇرىمەن . سەن ئارقىمغا تۇرتۇپ ، توختىغان يەردە قۇچاقلاپ كۆتۈرىسەن . ئۈستۈن كۆتەرسەڭلا يەرگە ئۇرۇپ باغلايسەن ، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن ، — دېدى .

— شۇنداق بولسۇن ، — دېدى لەندىھۇر . ئەمىر قولىنى كۆتۈردى . لەندىھۇر ئەمىرنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ ، قولىنى ئەمىرنىڭ كىندىكىگە قويدى . ئەللىك - ئاتمىش قەدەمچە تۇرتتى . كەچكىچە تۇتۇشتى . نۆۋەت جاھان مەردانىسى ھەزرىتى ئەمىرگە كەلدى . ئۇمۇ نەچچە قېتىم تۇرتۇپ ، لەندىھۇرنى بەش قېتىم ئالدىغا تارتتى . ئاخىر لەندىھۇرنىڭ ئۆك تىزى پۈكۈلدى . لەندىھۇر شۇ ھامانلا ئىستائەت قىلىپ مەيداندىن چىقتى . ئارامگاھىغا قايتىپ ، نەچچە كۈن شاراب ئىچىشتى . لەندىھۇرمۇ ، باشقا ئادەممۇ بارگاھتىن چىقمىدى . ئىران پەھلىۋانلىرى

«پەھلىۋان لەندىھۇر سۆزىگە تۇرماپتۇ» دەپ بىلىشتى. نەچچە كۈندىن كېيىن جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. ئەمىرمۇ دۇمباق چېلىشقا بۇيرۇدى. سەپلەر راسلىنىپ پەھلىۋانلار بىر - بىرىنىڭ ئاقابىلىدا تۇرۇشتى. ھەزرىتى ئەمىر ھىندستان لەشكىرىنىڭ ئەلپازىنى باشقىچە سەزدى - دە، غەزەپ بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى. ئىسلام لەشكىرى ھەزرىتى ئەمىرنىڭ غەزىپىنى كۆرۈپ، شىرى غەررانىدەك شىجائەت كۆرسىتىشتى. ھەزرىتى ئەمىر غەزىپىدىن توختىيالماي، مەيدانغا كىلىپ ھەيۋەت بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي، لەندىھۇر دېگەن ھىندى، پىل بەچچە! دەرھال مەيدانغا چىق! بۇ مەيداندىن سېنى باغلاپ ئېلىپ چىقمىسام، ئېتىم ئەمىر ھەمزە بولمىسۇن.

لەندىھۇر بۇ ئاۋازنى ئىشتىپ پۇشايمان قىلدى. لېكىن پۇرسەت ئۆتكەندى. ئامالسىز مەيدانغا كەلدى. قولىدا گۇرزىسى بار ئىدى. بۇ ئىككى رەقىبنىڭ ئارىسىدا نەچچە گۇرزىلار رەدى بەدەل بولدى. ئاخىر بىر - بىرىنىڭ كەمىرىگە قول قويۇپ تۇتۇشتى. ھەزرىتى ئەمىر ھەمزە ساھىبقىران بارغانسېرى غالىب بولغىلى تۇردى. ئىككىسى تۇرتۇشكىلى تۇردى. بۇلارنىڭ زەربىسىدىن يەرتەۋرىگەندەك بولاتتى. ھەزرىتى ئەمىر لەندىھۇرنى گاھ تىزلاندۇرۇپ، گاھى كەينىگە مۇدۇرتۇپ غالىبلىق قىلاتتى. جەڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈزگە يەتتى. كېچىسى پانۇس يورۇقىدا ئېلىشاتتى. تۆتىنچى كۈنى خوجا ئۇمرى سەفىد مۇھرەسىنى قولىغا ئېلىپ، جەر راجەر تارتىپ مەيدانغا كەلدى. خوجا ئۇمرى ئەمىرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي ئەرەب بەچچە، بىر كىشى بىلەن تۆت كۈن جەڭ قىلدىڭ. كۈچۈڭ يەتمەپتۇ، نېمەڭگە ساھىبقىرانلىق داغدۇغىسى قىلىسەن؟ ئەمدى كۈچۈڭ يەتمىدى. قويۇپ بەر، ئاستا مەدايىنگە بارايلى، بۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە مېھرىنىگارنىڭ ئېتىنى ئاتىما. بەختەكمۇ مېھرىنىگارنى ئەمەردىن شاھقا بەرمەكچى بولۇپتۇ، — دېدى.

ھەزرىتى ئەمىر ھەمزە ساھىبقىران مېھرىنىگارنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، ئىبراھىم خەلىلۇللانى ياد قىلدى. خوجا ئۇمرى ئۇنىڭ نەرە تارتماقچى بولغىنىنى بىلدى - دە، بىز موللاق ئېتىپ قالپىقىنى ئاسمانغا ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر ئەمىرنىڭ نەرە تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ، قۇلاقلىرىغا پاختا تىقىۋالدى. ئات - ئۇلاقلىرىنىڭ پۇتىغا زەنجىر سېلىپ باغلىدى.

ھەزرىتى ئەمىر ھەمزە ساھىبقىران پەيغەمبىرلەردىن نەزەر تاپقاندىن بېرى تېخى مۇنداق نەرە تارتمىغانىدى. بىر نەرە تارتقانىدى. ھىندى لەشكىرلىرىدىن 25 مىڭ كىشى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئات - ئۇلاقلىرى ھۈركۈپ چۆل - جەزىرىلەرگە پېتىراپ كەتتى. ھەزرىتى ئەمىر لەندىھۇرغا ئامان بەرمەي يەردىن ئۈزدى. ئىككىنچى نەرىدە يەنە بىرمۇنچە خالايىق ھوشىدىن كەتتى. ئەمىر لەندىھۇرنى كۆكسىگە ئالدى، ئۈچىنچى قېتىم نەرە تارتقانىدى، يەنە 25 مىڭ كىشى يىقىلدى. ئەمىر لەندىھۇرنى بېشىغا كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم چۆرۈپ، يەرگە باستى. زەنجىرلەپ باغلاپ، خوجا ئۇمرىگە تاپشۇردى. ھىندىستان خەلقىدىن ھوش كەتتى. ھەزرىتى ئەمىر بارگاھقا چۈشۈپ، ئارامگاھىدا قارار تاپتى.

ئەتىسى مەشرىق تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى، چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئەنبۇھ بەكىران زەڭگىنىڭ لەشكىرى كۆرۈندى. ئاندىن يەنە چىراي - تۇرقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى باشقا - باشقا يەتمىش مىڭ لەشكەر يەتمىش پارچە تۇغ - ئەلەمنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، چېدىر بارگاھلارنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. بۇلارنىڭ سەردارى قەتران زەڭگى ناملىق زەبەردەست پەھلىۋان ئىدى.

ئەتىسى يەنە ئون مىڭ لەشكەر پەيدا بولدى. بۇلار مەرزۇقنىڭ لەشكىرى ئىدى. ھەممىسى دەشت - باياۋان پالۋانلىرى ئىدى. سەردارلىرىنىڭ ئېتى غول ھەربىن، غول تەھەمتىن

ئىدى . بۇلار كېلىپ ، بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ :
— لەندىھۇرنى بەندكە تارتقىنى كىم؟ مەرزۇق ئەفكەندەشۇر تېخى تىرىك ، ئۇ پەھلىۋان
لەندىھۇرنى چولڭ قىلىپ ، ھىندىستانغا پادشاھ قىلغان ، ئۇنى بالىسى ئورنىدا بىلىدۇ . بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىسا ، كېلىپ ئىران لەشكىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ . بىزگىمۇ جاۋاب ئېيتـ-
ماق تەس بولىدۇ ، — دەپ جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا باشلىدى . ھەزرىتى ئەمىرنىڭ
لەشكەرلىرىمۇ جەڭ دۇمبىقىنى چالدى . ھىندىستان ئۇلۇغلىرى قانچە توسسىمۇ غول زەڭگىگە
كار قىلمىدى . مەيدانغا كىرىپ مەرد چاقىردى . ھەممە خەلق كۆردىكى ، ئۇنىڭ بەستى
تاغدەك ، ئېغىزى غاردەك ، چىشى گويا سەندەلدەك ، بۇرنى ھاممامنىڭ مورىسىدەك ، قولى
چىنار شېخىدەك ، بەھەيۋەت ، چوپۇرلۇق بىرنەرسە بولۇپ ، ھەيۋىسىدىن زېمىنۇ - زامان
لەرزىگە كېلەتتى . خوجا ئۆمرى بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى . پالاقمانغا ئىككى ئۈچ پاتمان
تاش قويۇپ ، نەچچە قېتىم كۆكسىگە ئۇردى . ئەسلا كار قىلمىدى . خوجا ئۆمرى چىقىپ ،
ھەزرىتى ئەمىرگە ئېيتتى :
— بۇ ئىش نەگە باراركىن ، ئىشىمىز تەس ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ كۆكسىگە شۇنداق
ئۇردۇمكى ، ئەگەر تاغقا ئۇرغان بولسام تالقان بولاتتى . لېكىن ، ئۇ غەم يېمىدى . مېنى
مەسخىرە قىلدى ، — دېدى . ئاڭغىچە ، غول ۋارقىراپ ، مەيداندا جەۋلانبازلىق قىلىشقا
باشلىدى .

بۇ غولنىڭ باشى ئەردى مىسلى نەھەڭ ،
كى ناخۇنلارى ئەردى گۇيا فەلەڭ .
ئاغىز ھەمچۇ غارۇ ۋە يا ھۇققە باز ،
ئىتتىكلىكتە دەندان بەسانى گۇراز .

ئۇنىڭ مەيدانىغا ھېچكىشى كىرىشكە پېتىنالمىدى . ھەزرىتى ئەمىر ھەمزە ساھىبقىران
ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ بىرنەچچە نەيزە ئۇرغان بولسىمۇ كار قىلمىدى . ھەزرىتى ئەمىر ئاخىر
سالما تاشلاپ بوينىدىن باغلاپ ، ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى . غول زەڭگىلەر ھەيران
بولۇشۇپ : «ئىلگىرىكى زامانلاردا زور پەھلىۋانلارنى رۇستەمى داستان ، سام ، نەرىمانغا
ئوخشىتاتتى . ھازىرقى ۋاقىتتا زەربەدەست پەھلىۋانلارنى كۆرسە ، يا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامـ-
نىڭ بەندىدىن قاچقان دىۋە ئەفرىد ياكى جاڭگىلى مازاندىراندىن چىققان غولى ھەرىبنىگە
ئوخشىتىدۇ . جاڭگىلى مازاندىراندىن چىققان غول ھەرىبىن دېگەن شۇ ئىدى ، دىۋە ئەفرەيت
كوھىقاپتا ئىدى . ئۇ پەھلىۋان غولى ھەرىبىننى قانداق باغلىۋالدى؟» دېيىشتى . كېچىسى
تۈن يېرىمىدا غول ھوشىغا كەلدى . ئۆزىنى باغلاقتا كۆرۈپ . زەنجىرلەرنى پارە - پارە
قىلىپ ، ئۆزىنىڭ لەشكىرى تەرەپكە قېچىپ كەلدى . بۇنىڭغا ھېچكىم قارشىلىنىشقا پېتىنالـ-
مىدى . ھەزرىتى ئەمىر مەس ئىدى . بۇ كېچە قېچىپ ئىككى تەرەپ ئۆز لەشكىرىدە ئارام
ئېلىشتى . ھىندىستان ئۇلۇغلىرىمۇ ئىتائەت قىلىپ ئەمىرگە باش قويدى . ھىندىستان كۆڭۈلـ-
دىكىدەك قولغا كىردى . ھەزرىتى ئەمىر كۆڭلىنى خۇپ سەرانجام قىلىپ ، سەردارلىرى بىلەن
مەي ئىچكىلى مەشغۇل بولۇشتى ، ساقىلار جاملىرىنى توشقۇزدى . خۇشئاۋاز غەزەلخانلار .
تارلىرىنى قول ئۇچىدا چېكىپ ساداغا كەلتۈرۈپ ناخشا باشلىدى . پەرى چىراي كېنىزەكلەر
مەس تورلاردەك ئۇسۇل ئوينىغاچ سەدەپ پىيالىلەردە مەي تۇتاتتى .

ئويۇندىن نەچچە كۈن بولۇپ كۆڭلى خۇش ،

كىرىپ مەردەكۇ ھەم قارىلارغە جۇش .
كۇتەرمەي قەدەھتىن بۇلار باشنى ،
ھەممە ماھى تەلئەت بولار مىھرى نۇش .
كۇڭۇلنى مۇھەببەت مەيى ئەتتى خۇش ،
ھەمە تەبئى خۇش تۇتتى بۇ سۇزگە گۇش .

دىگەندەك مەجلىس قىلدىكى ، بۇنى كۇرگەنلەر رەشىك قىلاتتى ، ئەمما ، ھەزرىتى ئەمىر كىچە-كۇندۇز مىھرىنىگارنىڭ يادىدا مەي ئىچەر ئىدى . ئۇنى بىردەممۇ ئىسىدىن چىقارمايتتى .

## پەسلى داستان ، ھەزرىتى ئەمىرنىڭ زەھەر ئىچكەنلىكى

گۇستەھەمنىڭ قەستى ھەزرىتى ئەمىرگە زەھەر بىرىش ئىدى . مەدايىندىن كېلىشىدە مەلىكە مىھرىنىگارنىڭ كېنىزىكىدىن ئىككىنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كەلگەنىدى .

بىرى ئىسمى زۇھرە ، بىرى مۇشتەرى ،
بىرى ئىلكىدە ئالەتى كۇشتەرى .
بۇڭا ئۇرگەتىپ ئەردى مەكرى فەرىپ ،
كىشى كۇرسە فۇرقەتتە كۇڭلى ئىرىپ .
بۇلار سۇرەتى ئەردى گۇلچىھرەئى ،
كى خۇرشىد يۇزىدىن ئالىپ بەھرەئى .
بىرى سۇرىتىدۇركى بەدرى ھىلال ،
ئىكى گىسۇيىدۇركى زۇھدى بىلال .

ئەلقىسسە ، گۇستەھەم ھەزرىتى ئەمىرنى ئۇچ كۇن مىھمان قىلدى . ئۇچ كۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئەمىر ئاتلىنىپ كەتتى . گۇستەھەم ھەزرىتى ئەمىرنىڭ جىلاۋۇلىرىدا پىيادە ھالدا بارىڭاھقىچە بىللە كىردى . تاڭلىسى ھەزرىتى ئەمىر شىكارغا ئاتلاندى . گۇستەھەممۇ بىللە ھەمراھ ئىدى . شىكارگاھقا يەتتى ، شىكار قىلىپ يۇرەر ئىدى ، بىر كېيىك پەيدا بولدى . رەڭگى گۇيا كاپۇردەك ئاق ، مۇڭگۇزلىرى ۋە تۇياقلىرىنى ئالتۇندا قاپلىغان ، مۇڭگۇزلىرىگە پۇپۇك بىكىتىپ ، قوڭغۇراق ئاسقانىدى . بۇنداق خۇش سۇرەت كېيىكنى ھىچكىم كۇرمىگەنىدى . ھەزرىتى ئەمىر : «بۇ كېيىكنى بىر نىمە قىلىپ تىرىك تۇتاي» دەپ ئويلىدى . ئۇمەر مەئدەكەرىپ :

— ئەي ئەمىر ، بۇ جادۇگەرلەرنىڭ كېيىكىدۇر . بولمىسا ، كېيىككە بۇنداق لەئلى-جاۋاھىراتلارنى بېكىتمەس ئىدى ، — دېدى ، خوجا ئۇمرى :

— نىمە بولسا بولسۇن ، مەن تۇتۇپ ، ئۇنىڭ جاۋاھىراتلىرىنى ئالاي ، — دېدى .

ئەلقىسسە ، نەچچىلىگەن كاماندازلار كېيىكنى ئارىغا ئېلىپ كاماندا ئېتىشقا تەييار بولدى . ئەمما ، بۇ كېيىك دەل خوجا ئۇمرى بىلەن ھەزرىتى ئەمىرنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىپ كەتتى . كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن خوجا ئۇمرى قوغلاپ كەتتى . كېيىك بىرىپ ، بىر ئىگىز تاغقا يەتتى . تاغدىن ئېشىپ بىر غارغا كىرىپ كەتتى . خوجا ئۇمرى يېتىپ كېلىپ، ئارقىسىدىن ئۇمۇ غارغا كىردى . ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ھەيۋەتلىك قورغان بولۇپ ، قورغاندا ، بىر ھەشەمەتلىك راۋاق بار ئىدى .

خوجا ئۆمرى كۆڭلىدە : «بۇ دۇنيانىڭ ماكانىكەن ، بۇ يەردە بىر تاماشا قىلاي» دەپ ئويلىدى ، قارىسا ، ئۇنىڭ توققۇز دەرۋازىسى بار ئىكەن : بىرىنچى دەرۋازىسى ئالتۇندىن ، ئىككىنچى دەرۋازىسى كۈمۈشتىن ، ھەر بىر دەرۋازىسى باشقا - باشقا رەڭدە ئىكەن . خوجا ئۆمرى تۆتىنچى دەرۋازىدىن كىرىپ ، بىر كۆلنى كۆردى . يېنىدا بىر شاھ سۇپا بار ئىدى . سۇپىنىڭ ئۈستىگە يولۋاس تېرىسى سېلىنغانىدى .

ئەلقىسسە ، ئۇ يەردە ئىككى پەرىنى كۆرۈپ گەپ سورىدى . ھېچقايسى جاۋاب بەرمىدى . بۇ يەردىن ئۆتۈپ ، بەشىنچى ئىشىككە باردى . بۇ يەردە بىر پەرى بار ئىدى . گەپ سورىغانىدى ئۇمۇ جاۋاب بەرمىدى . ئۇ يەردىن ئالتىنچى ئىشىككە كەلدى . بۇ يەردە ئىككى دىۋىنى كۆردى . ئۇلارمۇ گەپكە جاۋاب بەرمىدى . يەتتىنچى ئىشىككە يەتكەندە ئىككى ئاي يۈزلۈك چىقىپ توردى . خوجا ئۆمرى ئۇلاردىن گەپ سورىۋىدى . بۇ ئىككى پەرى :

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ ؟ ھازىرغىچە ئادەمىزاد كەلمىگەنىدى . — دېدى . خوجا ئۆمرى :

— بىر كىيىك قېچىپ كەلدى . ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدىم ، — دېدى .

— كىرگىن ، كىيىك كىرىپ كەتتى ، — دەپ كۈلۈشتى پەرىلەر .

خوجا ئۆمرى كىردى ، بۇ يەردىكى بىر تەخت ئۈستىدە بىر پەرىنى كۆردى . بۇ ، مەلىكە ئاسىما پەرى ئىدى . ئۇ :

— ئەي ئەيىار ، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلەرگە سۇرمەئى سۇلايمانىنى چەككەن ، شۇڭا بىزنى كۆرەلەيسىلەر ، ئەمىرمۇ بۇ يەرگە كىرسۇن ، سۆھبەت قىلايلى ، بۇ كىيىك پەرىدۇر ، بولمىسا بېرەتتىم ، — دېدى ۋە بىر جاۋاھىر سۇپەر بەردى . يېنىپ چىقىپ ، ھەزرىتى ئەمىرگە ۋەقەنى بايان قىلدى . ئەمىر :

— ماڭا مېھرىنىگاردىن باشقا كىشىنىڭ لازىمى يوق ، — دەپ بەدەر كەتتى . مەلىكە ئاسىما كۆپ ئىزا تارتقانىدى . مەلىكە ئاسىمانىڭ كېيىن ئەمىرنى كوھقاپتىن چىقارماسلىقىغا شۇ ئىزا سەۋەب بولدى . ئەمىر بارگاھقا كەتتى .

ئەلقىسسە ، ئەمىر بارگاھتا مېھرىنىگارنى يادئېتىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى ، مۇقبىل جىلۋەخانا تەرەپتىن قاھقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى . ئۇ بارغانىدى ، ئىككى ئاتلىقنى كۆردى ۋە دەرھال كامانغا ئوق باستى .

— بۇ چاغدا نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن ؟ — دەپ توۋلىدى مۇقبىل ، — كېچىدە بارگاھقا قەست قىلماقچىمۇ ؟ توختا ! بولمىسا ئاتىمەن !

ئۇلار مۇقبىلنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ دېدى :

— ئەي پادىشاھ ، مۇقبىل ئوقنى دۈشمەنگە ئاتىدۇ ، بىز دۈشمەن ئەمەس ، دوستدۇرمىز .

مۇقبىل قىزلارنى ئۈنىدىن تونۇدى . ئۇلار زۆھرە بىلەن مۇشتەرى ئىدى . ئۇلار ئاتتىن چۈشتى . مۇقبىل بىلەن كۆرۈشۈپ :

— ئەي شاھى مۇقبىل ، بىز مەلىكىنىڭ قېشىدىن كەلدۇق ، ئەمىرگە مۇلازىملىق قىلماقچىمىز ، — دېدى .

مۇقبىل كىرىپ ، ئەمىرگە خەۋەر قىلدى . ئەمىر بىلەن مۇقبىل ئىككىسى يىغلىشىپ زۆھرە ۋە مۇشتەرىلەر بىلەن كۆرۈشتى . ئەمىر ھەر ئىككىلىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كىردى . ئولتۇرۇپ مەلىكىنىڭ ھالىنى سورىدى . زۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ ، مەلىكىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى . ئەمىر چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلدى . ئاندىن زۆھرە ئەمىرگە بىر خەتنى

بەردى . ئەمىر قولىغا خەتنى ئېلىپ ، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ، لىپاپىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى . ئۇنىڭدا مۇنداق پۈتۈلگەنىدى :

«بۇ نامە مەن ھىجىراندا قالغان مېھرىنىگاردىن ئاشۇ يېقىملىق سەرۋىگە ، شۇ خۇشپۇراق غۇنچىگە ۋە بوستاننىڭ چىرايلىق گۈلىگە ، ئاشۇ دوستى جاھانىم ۋە مۇرادى جانىمىگە ، يەنى ئېتى تاتلىق ، ئۇلۇغ زادلىق ، ئەبۇلئالىغا ، ۋىسالىڭدىن يىراق بولۇپ ، يۈزلىرىڭنى كۆرمەك-تىن ئۇزاقتا قېلىپ ، سەندىن جۇدا بولغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن گېلىمدىن تائام ۋەشاراپ ئۆتمىدى . كەرەملىك تەڭرىدىن ئۈمىدىم شۇكى ، ياخشى ۋاقىتلاردا ۋە ئوبدان سائەتلەردە دىيدار كۆرۈشمەككە نېسىپ ئەتكەي :

ساڭا ئەي يارى مەھبۇبۇم ، ئۇشۇل كۈن ئاشنا بولدۇم ،
بولۇپ بىگانە ئالەمدىن بارى ئەلدىن جۇدا بولدۇم .
يولۇڭدا بولمىشەم قۇربان ، پىدا ئەيلەي ساڭا يۈز جان ،
بولۇپ مەجنۇن كەبى ھەيران ، بۇ يەڭلىغ مۇبتەلا بولدۇم .
مېنىڭكى سەنسە دىلخاھىم ، ساڭا يەتمەس مېنىڭ ئاھىم ،
قىيا ھەم باقمىدىڭ يارىم ، ئەجەب بەختى قارا بولدۇم ،
قەدىڭ بىر دەستەئى گۈلدەك ، ساچىڭ گۈياكى سۈنبۈلدەك ،
كى مەن ئىشقىڭدا بۇلبۇلدەك ، ئەجايىب بىنەۋا بولدۇم .»

ئەمىر بۇ بېيتلارنى ئوقۇپ يىغلار ئىدى . ئاندىن مۇشتەرى بىر ياغلىقنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا قويدى . ئەمىر قولىغا ئېلىپ ، مېھرىنىگارنىڭ تىككەن ياغلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇدى . ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكى تۈگۈكلۈك ئىدى ، ئاچتى . بىر بۇرجىكىدە سېرىق قەغەزگە :

«ئاشۇ يارىم ۋىسالىغا كىشى يەتكەيمۇ ،
ھىجران غەمى ھەم دەردى ئارادىن كەتكەيمۇ ؟
ياخشىلىق بىلەن تەڭرى يېقىن پۇرسەتتە ،
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى نېسىپ ئەتكەيمۇ ؟»

دەپ يېزىلغانىدى . يەنە بىر بۇرجىكىنى يەشكەنىدى يەنە بىر سېرىق قەغەزگە :

«تۇرۇپمەن تەلمۈرۈپ ھەسرەت بىلە يول ئۇزرە يار ئۆتكەچ ،
خەزان يافراغىدەككىم سارغارىپ فەسلى بەھار ئۆتكەچ .
يىراق ئۆتى كېلىپ يۈز كۆرسەتىپ ئەتتى كۆزۈم روشەن ،
ياقامنى سۈبھىدەك چاك ئەيلەدىم ۋەقتى قەرار ئۆتكەچ ،
قاراق ئېرمەس قاتىپ بولدى قاراغلار ، كۆزلەرىم قات - قات ،
كېلۇر دەپ تەلمۈرۈپ يولۇڭغا سەندىن ئىنتىزار ئۆتكەچ .»

دەپ يېزىلغانىدى . يەنە بىر بۇرجىكىدە :

«نە كۈن بولغاي كېلۇر كۆرگەيمەن ئول ئارامى جانىمنى ،

پىدا ئەيلەي ئانى كۆرگەن زەمان جانۇ جەھانىمنى :
نە ئاندىن ياخشىراق بولغاي مەنى بىدىلغە ھەر سائەت ،
لەتافەت باغىدا كۆرسەم سەلامەت دىلىستانىمنى .
مەنى مەجنۇنگە بىلگىلكى ھەمىشە ئارزۇ ئۆلكىم ،
سەئادەت تەختىدە كۆرسەم شۇ يارۇ مېھرىبانىمنى .
قويۇپ باشىمنى يەرگە تەڭرىگە يۈز قاتلا شۈكر ئەتتىم ،
ئەگەر كۆرسەم يەنە بىر قاتلا شوخى نۇكتەدانىمنى .»

دەپ يېزىلغانىدى . يەنە بىر بۇرجىكىدە :

«دەرىغا ، ئايرىلىپ مەن ئۆل مەھى نا مېھرىبانىمدىن ،
مەگەر ئايرىلسام ئەردى كاشكى بۇ تەندە جانىمدىن .
كى سەندىن ئايرىلىپمەن ھەر زەمان ھەر لەھزە يىغلارمەن ،
بۇ ئالەم غەرقى بولغاندۇر مېنىڭ زارۇ فىغانىمدىن .
باشىمدىن تا ئاياغىمغا تۇتاشىپدۇر فىراق ئوتى ،
چىقار ھەر سارىغە جانا ، تۇتۇن ھەر ئۇستىخانىمدىن .
ئەجەبكى ئاھۇ ئەفغانىم ساڭا تەئسىرى قىلمايدۇر ،
بۇلۇتلار يىغلاشۇر كۆكتە مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمدىن :
ئۈمىدلەر بار ئىدى سەن ياردىن بىر نامە كەلگەي دەپ ،
دەرىغا ، كەلمەدى ھېچ نامە سەن سەرۋى رەۋانىمدىن .»

دېگەن بېيتلەر بار ئىدى . ئەمىر يىغلاپ ، ياغلىقلارنى كۆزىگە سۈرتەتتى . بىر ئازدىن كېيىن ، ئەمىر سىرتقا چىقتى . مۇشتەرى زۇھرەگە : «ئىشىكىڭغا مۇقىيت بول» دېدى . زۇھرە بىر يېرىم مىسقال زەھەرنى جامغا سالدى .

بۇ ئىككى بەدبەختنىڭ كەلمىكىدىكى سەۋەب ، مەلىكە بۇلارنى بەدەخشانغا لەئلىگە ئەۋەتكەنىدى . بۇنى بەختەك ئۇقۇپ ، ئۇلارنى چاقىرىپ :

«مەن بىلىمەن ، سىلەر ئاچا - سىڭىل ئىككىڭلار قۇباد بىلەن ئەردەشىرغا ئاشىق . گۇستەھەمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ، ھىندىستانغا بېرىڭلار . ئەگەردە ئەبۇلمالى لەندىھۇرغا جاۋاب ئېيتالىسا ، سىلەر كېچىدە بېرىپ ، ئەبۇلمالىگە بۇ نامە بىلەن ياغلىقنى بېرىڭلار ، ۋاقىت تاپساڭلار بۇ زەھەرنى ئىچكۈزۈپ يېنىپ كېلىڭلار ، سىلەرنى قۇباد بىلەن ئەردەشىرگە نىكاھ قىلىپ قوياي» دەپ ئەۋەتكەنىدى . بۇ ئىككى بەدبەخت شۇڭا كەلگەنىدى .

ئەمىر بارگاھقا يېنىپ كىردى . زۆھرە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ :

— مەلىكەم : «سىلەر ئۆز قولۇڭلار بىلەن مەلىكە مېھرىنىگارنىڭ جامى ، دەپ ئەبۇلمالىغا بىر جام شاراب بېرىڭلار» دېگەنىدى . دەپ ، ئەمىرگە بىر جام شارابنى تۇتتى . ئەمىر جامنى ئېلىپ ، مەلىكىنىڭ ئىشقىدا لەۋلىرىگە قويۇپ دەم تارتتى . زۇھرە جامنى تازىم بىلەن ئالدى . ئەمىر ئولتۇراتتى ، كۆڭلى ئاينىدى . شۇ زامان قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ ، رەڭگى ئۆڭدى ۋە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى . ھېلىقى بەدبەختلەر چىراغ - مەشئەللەرنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ ، ئاتلىرىغا مىنىپ يولىغا راۋان بولۇشتى . كۈتۈلمىگەندە ، بارگاھ ئىشىكىدىن مۇقبىل كىرىپ كەلدى . چىراغ - مەشئەللەرنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، دەرھال

يان ئۆيدىن چىراغ ئېلىپ كىردى . ئەمىرنىڭ ھالىنى بىلدى . خوجا ئۇمرى ئاڭلاپ :

— بۇ يەرگە كىم كەلگەنىدى؟ — دەپ سورىدى .

— زۇھرە بىلەن مۇشتەرى كەلگەن ، — دېدى خوجا مۇقبىل .

خوجا ئۇمرى مۇقبىلغا «غەۋغا قىلما» دەپ قويۇپ ، زۇھرە بىلەن مۇشتەرىنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى . ھەر ئىككىلىسىنى تۇتۇپ ، بېشىنى كېسىپ ، تاغ دەرۋازا ئۈستىدىكى راۋاقتا ئاستى . ئۇمىرالار توپلىشىپ يىغلاشتى . خوجا ئۇمرى ئۇلارغا :

— يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق ، دۈشمەنلەر يېقىندا ، ئۇلار ئاڭلىمىسۇن . لەندىھۇرنىڭ ھالىمۇ تېخى مەلۇم ئەمەس . سەبرى قىلىڭلار ، يىغلاشماڭلار ، — دېدى ۋە سىرتقا چىقتى .

شۇ ئەسنادا ، سەراندىپ تەرەپتىن مەشئەللەر پەيدا بولدى . بىر توپ خەلق كېلىۋاتاتتى . «ئەي خوجا ئۇمرى ، مېنىڭ قېشىمغا كىلىڭ ، مەن ھەزرىتى ئىبراھىم پەيغەمبەرنى چۈشۈمدە كۆردۈم . شەيتان پەيغەمبەر سۈرىتىدە بولالماس» دەپ يىغلىغان بىر ئاۋاز كېلەتتى . خوجا ئۇمرى باردى . بىر يىگىتنى كۆردى . ئۇ بۇزرۇكزادىدەك قىلاتتى . يىگىت خوجا ئۇمرىنى كۆرۈپ ، ئاتتىن چۈشۈپ سالام قىلدى ۋە :

— بابا بىر چۈش كۆردۈم ، — دېدى ئۇ ، — ئىبراھىم پەيغەمبەر ماڭا : «مېنىڭ پەرزەنتىمگە دۈشمەنلەر زەھرى ھىلاھىل بەردى . سەن بېرىپ ، ئۇنى قەلئەگە ئېلىپ كەلگىن . خۇدايى تائالا ماڭا بىھىش بەرسە ، سېنى كۆرمىگىچە ئۆزۈم قەدەم قويمايمەن ، دېدى . مەن مۇسۇلمان بولۇپ كەلدىم . ئەمىرنى شەھەرگە ئەكىرىمەن ، — دېدى . خوجا ئۇمرى ئىشەنمەدى . ئاخىرى ئۇ ، يىغلاپ تۇرۇپ «راست شۇنداق» دېدى . بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى چىنپورشاھ ئىدى . ئۇ ئەمىر قېشىغا كىرىپ ، ئۇنى يامان ھالەتتە كۆردى . كۆپ يىغلاپ ، ئەمىرنى لەشكەرلىرى بىلەن قەلئەگە ئېلىپ كىردى . خوجا ئۇمرى لەندىھۇرنىڭ قېشىغا كەلدى . لەندىھۇر ئەمىرگە سوۋغا - سالام تەييارلاپ يۈرەتتى . خوجا ئۇمرى :

— ئەي لەندىھۇر ، ئەمىر مەلىكىنى توسۇپ ئىلغار ئەۋەتىدىكەن . سىزنى «قولىنى باغلاقتا بەرسۇن» دەيدۇ ، — دېدى . لەندىھۇر قوبۇل قىلدى . خوجا ئۇمرى لەندىھۇرنىڭ قولىنى باغلىدى . ئاندىن ، قارۇن لەنگوتىغا : «سەن لەشكەرلەرنى لەنگوت جەزىرىسىگە ئېلىپ بار» دەپ بۇيرۇدى . لەندىھۇرنى ھۇشسىزلاندۇرۇپ ، تاۋۇتقا ياتقۇزۇپ باغلىدى ، شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ تاقىدى .

ئەتىسى ، گۇستەھەمگە «قىزلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دەپ خەۋەر يەتتى . ئۇلار ئاتلىنىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى . شەھاد شاھ بۇرۇن كېلىپ :

— ئەي چىنپورشاھ ، ئەبۇلئالى ئۆلۈپتۇ . پادىشاھ قىزىنى ساڭا بەرمەكچى ، دەرۋازىنى ئاچ ، بىز كىرەيلى ، خۇدا پەرەستلەرنى ئۆلتۈرەيلى ، — دېدى .

چىنپورشاھ ئوقيانى قولىغا ئېلىپ : «بۇ ئوق بىلەن ئاتىمەن ، ئۆلتۈرسەم ، ئەمىر زەھەردىن ساقىيىدۇ» دېگەن نىيەت بىلەن ئاتتى . ئوق ئۇنىڭ ئېغىزىغا تەگدى ، شەھاد ئۆلدى . گۇستەھەم ئۇنى كۆرۈپ جەڭگە ئات سالدى ، خەندەكتىن ئۆتتى . خوجا ئۇمرى چۈشۈپ ، گۇستەھەمنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ، خەندەككە يىقىتتى ، لەشكىرى قاچتى . گۇستەھەم جىمىي ھىيلە نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ خەندەكتىن چىقىپ قاچتى . لەشكەرلەر يېنىپ ئەمىر قېشىغا كىرىشتى .

# ئەلقىسسە، خوجا ئۆمەرنىڭ ئىقلىمۇي ھېكىمنى ئالداپ ئېلىپ كەلگەنلىكى

بۇ شەھەردە تۆت يۈز ھۆكىما بار ئىدى. ھەممىسىنى ئەمىرنىڭ قېشىغا يىغدى. ھۆكىمالار ئەمىرنىڭ ھالىنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلىگەندىن كېيىن:

— بۇ يىگىتكە زەھرى ھەلاھىل بېرىپتۇ. بىز زەھرى ھەلاھىلنىڭ داۋاسىنى بىلمەيمىز، — دېدى. چىنىپۇرشاھ دېدى:

— ھەر قايسىڭلار بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلساڭلار، سىلەرگە ئاتامنىڭ خەزىنىسىنى بېرەي، پادىشاھلىقىمۇ شېرىك قىلاي. ئەگەر، بۇ يىگىت ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسا، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى بالا - چاقاڭلار بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرىمەن.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۇلار، — بۇ ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

— كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ — سورىدى چىنىپۇرشاھ.

— بىر سەھرا بار، — دېدى بىر ھېكىم، — ئۇنى سەھرايى خۇررەم دەيمىز. ئۇ يەردە خوجا ئىقلىمۇي دەپ بىر ھېكىم بار. ئەگەر، ئۇ تىرىك بولسا، ئىلاجىنى شۇ قىلۇر.

— ئۇ سەھرا نەچچە كۈنلۈك؟

— ئۈچ ئايلىق، بېرىپ - كېلىشى يەتتە ئايغا بارىدۇ، — دېيىشتى ھېكىملەر.

— بۇ يىگىتنى يەتتە ئايغىچە سىلەر ساقلاڭلار، ساقلىيالمىساڭلار، مەندىن ئاغرىنماڭلار، — دېدى چىنىپۇرشاھ.

— بىز ئۈچ كۈندىن زىيادە ساقلىيالمايمىز، — دېيىشتى ئۇلار. چىنىپۇرشاھ قوپۇپ، ياقىسىنى پارە - پارە قىلدى، خوجا سەئدىن شاھنىڭ كۆكسىگە تېپىپ:

— ھەي خوتۇن تالاق! سەن بۇ يىگىتنى ئۆلىدۇ دەيسەن، ئەگەر بۇ يىگىت ئۆلىدىغان بولسا، قېلىچىنى سۇغۇرۇپ، ھۆكىما ئاتلىقلارنى سەراندىپتا تىرىك قويمايمەن، — دېدى.

ئاخىر، ئون بەش كۈنگە قارار تاپتى. «ئۇ يەرگە ئات - تۆگە، پىل بارالمايدۇ. ئەييار بولسا بۆيرىغايلا» دېيىشتى ھۆكىمالار. لەندھۇرنىڭ ئەييارى داراب گۈلبەرگى شۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن خەزىنە ۋەدە قىلىپ، ئىقلىمۇي ھېكىمنى ئون بەش كۈندە ئېلىپ كېلىشكە قوبۇل قىلدۇردى. خوجا ئۆمەرى: «بۇنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى. داراب گۈلبەرگى:

— ماڭا ئۆزۈمدەك بىر ئەييار ھەمرا بولسۇن، — دېدى. خوجا ئۆمەرى ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا ماقۇل بولدى. ئەمما، داراب بۇنى «كىچىك بالا» دەپ كۆزگە ئىلمىدى.

— سەن ھېرىپ، يولدا قالىسەن، — دېدى ئۇ. خوجا ئۆمەرى بولسا:

— ئەي، پالۋان مەن قەيەردە ھېرىپ قالسام سىز شۇ يەردە ماڭا قارىماي كېتىۋېرىڭ، — دېدى.

ئاخىر ئىككىلا ئەييار يولغا چىقتى. شەھەردىن چىقىپ، ئاش ۋاقتى بىلەن بىر يەرگە كەلدى. بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدىن بۇلاق ئېقىپ تۇراتتى. داراب:

— بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، بىر سائەت ئارام ئالايلى، تاماق يەۋالايلى، — دېدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ تائام يېيىشتى. خوجا ئۆمەرى داراب گۈلبەرگنى بىھوش قىلىپ قويدى. ئۇنى بىر پارچە كىلەمگە يۆگەپ، دەرەخ ئۈستىدىكى بىر قۇشنىڭ ئۇۋىسىغا ئېلىپ چىقىپ قويدى. ئۇ، يولنىڭ نىشانلىرىنى سورىۋالغانىدى. دەرەختىن چۈشۈپ، خۇدايى تائالاغا مۇناجات قىلدى. پېشىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، ھىممەت قەدىمىنى باستى. خوجا ئۆمەرى ھەر قاچان

ھەممەت قەدىمنى ئالسا ، باشمالتاق پۇتى قۇلىقىغا يېتەتتى . شۇ كۈنى ۋە كېچىسى ماڭدى ، ئەتىسى بىر دەريانىڭ بويىغا يەتتى . كېمىچىلەر ئۈزاپ كەتكەنىكەن . خوجا ئۆمرى قىچقىردى . كېمىنى ئېلىپ كەلمىدى . خوجا ئۆمرى ئاتمىش قەدەم يەردىن موللاق ئېتىپ ، ئۆزىنى كېمىگە ئالدى . خەلق خوجا ئۆمرىنىڭ سۈرئىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى . ئۇ يەنە كېمىدىن موللاق ئېتىپ ، ئۆزىنى بىر ئارالغا ئالدى .

ئىقلىمۇي ھېكىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، ئىشىكنى قاقتى . ئىشىكنى بىر قول چىقىپ ئېچىپ ، كىرىشكە ئىجازەت بەردى . ئۇ ئۆيگە كىرىپ نەزەر سالغانىدى ، قامىتى دۇنيا مېھنىتىدىن ئېگىلگەن ، چاچ ـ ساقاللىرى گويا كافۇردەك ، ئاق قاشلىرى كۆزىنى بېسىۋالغان ، ئەتراپىدا ھېكمەت كىتابلىرىنى ئېچىپ قويغان ، ئالدىدا ھۆكمالىق ئەسبابلىرىنى قويغان كىشىنى كۆردى ، سالام قىلدى . ھېكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— نېمە كىشىسەن ؟ نەدىن كەلدىڭ ، ھاجىتىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن مۇساپىر ، —دېدى خوجا ئۆمرى ، — سەرانديپتىن كەلدىم . ھاجىتىم بۇمەكتۇپتا يېزىلغان .

— سەرانديپتىن قاچان چىقشۇدىڭ ؟

— تۈنۈگۈن .

ھۆكما باشتا ئىشەنمىدى . كېيىن : «خۇدايىتائالانىڭ بۇنداق قۇدرەتلىرى تولىمۇ ؟» دەپ ئويلاپ ، خەتنى ئوقۇشقا كىرىشتى . ئۇنىڭغا : «مەنكى چىنپۇرشاھدۇرمەن . سەرانديپنىڭ شاھزادىسىدۇرمەن ، سىزگە سۆز شۇكى ، ئەي ھېكىمى دانا ، ئاگاھ بولۇپ بىلىڭكى ، مەككە مۇئەززىمەنىڭ بۇزرۇكزادىلىرىدىن بىر بۇزرۇكزادە بىر مۇھىم ئىش ئۈچۈن سەرانديپقا كەلگەنىكەن ، دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا زەھرى ھەلاھىل بېرىپتۇ . بۇ يەردىكى ھۆكمالار ئىلاجىنى قىلالمىدى . سىز ھەرقانداق ئىشلارغا ئىلاج قىلالايدىكەنسىز . ئەگەر ، ئىنايەت قىلىپ ، كەلسىڭىز ، بۇ غېرىپ يىگىتنى مۇشەققەتتىن خالاس قىلسىڭىز ، دۇنيالىقتا لازىملىق قانداق نېمە بولسا بېرىمەن . ئاخىرەتتە بىرىشنى خۇدايى تائالا بىلۇر» دەپ يېزىلغانىدى . ھېكىم خەتنى يەرگە تاشلىدى :

— ئەي ئەييار ، ئۇ ماڭا دۇنيالىقنى ۋەدە قىپتۇ . ئۇنى مەن نېمە قىلىمەن ؟ لوقمان ھېكىممۇ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆردى ، ئولتۇرغىلى ئۆي ئەتمىدى . دۇنيا مال ـ مۈلكىگە قاراپمۇ قويمىدى . لوقمانغا ئەجەل يەتكەندە ئەزرائىل بېشىدا تازىم بىلەن ئولتۇرۇپ ، كۆردىكى ، لوقماننىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى ئاپتاپتا ، يېرىمى ئۆڭكۈردە ئىدى . ئەزرائىل دېدىكى : «ئەي ، لوقمان ، ئادەم پەرزەنتىدە سەندىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشى يوقتۇر . ئۆزۈڭگە بىر سايە تەييار قىلمىدىڭ . پۇتۇڭنى ئۇزۇنراق سۇنۇپ ياتمىدىڭ» . لوقمان يىغلاپ : «ئەي مۇقەررەب پەرىشتە . كىشىگە سەن قەست قىلىپ تۇرساڭ ، ئۇنىڭ دۇنيا ئىشىغا باغلىنىپ يۈرۈشى ئەقلسىزلىك ئەمەسمۇ ؟ دېگەنىكەن . ئەي ئەييار ، سەن كەت ، مەن بارمايمەن ، — دېدى .

خوجا ئۆمرى ئاۋۋال زارلىنىپ يېلىندى ، پايدىسى بولمىغاندىن كېيىن :

— ئەي ھېكىم ، كاجلىق قىلماڭ ، بارسىڭىزمۇ ئېلىپ بارىمەن ، بارمىسىڭىزمۇ ئېلىپ بارىمەن ، — دېدى . ھېكىم مۇبارەك ۋە شادى دېگەن شاگىرتلىرىغا :

— بۇ ئەييارنى ئاپىرىپ ، دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى . ئەمما ، خوجا ئۆمرى بۇ ئىككىسىگە دورا بېھۇش بېرىپ ، ئۇلارنى دەرياغا تاشلىۋەتتى . ئۆزى مۇبارەكنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كەلدى . ھېكىم پۇشايمان قىلغانىدى .

— ئەي مۇبارەك ، ماڭا بەرگەن ھېلىقى دورىنى، شىشىسى بىلەن ئېلىپ كەل ، —

دېدى . خوجا ئۆمەرى شېشىدىكى دورىنى بېھوش دورىسى قېتىپ ئېلىپ كەلدى . ھېكىم بىر ئىلىم يېدى – دە ، بېھوش بولدى . خوجا ئۆمەرى ھېكىمنى بىر پارچە گىلەمگە يۆگەپ ، ھېكىمنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق بولغان كىتاب ، ئەسۋاب سەرەمجانلىرىنىڭ ھەممىسىنى خالتىغا سالدى ، ئاندىن ھېكىمنىڭ تىلىدىن كېمىچىلەرگە قارىتىپ : «كەلگەن زامان ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار» دەپ خەت يازدى . خوجا ئۆمەرى شۇ كېچىسى يۈرۈپ ، دەريادىن ئۆتۈپ ، ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە يەتتى . خالتىنى قويۇپ ، دارابنى يەرگە چۈشۈرۈپ ، ھوشىغا كەلتۈردى . داراب كۆزىنى ئېچىپ ناماز پېشىن بولغىنىنى كۆردى :

— ئەي ، ئۆمەرى ، ئەمدى ماڭايلى ، — دېدى . خوجا ئۆمەرى :

— مەن يامان ھېرىپ كەتتىم . ئۆزىڭىز بېرىڭ ، مەن بارمايمەن ، — دېدى . داراب :

— ئەشۇ ھالىڭغا ماڭا ھەمراھ بولامسەن ؟ — دەپ ، ئۆزى راۋان بولدى . خوجا ئۆمەرى قەلئەنىڭ تۈۋىگە كەلدى . كەمەندىنىڭ ئۇچىنى خالتىغا باغلىدى . بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ ، خالتىنى تارتىپ ئالماقچى ئىدى . گۇستەھەم چادىرىدا ئىدى . خوجا ئۆمەرىنىڭ بىر نەرسىنى ئېلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، كامانغا ئوق باستى ھەم چىقىپ كېلىپ :

— ئەي ئەييار ، راستىڭنى ئېيتقىن ، نېمە ئەكەلدىڭ ؟ — دېدى .

— ھېچ نېمە ئەمەس ، — دېدى خوجا ئۆمەرى .

گۇستەھەم ئوقنى ئاتتى . ئوق خالتىغا تېگىپ چۆكۈپ كەتتى . خوجا ئۆمەرى : «ۋادەرىغ ! بۇ قېرى بىگۇناھ ئۆلدى بولغاي ،» دەپ ، سېپىل ئۈستىگە تارتىۋېلىپ ئېچىپ باقتى . قارىسا ھېكىمنىڭ دورا سوقىدىغان ھاۋانچىسى ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغانىكەن ، ئوق شۇنىڭغا تېگىپتۇ ، ھېكىمگە زەخمە يەتمەپتۇ . خوجا ئۆمەرى خۇدايى تائالاغا شۈكرى قىلدى . بارگاھقا كېلىپ ، ئىشىكتىن كىردى . ئۆمەرالار : «خوجا ئۆمەرى بارماي يېنىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ :

— نېمە ئىش قىلدىڭىز ؟ — دەپ سوراشتى .

— ئېلىپ كەلدىم ، — دېدى ئۇ . ھۆكىمالارمۇ ھېكىمنى كۆرۈپ تونىدى . ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشتى . ئىقلىمۇي ھېكىم كۆزىنى ئېچىپ :

— ھەي مۇبارەك ، ئەييارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— خوش ، دەرياغا تاشلىۋەتتىم ، — دېدى خوجا ئۆمەرى . ھېكىم كۆزىنى ئېچىپ باشقا بىر جامائەتنى ۋە خوجا ئۆمەرىنى كۆردى .

— سېنى مۇبارەك ئۆلتۈرمىگەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ قولنى مەن ئۆلتۈردۇم ، — دېدى خوجا ئۆمەرى .

ئىقلىمۇي ھېكىم ئۆيىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرۈپ :

— بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقا ئەكەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— سىزنى ئۇ ئەسۋابىم ئۆيدە قاپتۇ ، بۇ سايمىنىم ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ ، دەپ باھانە قىلامدىكىن ، دەپ قورقۇپ ئېلىپ كەلدىم ، — دېدى خوجا ئۆمەرى .

ھېكىم خوجا ئۆمەرىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى . ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىر قېشىغا كىردى . كۆردىكى ئەمىر گويا بېھىشت بېغىنىڭ يومران كۆچىتىدەك ئىدى . ھېكىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن :

— ئېغىر زەھەرلىنىپتۇ . ئەمما ، داۋالاش ۋاقتى ئۆتۈپتۇ ، خۇدانىڭ ھۆكمى نېمە ئىكىن ؟ يەنە تېخى شاھمۇھرە كېرەك بولىدۇ ، — دېدى .

— شاھمۇھرە دېگەن نېمە؟

— ئۇ ئاق تاشدۇر، — دېدى ھېكىم، — ئۇ تاش دۇنيادا ئۈچلا كىشىدە بار: بىرى نۇشىرىۋان پادشاھنىڭ غەزىنىسىدە، بىرى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ تىلسىماتىدا، يەنە بىرى كوھىقاپتا جەمشىدنىڭ تىلسىماتىدا، بۇ ئىككىسىنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، نۇشىرىۋاننىڭ خەزىنىسىدىكىنى ئېلىپ كەلسە بولىدۇ. بۇ يىگىتنى ئالتە كۈنگىچە ساقلايمەن. ئۇندىن ئارتۇق ساقلىيالمايمەن، — دېدى.

خوجا ئۆمرى چىقىپ راۋان بولدى. مۇقبىل ئۈچ قېتىم باھانە قىلىپ خوجا ئۆمرىنى ياندۇردى. خوجا ئۆمرى مۇقبىلنى تاياق بىلەن ئۇراتتى. مۇقبىل ساندى، تاياق سانى قىرىققا يەتكەندە ئۇ: «ئەمدى تۇرۇپ تۇرۇڭ، يولىڭىز قىسقاردى» دېدى. خوجا ئۆمرى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— ۋاقتىكى، دەريادا ئەمىر بىلەن خوجا بۇزەر جۇمھۇر كېمىدە بىللە ئولتۇراتتى. مەنمۇ بار ئىدىم. خوجا ئەمىرگە بىر ياغلىق بەردى. ئەمىر يۈزىنى ئېرتتى - دە، بىھۇش بولدى. خوجا جۇمھۇر ئەمىرنىڭ سول بېقىنىنى چاك قىلىپ. شاھمۇھرە تېشىنى سېلىپ قويۇپ، ماڭا: «سېنى قىرىق تاياق ئۇرمىغىچە كىشىگە ئېيتمىغىن» دېگەنىدى. كىرىڭ، ھېكىمگە ئەھۋالنى ئېيتىڭ، — دېدى خوجا مۇقبىل.

خوجا ئۆمرى كىرىپ، بۇ ئىشنى ئىقلىمۇي ھېكىمگە ئېيتتى. ئىقلىمۇي ھېكىم ئەمىرنىڭ سول بېقىنىنى ياردى. ئەمىرنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىدا پىيالە ئاغىزچىلىك چوڭلۇقتا بىر ئاق تاش تۇراتتى. ھېكىم دەرھال قوپۇپ، مەدايىن تەرەپكە قاراپ، خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرغا يەتتە قېتىم غايىبانە تازىم قىلدى. ئاندىن ئەمىرنى ھاممامغا ئېلىپ بېرىشنى، كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىدىن يەتتە كاسا، گۈلاپتىن يەتتە كاسا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بۇيرىغان نەرسىلەر ئېلىپ كېلىندى. ئەمىرنىڭ پۇتلىرىنى تىزىغىچە سېرىق ئىنەكنىڭ سۈتىگە كىرگۈزدى. بىر ئىنچىكە ئەۋرىشىم (يىپەك) يىپنى ئېلىپ كېلىپ شاھمۇھرەنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمىرنىڭ ھەلقۇمىدىن كىرگۈزدى، بىردەم قويۇپ تارتىۋالدى. شاھمۇھرە يەنە قارا بولۇپ چىقتى. بىر قاچا سۈتكە سالغانىدى. ئۇ سۈت قايىندى. شاھمۇھرە يەنە ئاقارغان ئىكەن، بىر كاسە گۈلاپ بىلەن يۇيۇپ، يەنە ئەمىرنىڭ ھەلقۇمىغا سالدى. شۇ تەرىقە يەتتە قېتىم داۋام قىلدى. ئاندىن سەككىزىنچى قېتىمدا شاھمۇھرە ئاق چىقتى. سۈتمۇ ئۆزگەرمىدى.

— ئەي خوجا ئۆمرى، بۇ يىگىت نەدىن چىقتى؟ — دەپ سورىدى ھېكىم.

— ھاممامدىن، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا ئۆمرى.

ھېكىم ئەمىرگە سۈت ۋە شەربەت ئىچۈردى. ئەمىر كۆزىنى ئاچتى. چىرايىمۇ ئۆزگەردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئادەم توندى. سۆزگىمۇ كىردى...

بىر كۈنى خوجا ئۆمرى سېپىل ئۈستىدە تۇراتتى. گۈستەھەم چېپىپ كەلدى - دە:

— ئەي خوجا ئۆمرى، قاچانغىچە بۇ ئۆلۈكنى شەھەردە ساقلايسىز؟ — دېدى. خوجا ئۆمرى:

— ئەمىر تىرىك، ئەمدى سۆزلەشكە باشلىدى. — دېدى.

— تىرىك بولسا، — دېدى گۈستەھەم، — مەن بىلەن ئەبۇلئالىنىڭ ئارىسىدا بىر سىر بار، ئەگەر شۇ سىرنى سىزگە دەپ بەرسە، تىرىككەن دەپ بىلەي.

خوجا ئۆمرى ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— سىز بىلەن گۈستەھەمنىڭ ئاراڭلادا بىر سىر بار ئىكەن، سىزدىن سورايدۇ، —

دېدى . ئەمىر كۈلدى . ھېكىم مەنئى قىلىپ :

— سىز يەنە بىر يىلدا ھالىڭىزغا كېلىسىز . كۈلمەڭ ، — دېدى . ئەمىر سىرنى ئېيتىپ بەردى . خوجا ئۇمرى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ توۋلاپ دېدى :

— ھەي ، كاپىر ، ئەمىرنىڭ چەپ قولىنىڭ زەربىسىگە پايلىيالماي ئوسرىۋەتكەندىكەنسەن .

گۈستەھەم رەسۋا بولدى . چۈنكى ، ھەممە ئۇمىرالار بار ئىدى . ئاخىرى ئۇرۇشتى . خوجا ئۇمرى ئەمىرنىڭ قېشىغا كىردى . ئەمىر لەندىھۇرنىڭ ۋەقەسىنى سورىدى . خوجا ئۇمرى «باغلاقلىق» دېدى . ئەمىر :

— بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار ، — دېدى . خوجا ئۇمرى لەندىھۇرنىڭ قېشىغا كىردى . لەندىھۇر :

— ئەي خوجا ئۇمرى ، مېنى ئۆلتۈرۈش لازىم بولسا ، ئۆلتۈرۈڭ ، ئېلىپ بېرىش لازىم بولسا ، ئېلىپ بېرىڭ ، نېمە ئازاپلايسىز ؟ — دېدى . خوجا ئۇمرى ۋەقەنى بايان قىلدى . لەندىھۇر كىشەننى پارە - پارە قىلىپ :

— بۇ نىمە سۆرەن ؟ — دەپ سورىدى .

— گۈستەھەم بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ ، —دېدى خوجا ئۇمرى . لەندىھۇر بۇنى ئاڭلاپ جەڭگە چىقتى . قاتتىق جەڭ بولدى . لەندىھۇر گۈستەھەمنى قاچۇردى .

لەندىھۇر جەڭدىن كېيىن ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنى كۆردى . يۈزىنى ئەمىرنىڭ ئاياغلىرىغا سۈركىدى ۋە يىغلىدى . ئەمىر بۇيرۇپ ، ئۇنىڭغا تون - سەرۇ پايلار كىيدۈرۈپ ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى .

## پەسلى داستان ، خوجا ئۇمرىنىڭ نۇشىرىۋاننىڭ قېشىغا نۇشىدارىغا بېرىپ ، نۇشىدارىنى ھەييارلىق بىلەن ئېلىپ يانغانلىقى

گۈستەھەم قېچىپ كېتىۋېتىپ يولدا بىر توپ كارۋانغا يولۇقتى . ئۇ بىچارە خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۈچ باش ئېلىپ ، بىر باشنى «ئەمىرنىڭ بېشى» ، بىرىنى «لەندىھۇرنىڭ بېشى» يەنە بىرىنى «خوجا ئۇمرىنىڭ بېشى» دەپ ، «ئەبۇلئالى ، خوجا ئۇمرى ، خوجا مۇقبىل قاتارلىقلارنى لەندىھۇر ئۆلتۈردى . لەندىھۇرنى مەن ئۆلتۈردۈم» دەپ ، بىر نامە پۈتتى . يەنە ، بەختەككە ، «ئەبۇلئالى لەندىھۇرنى ئۆلتۈردى . زەھەر بېرىۋىدىم . زەھەردىنمۇ ساقايدى . ئەبۇلئالى كېلىشتىن ئىلگىرى مەلىكىنى ئەرگە بەرگىن» دەپ بىر نامە پۈتتى .

ئەلقىسسە ، بەختەك خەت بىلەن باشلارنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ھەم باشلارنى چاھارسۇغا ئاستى . شادىيانە نەغمىلەرچالدۇردى . دەل شۇ پەيتتە ، بەختەككە : «ئەبۇلئالى تىرىككەن ، زەھەردىن ساقىيىپتۇ . ئەمما ، لەندىھۇر ئۆلۈپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى . بەختەك «ئەمىر تىرىك بولسا ، چوقۇم لەندىھۇرنى ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى . شۇ ھامان ، بۇلۇت چىقار تەرەپتىكى قەلئەگە - مىرزابانىڭ ئوغلى ئەۋلادشاھقا نامە يازدى . ئۇنىڭ مەزمۇنى : «ئەۋلاد شاھ تېز كەلسۇن . مېھرىنىگارنى بېرىمىز» دېيىلگەنىدى .

ئەۋلاد شاھ خۇشاللىق بىلەن مەدايىنگە كەلدى . بەختەك ھەرەمگە پادشاھ نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ئەي شەھرىيار ، قىزىڭىزنى ئەمىرگە بەرمىسىڭىز ، بېشىڭىزدىن غەۋغا كەتمىگ-دەك . ئەۋلاد شاھمۇ دەل ۋاقتىدا كەپتۇ ، مەلىكىنى ئۇنىڭغا بېرىپ . باشنى ساقايتىش كېرەك ، — دېدى .

بۇ گەپ پادىشاھقا ماقۇل كېلىپ ، قىزىنى بەردى . ئەمما ، مەلىكە : «ئەمىر ھىندىستاندا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ۋە مېنى ئەۋلادقا بېرىپتۇ» دەپ بىلىپ ، بىر ئاياق زەھەرنى ئالدىدا قويىدى . يىغلاپ ، «ئەبۇلئالى يەر ئاستىدا ، مەن يەر ئۈستىدە ، ئەۋلاد شاھنىڭ قوينىدا بولىدىكەنمەن - دە ، قىيامەت كۈنى ئەمىرنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن ؟» دەپ زەھەرنى ئىچمەكچى بولغاندا ، خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇر كىردى ۋە زەھەرنى يەرگە تۆكۈۋېتىپ :

— ئەي بالام ، ئەبۇلئالى تىرىك ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولغىنى يوق . ئەمما ، سىز ئەۋلاد شاھنى قوبۇل قىلىڭ ۋە ئۇنىڭغا : «مېنى شەھرىڭگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مەن سېنى قوبۇل قىلاي» دەڭ . يىگىرمە بىر كۈن بولدى ، دېگەن كۈنى ئەبۇلئالىنى كۆرىسىز . ياكى خەۋىرىنى ئاڭلايسىز ، — دېدى .

مەلىكە خوجىنىڭ سۆزىگە ئىشىنەتتى ، ماقۇل بولدى . ئاخىر مەلىكە قەلئەيى ھىسارغا راۋان بولدى .

ئەمىر ھالىغا كېلىپ ، ئىقلىمۇي ھېكىمگە :

— مەن بۇ يەردە تۇرۇپ ، ئۇ قىزنىڭ پىراقىدا نالە قىلىۋاتىمەن . شۇ يەرگە بارسام — دېدى . ھېكىم ماقۇل بولدى . ئەمىر مېڭىپ ، دەريا بويىغا كېلىپ چۈشتى . خوجا ئىقلىمۇي ھېكىم :

— ئەي خوجا ئۆمرى ، ئەمىرنىڭ ھەرگىز ئاچچىقىنى كەلتۈرمەڭ ، غىزاسىغا كېيىك ئوغلىقىنىڭ گۆشىنى فەۋاك شەربىتى بىلەن بېرىڭ ، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكەن ۋاقتىڭىزدا ، ئاتمىش مىسقال نۇشدورا تېپىپ بەرمىگىچە ، ئەمىرنى ئورنىدىن قوزغاتماڭ ، — دېدى .

چىنىپۇر شاھ ، خوجا ئىقلىمۇيغا خەزىنە بەردى ۋە يەنە جەزىرە خۇررەمنىڭ خىراجىتىنى بەردى . خوجا ئىقلىمۇي ئۆز ئورنىدا خوجا سەئدىن ھېكىمنى قويىدى . ئىقلىمۇي ھېكىم ئىجازەت ئېلىپ ، بىر تەرەپ بىلەن كەتتى . ئەمىر ۋە ئۈمىرالار كېمىگە ئولتۇرۇپ ، بامدات ۋاقتى بىلەن ساھىلغا چىقتى . خوجا ئۆمرى نۇشدورا ئۈچۈن مەداينىگە راۋان بولدى . يولدا بىر كونا چاھار باغقا يېتىپ باردى . بۇ يەر قوغۇنلۇق بولۇپ ، بىر قېرى كىشى قوغۇن خىللاپ يۈرەتتى . خوجا ئۆمرى سالام قىلدى . ئۇ ئۇقېرىسال كىشى خوجا ئۆمرىگە ئىككى قوغۇن بەردى . ئۇ قوغۇننى يېگەچ سورىدى :

— ئەي بوۋا ، مەداينىدە ھەممە كىشىنىڭ قوغۇنى پىشتىمۇ ؟

— يەنە بىر ئايدىن كېيىن پىشىدۇ ، — دېدى ئۇ كىشى ، — مېنى سەئدىن قوغۇنچى دەيدۇ . پادىشاھقا تەئەللۇقمەن . ھەر يىلى ئازىراق يەرگە بالدۇر قوغۇن تېرىپ ، ياخشى بېقىپ ، پادىشاھقا يېگىلىق ئېلىپ بارىمەن . مېنىڭ تىرىكچىلىكىم پادىشاھنىڭ مۇشۇ ئىشى بىلەن ئۆتىدۇ . ھېلىھەم ئىككى ئۇلاغ قوغۇن ئېلىپ ، كاجىۋىلاپ قويدۇم ، ئۇلاغمۇ تېپىپ قويدۇم ، ئەتە ئېلىپ بارىمەن ، — دېدى .

خوجا ئۆمرى ئۇ كىشىگە بىھۇش دورىسى بېرىپ ، كىيىمىنى كىيىپ ، ئۇ كىشىنى باغلاپ قويدى . ئۇ بوۋاينىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىردى . خوتۇن ئۇنى تونۇيالماي يول تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بەردى . ئەتىسى قوغۇننى ئۇلاغقا يۈكلەپ ، شادكام دەرۋازىسىدىن مەداينىگە كىردى . ئۇنى كىم كۆرسە ، ئاپىرىن ئوقاتتى . تاق كىسرىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە پادىشاھقا بىر ئۇلاغ قوغۇننى بېرىپ ، بىر ئۇلاغنى ھەرەمگە ئېلىپ

كىردى . پادىشاھقا خەۋەر قىلىشتى . شاھ ئۆلاغنى قېشىغا ئەكەلدۈرۈپ ، قوغۇننى تەقسىم قىلىپ يېيىشتى . ئاندىن پادىشاھ خوجا ئۆمرىگە :

— ئەي سەئدىن بوۋا ، بۈگۈن دۈشمەنلىرىم ئۆلتۈرۈلۈپتۇ . ناھايىتى زور خۇشاللىقىم بار . مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ سورا ، — دېدى . خوجا ئۆمرى يىغلاپ تۇرۇپ دېدى :

— ئەي پادىشاھى ئالەم ، ھەزرىتىڭنىڭ دۆلىتىدە ھېچنەرسىدىن كەملىكىم يوق . ئەمما ، ئىككىگىنە ئوغلۇم بارئىدى . مەندىن كېيىن ھەزرىتىڭنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا خىزمەتكار بولارمىكىن ، دەپ ئۈمىد تۇتاتتىم . قوغۇنلۇقتا ئۇخلاپ قالغانىكەن ، ھەر ئىككىلىسىنى يىلان چېقىۋاپتۇ . تېۋىپلار نۇشدورا بۇيرۇدى ، سەندىن شۇنى تىلەيمەن .

— بۇ ئاسان ، نۇشدورىمۇ بېرەي يەنە ئىنئاممۇ بېرەي ، — دېدى شاھ ۋە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بەختەككە بېرىپ «نۇشدورا ئېلىپ بەر» دېدى . بەختەك :

— مەن نۇشدورىنى تونىمايمەن . خوجا جۇمھۇر ياخشى بىلىدۇ ، — دېدى . خوجا ئۆمرى خوجا بىلەن خەزىنىگە بىللە كىردى ۋە جاۋاھىرلارنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى كۆردى . خوجا ئاۋۋال ئاتمىش مىسقال دورىنى ئېلىپ دەستارىغا قىستى . خوجا ئۆمرى چىقىپ كەتكۈچە بۇ خەزىنىدىكى جاۋاھىراتلارنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاپ ئالدى . خوجا جۇمھۇر :

— ئەي سەئدىن بوۋا ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىمۇ ئوغرىلىق قىلامدۇ ؟ مەن پادىشاھقا ئېيتماسمەنمۇ ؟ — دېدى . خوجا ئۆمرى :

— سىزمۇ دورىلاردىن ئېلىپ دەستارىڭىزغا قىستۇرۇۋالدىڭىزغۇ ؟ بۇنىڭغا نېمە دەيسىز ؟ — دېدى .

— پەرزەنتلىرىمگە ھىندىستاندا دۈشمەنلىرىم زەھەر بېرىپتۇ . بۇ نۇشدورا شۇنىڭغا كېرەك بولغاچ ئالدىم ، — دېدى خوجا جۇمھۇر . خوجا ئۆمرى ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتۇپ ، بولغان ئەھۋالنى خوجا جۇمھۇرغا باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بەردى . خوجا جۇمھۇر بۇنى بىلگەندىن كېيىن دەستارىغا قىستۇرۇۋالغان نۇشدورىنى خوجا ئۆمرىگە بەردى . خوجا ئۆمرى خوجا جۇمھۇر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ ، يولىغا راۋان بولدى .

خوجا جۇمھۇر خەزىنىدىن چىققىچە بەختەك : «ئەي پادىشاھ ، مەن نۇشدورىنى ياخشى بىلمەن . بىراق ، سىزنىڭ خوجىغا ئېتىقادىڭىز ناھايىتى كۈچلۈك . بۈگۈن خوجىنىڭ ھارامزادىلىكىنى سىزگە بىلدۈرەي دېدىم ، چۈنكى خوجا ئەبۇلئالىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ئەبۇلئالى تىرىكدۇر . خوجا ئۆمرى چوقۇم نۇشدورا ئۈچۈن كېلىدۇ . شۇڭا ئاتمىش مىسقال نۇشدورىنى خوجا جۇمھۇر ئەبۇلئالى ئۈچۈن دەستارىغا قىستۇرۇۋالدى . خوجا چىقىپ ئولتۇرغاندا سىز : «مۆھرىم يوقالدى» دېسىڭىز ، مەن يالىڭاچلىناي ، يەنە ئىككى - ئۈچىمىزنى يالىڭاچلاڭ . خوجىمۇ يالىڭاچلانسۇن . ئەگەر خوجىدىن ئاتمىش مىسقال نۇشدورا چىقسا ، ئۇ شەرمەندە بولىدۇ . ئەگەر چىقمىسا ، مېنى شەرمەندە قىلىڭ» ، — دېدى .

خوجا جۇمھۇر قايتىپ چىقىپ ئولتۇردى . پادىشاھ «مۆھرىم يوقاپتۇ» دېدى . بەختەك ۋە يەنە ئۈچ كىشى يالىڭاچلاندى . خوجا بۇنىڭ تېگىنى پەملىدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئەي پادىشاھى ئالەم ، ساقلىمىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئاقاردى . ساقلىمىنىڭ ئاقارغىنىغىمۇ خاتىرە قىلمىدىڭىز . مېنى شۇنچە خەقنىڭ ئارىسىدا يالىڭاچ قىلدىڭىز . غەرىزىڭىز مېنى يالىڭاچلىماقچى . بولدى ، مەن يالىڭاچلىناي ، — دەپ يالىڭاچلاندى . دەستارىنىمۇ چۆۋۈپ سالدى ، — مېنى ئەبۇلئالى ئۈچۈن نۇشدورا ئالدى دەپ ، بۇ ھارامزادىنىڭ سۆزى بىلەن ماڭا ئىزا قىلدىڭىز . مېنىڭ كېرىكىم بولمىسا ، رۇخسەت قىلىڭ ، مەن كۇفەگە كېتەي ، — دېدى .

نۇشىرىۋاننىڭ بەختەككە قەھرى - غەزىپى كېلىپ دېدى :

— ئەي ناپاك ! مېنى خوجىنىڭ ئالدىدا شەرمەندە قىلدىڭ ، — دەپ ئۇنى ئۇرغۇزدى . خوجىنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي يەنە بەختەكنى قۇتقۇزۇپ قويدى .

خوجا ئۇمرى ئەمىرنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇنىڭغا كۈندە بىر مىسقالدىن نۇشىدورا يېگۈزدى . بىر كۈنى ئەمىر خوجا ئۇمرىگە :

— ماڭا بىر كىيىك ئوغلىقى تېپىپ بەرگىن . ئۇنىڭ كۆزىگە مەلىكىنىڭ كۆزلىرىنىڭ يادى بىلەن قاراپ ياتاي ، — دېدى .

خوجا ئۇمرى كەتتى . ئۇ بىر نەچچە ئوغلاق تاپتى . ئەمما ، مۇناسىپ كۆرمەي قويۇپ بەردى . ئاخىر ، بىر ئېگىز يەردىن بىر ئوغلاقنى تۇتۇپ ، ئۇنى مۇناسىپ كۆردى . شۇ چاغدا ، بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە لەشكەر كۆرۈندى . بۇ لەشكەرنىڭ يېرىمىدا نەچچىلىگەن چېدىرلار بولۇپ ، ماتەمدار كۆرۈنەتتى . خوجا ئۇمرى ئوغلاقنى يوشۇرۇپ قويۇپ ، ماتەمدار چېدىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ، دەريا بويىدا ئولتۇردى . بىر زامان ئۆتكەندە قارىلىق چېدىردىن بىر قىز چىقتى . ئۇنىڭ قوللىرىدا ئالتۇن - كۈمۈش ئاپتاۋىلىرى بار ئىدى . خوجا ئۇمرى ئۇنىڭ مېھىرنىگارنىڭ كۆڭۈلداشلىرى ئىكەنلىكىنى توندى . بىرىنىڭ ئېتى مېھرى ، يەنە بىرىنىڭ ماھى ئىدى . خوجا ئۇمرى ئېغىز - بۇرۇن ، قول - پۇتىنى تېڭىپ ياتتى . قىزلار خوجا ئۇمرى قېشىغا كەلدى .

— ھەي قىزلار ، — دېدى خوجا ئۇمرى ، — بۇ لەشكەرنىڭ يېرىمى ماتەمدە ، يېرىمى خۇشال كۆرۈنىدىغۇ ؟

قىزلار دېدى :

— خۇشاللىرى مىرزابان شاھنىڭ لەشكىرى ، بىزلەر مەلىكە مېھىرنىگارنىڭ كېنىزەكلىرىمىز . مەلىكىمىز ئەبۇلئالى ئۈچۈن ماتەمدار ، ئەبۇلئالى ھىندىستاندا ئۆلۈپ قاپتۇ ، — دېدى قىزلار .

— ئەۋلاد شاھ مەلىكىنى كۆردىمۇ ؟ — دەپ سورىدى خوجا ئۇمرى .

— ياق ، مەلىكىگە خوجا جۇمھۇر : «تاكى شەھەرگە بارمىغىچە ئۆزىڭىزنى كۆرسەتمەڭ» دەپتىكەن ، — دېيىشتى قىزلار . ئاندىن خوجا ئۇمرىدىن ، — نېمىشكە ئېغىز - بۇرۇن ، پۇت - قولىڭىزنى تېڭىۋالدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى . خوجا ئۇمرى :

— پەرىلەر چېپىلىپ قىلىپ ، موشۇنداق بولۇپ قالدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— نېمىشقا داۋالاتمايسىز ؟ — سورىدى قىزلار .

— داۋاسى مەندە يوق ، — دېدى خوجا ئۇمرى ، - ئەگەر ئالتۇن ئاپتاۋىدا سۇ ئىچسەم ئېغىز - بۇرنۇم ساقىياتتى . كۈمۈش ئاپتاۋىدا سۇ ئىچسەم ، قول پۇتۇم ساقىياتتى ، — دېدى .

— ھەي ماھى — دېدى مېھرى ، — كەل ، بىز بۇ ئاپتاۋىلارنى بېرەيلى . سۇ ئىچىپ ساقايسا ، ساۋابى مەلىكىمىزگە بولار ، — دەپ ئاپتاۋىلارنى بەردى . خوجا ئۇمرى ئاپتاۋىلارنى ئېلىپلا دەريانىڭ ئۇ لېۋىگە سەكرىدى ۋە :

— ئەي ئاغىچىلار ! ئەپۇ قىلىڭلار ، ئەگەر بۇنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرسەم يەنە بايىقىدەك بولۇپ قالىمەن ، — دەپ ئاپتاۋىلارنى ئېلىپ كېتىپ ، بىر يەرگە تىقىپ قويدى ، يېنىپ كېلىپ ، بىر رەمبال سۈرىتىدە بولۇپ ئولتۇردى . قىزلار ئالاقزادە بولۇپ ، يىغلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار رەمبال سىياقىغا كىرىۋالغان خوجا ئۇمرىنى كۆرۈپ رەم سېلىپ بېقىشقا بۇيرۇدى . خوجا ئۇمرى رەم سېلىپ :

— ئەي قىزلار، سىلەرنىڭ بىر نەرسەڭلارنى بىر ئەييار ئېلىپ قېچىپتۇ. دەرھال بېرىڭلار، پالان يەرگە كۆمۈپ قويۇپتۇ، —دېدى.

قىزلار بېرىپ، ئاپتاۋىلىرىنى تېپىۋالدى. مەلىكە بۇلارنى قايان كەتكەندۇ، دەپ ئولتۇراتتى. كېنىزەكلەر كىرىپ كەلدى.

— ئەي بەدبەختلەر! — دېدى مەلىكە، — مەن ماتەمدار، سىلەر خوشاللىقتا ئويناپ يۈرەمسىلەر؟

— ئەي مەلىكەم، — دېدى ئۇلار، — بىزگە بىر ۋەقە ئۇچرىدى. ئەگەر سىزگە ئېيتساق، سىزمۇ كۈلىسىز، —دەپ ۋەقەنى بايان قىلدى. مەلىكە ئادەم ئەۋەتىپ، خوجا ئۆمەرنى ئېلىپ كەلدى. خوجا ئۆمەرى مەلىكىنىڭ باشتىن - ئاياق قارا كىيىنگىنىنى كۆردى. ئۇ، كۆكسىنى تاتىلاپ ياراقىپتۇ.

مەلىكە مېھمىرنىگار خوجا ئۆمەرگە ئولتۇرۇشقا جاي كۆرسەتتى. خوجا ئۆمەرى كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ، بېشىغا يوغان سەللە كىيگەن، ئۇچىسىغا ئاق چەكمەن، ئىچىگە جامەئى مەغرىبى كىيگەنىدى. مەلىكە سورىدى:

— ئەي موللام، ئېتىڭ نېمە؟ نەدىن كەلدىڭ؟

— ئېتىم موللا توپان، — دېدى ئۆمەرى، — يۇناندىن كەلدىم.

ئۇ، مەلىكىنىڭ تولا دەرد - پىراق تارتىپ چىرايىنىڭ بوزۇلغانلىقىنى كۆردى. خوجا ئۆمەرنىڭ ئىچى ئاغرىدى. مەلىكە قەلەم - كەلتۇرۇپ خوجا ئۆمەرگە بەردى. خوجا ئۆمەرى خەت يازدى. مەلىكە كۆردىكى، بۇ خەتلەر رەمبالنىڭ خېتىگە ئوخشمايتتى. خوجا ئۆمەرى:

— ئەي، مەلىكە، بۇ رەم ئىلگىرى يوشۇرۇن ھالەتتە ئىدى. ھېلىراقتا ئاشكارا بولدى. بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاڭ. سىزنىڭ سەپەر ئۈستىدە ئادەملىرىڭىز بار ئىكەن. ئۇلار ھىندىستان تەرەپتە غەلىبە قىلىپتۇ. لېكىن، «سىزگە ئۆلدى» دەپ يالغان خەۋەر ئېيتىپتۇ. ئەتە چۈش ۋاقتى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ جامالىنى كۆرىسىز، —دېدى.

مەلىكە ھېسابلىدى. ئەتە يىگىرمە بىر كۈن بولىدۇ. بۇ خوجا ئەبۇزەر جۇمھۇرنىڭ سۆزىگە ئۇيغۇن كەلدى. ئەمما، مەلىكە بۇرەمبالنىڭ سۆزىدىن تېخىمۇ ئىزتىراپقا چۈشتى. خوجا ئۆمەرى تونۇشلۇق بەردى. ئەمىرنىڭ لەندىھۇر بىلەن ئېلىشقانلىقى، گۇستەھەمنىڭ كەلگەنلىكى، ئەمىرنىڭ لەندىھۇرنى يەڭگەنلىكى، زۆھرە بىلەن مۇشتەرىنىڭ ئەمىرگە زەھەر بەرگەنلىكى، ئۇ ئىككى بەد بەختنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئەمىرنىڭ زەھەردىن خالاس بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇ ياققا كېلىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ بەردى. مەلىكە شادىمان بولدى. خوجا ئۆمەرى:

— ئەي مەلىكە، مېنى ئەۋلاد شاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتىڭ. ئۇنىڭدىن ئالتۇن ئالاي، — دېدى.

مەلىكە مۇلازىمنى خوجا ئۆمەرگە قوشۇپ، ئەۋلادنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. مۇلازىم ئەۋلادقا:

— ئەي، شاھزادە، مەلىكە تا ھازىرغىچە ئەبۇلئالنىڭ ئۈمىدىدە ئىدى. بۇ موللام مەلىكىنى نىيىتىدىن ياندۇردى. ئەبۇلئالى ھەقىقەتەن ئۆلۈپتۇ. مەلىكەمنىڭ بۇ موللامغا بەرگىلى ئالتۇنى يوق ئىدى. شۇڭا مېنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئەۋەتتى، — دېدى. ئەۋلاد مۇلازىمنىڭ قېشىدىلا خوجا ئۆمەرگە بەش ساندۇق ئالتۇن بەردى. ئاندىن ئۆزىگە پال سالدۇردى. خوجا ئۆمەرى ئۇلارغا خۇش كەلگۈدەك سۆزلەرنى ئېيتىپ:

— مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى شۇ چاغدا بىلىسىز، ئەتە كۈن چىقار مەھەلدە لەشكىرىڭىزگە ئۈچ باز — بىرى دارباز، بىرى دەبۇل، يەنە بىرى گۇرزباز —

كېلىمدۇ ، — دېدى . ئەۋلاد خۇشال بولدى .

خوجا ئۆمرى ھېلىقى كېيىكنىڭ ئوغلىقىنى ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . ئەمىر كېيىكنىڭ كۆزلىرىگە ئىشق مۇھەببەت بىلەن باقاتتى . خوجا ئۆمرى لەندىھۇرنىڭ بارگاھىغا كەلدى ۋە ئۆمەر مەئدەكەرەپنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا ئەۋلادنىڭ قىسسىسى ، مەلىكىنىڭ ۋەقەسى-نى ۋە رەمباللىق قىلغانلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەردى ۋە :

— ئەي لەندىھۇر ، گۇرزەڭنى كىگىزدە يۆگە ، مەن دارۋاز بولاي ، ئۆمەر مەئدە ، سەن دەبۇلنەۋاز بول ، — دېدى . ئۆمەر مەئدە كەرەپنىڭ بويىنىغا دەبۇل ئەكېلىپ ئارتتى . دەبۇل ئۆمەر مەئدە كەرەپتىن ئون تۆت گەز يىراق تۇردى . ئۆمەر مەئدىنىڭ دەبۇلغا قولى يەتمىدى . خوجا ئۆمرى ئۆمەرنىڭ قولىغا بىر خادا بەردى . لەندىھۇر ئۆمەر مەئدەكەرەپنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى . ئۆمەر مەئدەكەرەپ دەبۇلنى تاشلىۋەتتى . خوجا ئۆمرى :

— سەن ھازىر ئون مەنسەپنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپسەن ، ئۇنىڭدىن ئىككى مەنسەپنى زۇلخۇمارغا بېرەي ، شۇ دەبۇلنەۋاز بولسۇن ، — دېگەندى ، ئۆمەر مەئدە كەرەپ ئىلاجسىز-دەبۇلنى بويىنىغا ئاستى . خوجا ئۆمرى مەنزەر شاھ تائىپى سۇلتان بەخت مەغرىبىنى :

— سىلەر ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن پالانى جاڭگالدا مۆكۈنۈپ تۇرۇڭلار ، سەفىد مەھرەمنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىساڭلار ، كېلىپ ، ھۇجۇم قىلىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى . ئەتىسى ئەۋلاد :

— قاراپ بېقىڭلار ، بازگەرلەر كەپتۇمۇ ؟ — دەپ بۇيرۇدى . بىرەيلەن يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— كەپتۇ ، — دېدى .

ئەۋلادنىڭ تەختىنى بارگاھنىڭ سىرتىقا ئەپچىقىپ قويدى . ئەۋلاد ئۆمىرالىرى بىلەن چىقىپ ئولتۇردى . خوجا ئۆمرى كېلىپ دار باغلىدى ۋە دارغا چىقىپ ئويۇن كۆرسىتەتتى . ئۆمەر مەئدە كەرەپ دەبۇلنى قانداقتۇر بىر مۇقامدا چالاتتى . خوجا ئۆمرى بولسا باشقا بىر مۇقامدا ئويناتتى . ئەۋلاد دەبۇلنەۋازنىڭ دارۋازغا مۇۋاپىق چالمايۋاتقىنىنى كۆردى . بۇنى سەزگەن خوجا ئۆمرى دەرھال :

— بۇ دەبۇلنەۋاز تېخى يېڭى ئۆگەنچى ، ياخشى چېلىشنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتىدۇ ، — دېدى . ئەۋلاد :

— ئەي ، پەھلىۋان ، ئېتىڭ نىمە ؟ — دەپ سورىدى . خوجا ئۆمرى ئۆزىگە تېخى ئات تېپىپ قويمىغانىدى . شۇنداقتىمۇ دەرھاللا :

— پەھلىۋان جۇستەك دارۋاز ، ئۇ خۇسراۋ گۇرزىۋاز ، ئاۋۇ بولسا بۆكەن دەبۇلنەۋاز ، — دېدى . ئۆمەر مەئدەكەرەپ ئاچچىقىدا دەبۇلنى تاشلىۋەتكۈدەك بولدى . يەنە سەۋرى قىلدى . خوجا ئۆمرى داردىن چۈشتى . لەندىھۇر گۇرزىبازلىق قىلدى . ھەممەيلەن ئويۇنغا قىزىقىپ ئولتۇرغاندا لەندىھور تۇيۇقسىز ئەۋلادنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى . خوجا ئۆمرى سەفىد مەھرىنى چالدى . ئون مىڭ لەشكەر ھەر تەرەپتىن پەيدا بولۇپ ، تەڭلا ھۇجۇم قىلدى . بۇ چاغدا ئۆمەر مەئدەكەرەپ دەبۇلنى تاشلاپ ، خانلىق ئاشخانىغا قاراپ چاپتى . ئۇ ئوتتۇز ئالتە قازان ئاشنى پۇتۇنلەي يەپ بولۇپ ، قازانلارنى يالىدى . ئاخىرى دۈشمەن تەرەپ پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلدى ، خوجا ئۆمرى مەلىكىنى ئەمىرنىڭ لەشكەرگاھىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۆزى ئەمىرنىڭ قېشىغا كىردى . ئەمىر بۇ ئىشلارغا شادىمان بولدى . مەلىكە كىرىپ ئەمىرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئەمىرگە قاراپ ئۇنى تونۇيالماي ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالدى . (يۈزنى شۇ ئۆرىگەن سەۋەبتىن مەلىكە ئەمىرنىڭ پىراقىدا ئون سەككىز يىل كۈيدى ) ئاندىن «ئەبۇلئالىينىڭ ئۆلگىنى راست

ئىكەن» دەپ پەرياد قىلىپ يىغلىدى . خوجا ئۆمرى بىلەن مۇقبىل ھەرقانچە قەسەم قىلسىمۇ ، «بۇ ئەمىر ئەمەس» دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى . ۋە ئۆزىنىڭ بېشىغا ، يۈزىگە شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ كەتتى . ئەمىرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، مۇقبىلغا :

— بۇ ئەقىلسىز چاڭگا باشنى ئاپىرىپ ، كىشىلەرگە قېتىۋەت ! — دەپ بۇيرۇدى . مۇقبىل مەلىكىنى ئېلىپ چىقىۋاتاتتى ، لەندىھۇر ئۇچراپ ، مەلىكىنى تونۇدى ۋە پىلدىن چۈشۈپ ، مەلىكىنى كىشىلەر توپىغا قوشۇۋەتتى . مەلىكە مەداينىغا كەلگەندە ، ئەۋلادنىڭ كىشىلىرىمۇ يېتىپ كەلگەن ئىكەن ، پادىشاھ ئەۋلادنىڭ ئۆلگىنىدىنمۇ خەۋەر تاپقانىكەن ، مەلىكە :

— ئەي ئاتا ، ئەبۇلئالىنىڭ ئۆلگىنى راست ئىكەن ؛ — دېدى .

— ئەگەر ئەبۇلئالىي ئۆلگەن بولسا ، — دېدى پادىشاھ ، ئەۋلادنى ئۆلتۈرمەس ئىدى ، سەن خاتا تونۇغانسەن .

خوجا ئۆمرى ، لەندىھۇر ، ئۆمرى مەئدە كەرەپلەر ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ ، ئەۋلادنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە مەلىكىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . ۋە :

— ئۇنىڭ لەشكىرىنىمۇ ئۆلتۈردۈق ، — دېدى . ئەمما ، ئەمىر زۇۋان سۈرمەيتتى ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، يىغلاپ ئولتۇراتتى .

بىر كېچىسى ئەمىر بارگاھنى خالىي قىلدى . باشلىرىنى سەجدىگە قويۇپ خۇداغا مۇناجات قىلدى « . . . ئەي دادىمغا يەتكۈچى كەرەملىك ئاللا ، ئەي بەندىلەرنى پەرۋىش قىلغۇچى رەھىملىك تەڭرىم ، مېنى ئەسلى سۈرىتىمگە كەلتۈرگىن ۋە قابىزۇلئەرۋاھنى ئىبەرگىن ، جېنىمنى قەبز قىلسۇن . مېنىڭ ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق تاقىتىم قالمىدى ... » دەپ يىغلىدى . سۇبھى ۋاقتىدا ئەمىرنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى . ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىپ ، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىرشىشە شەربەت ئېلىپ چۈشتى . ئەمىر قوپۇپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالامنى ئىلىك ئالدى ۋە :

— ئەي ، بالام ، ھېچقىسى يوق ، مېھنەت - مۇشەققەت خۇدايىتائالانىڭ گۆھەرخانىسىدۇر . خۇدايىتائالا گۆھەرنى ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ئاتا قىلىدۇ — دەپ شەربەتنى ئەمىرگە بەردى . ئەمىر شەربەتنى ئىچىپلا ئويغىنىپ كەتتى ، قارىسا چاچلىرى ئۆسۈپ ئۇزىراپ ، بۇدۇر - بۇدۇر بولۇپ كەتكەنىدى . كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئەمىر قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ : «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نەرە تارتتى . تامام لەشكەر ئويغىنىپ بارگاھقا يىغىلدى . خوجا ئۆمرى كىرىپ ، ئەمىرنىڭ ھەزرىتى ئىسھاق پەيغەمبەرنىڭ ياسىنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . خوجا ئۆمرى خۇشال بولۇپ ، ئەمىرنى مۇبارەكلىدى . ئەمىر :

— تەڭرىنىڭ ھەققىدە قەسەم قىلىمەنكى ، مەن جەڭ بىلەن مەداينىنى ئالمىسام ۋە ئۇنى ۋەيران قىلمىسام ، مېھرىنىگارنى ئىككى چېچىدىن تۇتۇپ ، مەپىگە سالمىسام پالۋانلىق ئىگىلىرى ماڭا ھارام بولسۇن ! — دېدى . ئاندىن لەندىھۇرنى «مەداين شەھرىنى بۇزۇپ كەل !» دەپ بۇيرۇدى . لەندىھۇر دەرھال ئاتلاندى .

ئۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپ جەڭ دۇمبىقى ئۇرۇپ ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى . بۇ ئىش پادىشاھقا خەۋەر بولغاندا ، ئۇ ، خازان بولغان يوپۇرماقتەك تىترىدى ۋە خوجىنى ئالدىغا چاقىرىپ :

— ئەي ، خوجا ، سىزگە مەلۇمكى ، مەندە گۇناھ يوق . نېمە قىلسا بەختەك قىلدى ، — دېدى ۋە بەختەكنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ئېلىپ چىقتى . لەندىھۇر يېتىپ كېلىۋىدى ، خوجا ئۇنى توستى . لەندىھۇر خوجىنى كۆرۈپ ، ئېتىدىن چۈشتى ۋە خوجا بىلەن

كۆرۈشتى . خوجا خوجا ئۇمرىنى سورىدى . دەل شۇ چاغدا ئەمىر يېتىپ كەلدى . ئۇ خوجىنى كۆرۈپ ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە بولدى . خوجىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەمىرگە :

— ئەي ، ئەمىر ، پادىشاھتا گۇناھ يوق . نېمە قىلسا ، شۇ ناپاك بەختەك قىلدى ، — دېدى . ئەمىر بەختەكنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى . خوجا ئۇمرى ئۇنىڭدىن بىر داستىخان ئالتۇن ئېلىپ ئۇنى قويۇپ بەردى . ئەمىر خوجىغا :

— مەن ئۇنى يوقىتىشقا قەسەم ئىچكەن ئىدىم ، — دېدى . خوجا :

— قەسەم ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن ، — دېدى .

ئەمىر ئۇ يەردىن يېنىپ شادىكام كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا قايتىپ كەتتى . كېيىنكى كۈنى شەھەرنىڭ ئۇمىرالىرى ئەمىرنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئەمىرلەندىھۇرنى ، ئۇمەر مەئدەكەرەپنى لەشكەرگاھتا قويۇپ ، ئۆزلىرى شەھەرگە كىرىپ پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە بولدى . پادىشاھ ئەمىر ۋە خوجا ئۇمرى بىلەن كۆرۈشتى . ئەمىر ئۆزىگە خاس ئورۇندا ئولتۇردى . داستىخان سېلىنىپ ئاش تارتىلدى . ئاندىن كېيىن ، بەختەك لەندىھۇر توغرۇلۇق گەپ باشلىدى . پادىشاھ بولسا ئەمىرگە قاراپ :

— ئەي بالام ، ئىش نەدىن نەگىچە بولدى ؟ سىزگە بۇيرۇغان مۇھىم ئىشنى قانداق قىلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

— غەنىمەتلەرنى ئېلىپ كەلدىم ، — دېدى ئەمىر ۋە خوجا ئۇمرىنى بۇيرۇدى . خوجا ئۇمرى لەندىھۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئەي خۇسرەۋ[1] ، بۈگۈن سىزگە چوڭ خەتەر باردەك قىلىدۇ . لېكىن ، مەن تىرىك ئىكەنمەن ، بىر تال مويىڭىزنى كەم قىلغىلى قويمايمەن ، — دېدى .

لەندىھۇر ، خوجا ئۇمرى ئۇمەر مەئدەكەرەپلەر شەھەرگە كىردى . خوجا ئۇمرى بىلەن ئۇمەر مەئدە كەرەپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى . «لەندىھۇرمۇ كىرسۇن» دەپ يارلىق بولدى . لەندىھۇر سارايغا ئاۋۋال گۇرزىسىنى كىرگۈزدى . ئاندىن ئۆزى كىردى . بۇ سورۇندا پادىشاھ ۋە بارلىق ئۇمىرلار بار ئىدى . ئۇلار قورقىنىدىن ھەممىسى خۇددى زەھەر ئىچكەن ئادەمدەك چىرا[illegible]ىرى ئۆزگىرىپ كەتتى . پادىشاھ بەكلا قورقۇپ كەتتى . بەختەك :

— ئەي ، ئەبۇلئالى گۇناھكارنى باغلاپ ئەكەلگەننى كۆرگەن ئىدۇق ، سىز جەڭگە ئېلىپ كىرگەندەك ئەپكەپسىزغۇ ؟ — دېدى . ئەمىر :

— مەنلا بار ئىكەنمەن ، ئۇنىڭ قولى باغلاقلىق ، —دەپ ئىشارەت قىلدى . لەندىھۇر گۇرزىسىنى تاشلاپ ، قولىنى باغلاققا بەردى شۇ ھامان ئۇنىڭ قولىنى باغلاشتى .

— ئەي ، ھىندىستانلىق ، — دېدى نۇشىرۋان ، — مېنىڭ يۇرتۇمنى ۋەيران قىلىشقا ، ۋە ماڭا ئولپان تاپشۇرۇشنى مەنئى قىلىشقا نېمە ھەددىڭ بار ؟

لەندىھۇر جىم تۇردى . بەختەك «جاللات» دېدى . جاللات كەلدى . تەخت ياساپ ، قۇم چاچتى ، لەندىھۇرنى باش - ئاياغ يالىڭاچلاپ ئولتۇرغۇزدى . لەندىھۇر سول پۇتىنى دۇنيادىن يىغىپ ، ئوڭ پۇتىنى ئاخىرەتكە ئۇزاتتى . جاللات قىلىچ تارتتى . خوجا ئۇمرى يالاڭ باش ھالدا لەندىھۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . يەنە قىرىق كىشى «ئاۋۋال بىزنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاندىن لەندىھۇرنى ئۆلتۈر» دەپ يېنىغا تىزىلدى . بەختەك جاللاتقا «تېز بول ، چاپقىن» دەپ ئىشارەت قىلاتتى . ئەمىر بۇنى كۆرۈپ ، چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ چىقىپ كەتتى . ئاندىن خوجا ئۇمرىمۇ

[1] ئۇنىڭغا قويغان خۇسرەۋ گۇرزىباز دېگەن يالغان ئىسمىنى دېمەكچى .

بۇ سورۇندىن چىقىپ كەتتى . لەندىھۇر يالغۇز قالدى . جاللات شەمشىرنى كۆتۈرۈشكە
قەسىرنىڭ ئىشكىدىن مېھرىنىگارنىڭ ئىنىك ئانىلىرى ۋە ئۆي قىزلىرى چىقىپ ، جاللاتقا
ئېسىلىپ ئۇنى ئۇرۇپ ، لەندىھۇرنى ھەرەمگە ئەكىرىپ كەتتى . بەختەك مەلىكىنىڭ ئۈستىدىن
شىكايەت قىلدى . پادىشاھ ھەرەمگە كىرىۋىدى ، مەلىكە يىغلاپ تۇرۇپ دېدى :
— ئەي ، ئاتا ، مېنىڭ ئەبۇلئالىنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەلگەن شۇ شەرمەندىلىكلىرىم
يەتمەسمۇ ؟ بۇ مېنىڭ قۇلۇم ، ئۇنى نېمىشقا ئۆلۈمگە بۇيرۇيسىز ؟
زەررىنە گىيسۇ :
— ئەي ئاتەشپەرەس قۇش ، ئەبۇلئالىي كۈيئوغلۇڭ بولسا ، لەندىھۇر ئۇنىڭ قۇلىدۇر ،
مۇبادا ساڭا ئىككى دۈشمەن پەيدا بولسا ، بىرىگە ئەبۇلئالىنى ، بىرىگە لەندىھۇرنى بۇيرۇما-
سەن ؟ — دېدى . پادىشاھ بۇ گەپكە قايىل بولدى . لەندىھۇرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى . لەندىھۇر-
غا خۇسرەۋانە سەرۇپاي كىيگۈزۈپ ، ئەمىرنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى . لەندىھۇر پىلغا مىنىپ ،
گۇرزىسىنى ئۈشنىسىگە سالدى ۋە بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتتى . ئۇنى كىم كۆرسە
ھەيران بولۇپ قارايتتى . لەندىھۇر ئەمىرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى . ئەمىر باشلىق ھەممەيلەن
خۇشال بولۇشتى .

## پەسلى داستان ، بەختەكنىڭ نۇشىرىۋانغا «مېھرىنىگار ئۆلدى» دەڭ دەپ ھىيلە ئۆگەتكىنى

بىر كۈنى توينىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىپ قالدى . ئۇمىرالار بەختەكنىڭ قېشىغا كېلىپ
يىغلىشىپ :
— جەمشىتنىڭ زامانىدىن تاكى بۇ زامانغىچە ئەرەبكە قىز بەرگەن يېرىمىز يوق . سىز
بىر ئامالىنى قىلىڭ ، بۇ توي بىر تەرەپ بولسۇن . بىزنى شەرمەندە رەسۋا قىلماڭ ، —
دېيىشتى .
بەختەك پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ :
— ئەي ، شەھرىيار ، قىزىڭىزنى ئەرەبكە بېرىشكە ئۇمىرالار نارازىكەن ، — دېدى .
پادىشاھمۇ :
— مەنمۇ رازى ئەمەس ، لېكىن ، نېمە چارە؟ — دېدى . بەختەك :
— مەن ، مەلىكە ئەبۇلئالىغا بىر تاج ئەتتۇرۇپتۇ ، دەپ ئاڭلىدىم . بىر لەئلىگە كەلگەندە
مۇۋاپىقىنى تاپالماي توختاپ قاپتۇمىش ، سىز «بۇ نەرسە بەختەكتە بار» دەپ ، مېنىڭ قېشىمغا
ئەۋەتىڭ . مەلىكىنى مەن يوشۇرۇپ قوياي ، سىز ئەتىسى تەختكە چىقىپ ئولتۇرغاندا سىزنى
ھەرەمگە چاقىرسۇن . يېنىپ چىقىپ ، تەختتە يىغلاپ ئولتۇرۇڭ . مەن سىزدىن ئەھۋال
سورىسام سىز «مەلىكە ئاغرىپ قاپتۇ» دەڭ . توققۇز كۈنگىچە موشۇ ھالدا بولسۇن ، ئونىنچى
كېچىسى يىغلىشايلى . ئەبۇلئالى ئۇنىڭغا ئاشىق ، ئۇ ئىختىيارسىز مەلىكىنىڭ ماتىمىگە كېلى-
دۇ . كېچە قاراڭغۇلۇقىدا بازارغا ئادەم قويايلى . ئەبۇلئالى كېلىشى ھامان ئۇنىڭغا ئوق ،
ياكى شەمشەر ئۇرسۇن ، ئەبۇلئالىنى ئۆلتۈرسەكلا بۇ ئىشتىن قۇتۇلىمىز ، — دېدى .
پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرتىپ ، لەئلى ئۈچۈن بەختەكنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى . بەختەك
مەلىكىنى قامال قىلىۋالدى . ئەتىسى بەختەك ئەمىرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ قېشىدا مەلىكە-
نىڭ ئاغرىقلىقىنى ئىزھار قىلدى . ئەمىرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولدى . توققۇز كۈنگىچە
مەلىكە ھەققىدە ھەر خىل سۆزلەر بولۇندى . شادكام دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر شەمشاد دەرىخى

بار ئىدى . ئۇنىنچى كېچىسى ئەمىر كېلىپ ياغاچچىلارنىڭ بۇ دەرەخنى يىقىتىپ تاختاي تىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەمىر ئۇلاردىن سورىۋىدى ، ئۇلار «پادىشاھنىڭ قىزىغا ساندۇق ئېتىمىز» دېيىشتى . ئەمىر يىغلاپ ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرغىنىچە قايتىپ كەلدى . تۈن يېرىمى چاغ ئىدى . شەھەردىن قىيا - چىيا ئاڭلاندى . خوجا ئۆمرى سىيەھقىيتاسىنى يوشۇرۇپ قويغان ئىدى . ئەمىر ئامالسىز پىيادە يولغا چىقتى . لەندىھۇر ئەمىرنى تۇستى ، ئەمىر ئۇنى چۆرۈپ تاشلىدى . لەندىھۇر قىرىق قەدەم يەرگە بېرىپ چۈشۈپ ، لىپىكى يېرىلىپ قان ئاقتى . خوجا ئۆمرى ئەمىرگە بىر ياغلىق بەردى ، ئەمىر ياغلىقتا يۈزىنى سۈرتۈپلا بىھوش بولۇپ يىقىلدى . ئاندىن ئۇنى بارگاققا قايتۇرۇپ كەلدى .

كاپىرلار قاراڭغۇدا تۇرۇشاتتى . ئۇلار كەلگەنلا ئادەمنى ئەبۇلئالى ئوخشايدۇ ، دەپ ئۆلتۈردى . ئەمما ئەمىر كەلمىدى . خوجا ئۆمرى ئۆزىنى سەرۋىن خانىمنىڭ سۈرىتىدە ياساپ ئەھۋال ئۇققىلى كەلدى . چۈنكى پادىشاھ سەرۋىننى بەدەخشانغا تويغا ئەۋەتكەنىدى ، خوجا ئۆمرى شۇنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى . ۋە بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ تازا يىغلاشقا باشلىدى . پادىشاھ بەختەككە :

— بۇ قىز مەلىكىنى بويىندا كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغانىدى . ئۇ بىزنىڭ ھېلىمىزدىن خەۋەرسىز ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىسۇن يەنە ، — دېدى . بەختەك كېلىپ :

— مەلىكە تىرىك ، ئۇ ئۆلگىنى يوق ، بولدى يىغلىما ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئۆلتۈرمە ، — دېدى . خوجا ئۆمرى ئۈنىمىدى . بەختەك ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ :

— ئەي ، سەرۋىن ، مەلىكە ئاتام يېگىلى ئۈنىمايۋاتىدۇ . كىم تاماق يېگۈزسە بىر تاۋاق تەڭگە بېرىمەن ، — دېدى . «سەرۋىن» مەن يېدۈرەي ، دەپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىردى ۋە قولىنى مەلىكىنىڭ كۆزىگە قويدى . مەلىكە ئۇنىڭ خوجا ئۆمرى ئىكەنلىكىنى بىلدى . خوجا ئۆمرى مەلىكىگە ئاتام يېدۈرۈپ ، بىر تاۋاق تەڭگىنى ئېلىپ لەشكەرگاھقا كەلدى . ئەمىرنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى . ئەمىر ئىشەنمىدى ، خوجا ئۆمرى :

— سەل ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ، كېچە بولغاندا ساندۇقنى قېشىڭىزغا ئېلىپ كېلەي ، — دېدى . ئەمىر ماقۇل بولدى . كاپىرلار «ئۆلۈك» نى ئاپىرىپ ، قۇبادنىڭ گۆرخانىسىغا قويدى ۋە قارۇن دىۋە بەندىنى قىرىق كىشى بىلەن ساقچىلىققا قويدى . خوجا ئۆمرى بىر قازان پولۇ ئېتىپ ئۇنىڭغا دورا بىھوش قاتتى . ئۆزى سەرۋىن خادىمنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىپ ئاشنى ئېلىپ كەلدى . كاپىرلار پولۇنى يەپ ھەممىسى بىھوش بولدى . خوجا ئۆمرى ساندۇقنى ئېچىپ كۆرۈپ ، ئاندىن ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . ئەمىر ئۇنىڭدا بىر قېرى دېدەكنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ دېدەك ھېلىقى شەمشاد دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى ، شۇنى ئۆلتۈ-رۈپ ، ساندۇققا سېلىپ كۆمگەن ئىكەن . ئەمىر :

— بۇ ، پالان دېدەكنىڭ جەسىدى ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سورىدى . خوجا ئۆمرى :

— بۇ سىزنىڭ مەھبۇبىڭىز ئەمەسمۇ ؟ لەندىھۇرنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇدىڭىز ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزمۇ ئۆلۈمگە بارغىلى تاس قالدىڭىز ، — دېدى . ئەمىر دەرغەزەپ بولۇپ ، جەڭ دۇمبىقى چالدۇردى . پادىشاھ خەۋەر تېپىپ ، خوجىغا يالۋۇرۇپ ، بەختەكنى باغلاتقۇزۇپ ، يەنە ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ، ئۇلار :

— پادىشاھتا گۇناھ يوق ، ھەممە ئىشنى موشۇ ناپاك قىلدى ، — دېيىشتى . ئەمىر بەختەكنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى . بەختەك خوجا ئۆمەرگە خۇن باھا بېرىۋىدى ، ئۇ بەختەكنى يەنە قويۇپ بەردى . ئەمىر شەھەرگە كىرىپ كەتتى .

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى يەنە بەختەكنىڭ قېشىغا كېلىپ «بىر ئامال قىلىڭ ، بۇ توي

بولمىسۇن» دېيىشتى . بەختەك ماقۇل بولۇپ ، بىر قەلەندەرنى تېپىپ ئۇنىڭغا :

— ئەتە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىلەمچىلىك قىل ، — دېدى .

قەلەندەر كىرىپ تىلەمچىلىك قىلدى . پادىشاھ مىڭ دىنار بېرىشنى بۇيرۇدى . بەختەك :

— ئەي ، شاھىم ، خەزىنىدە بىر پۇلمۇ قالمىدى ، سارايىنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سالدۇرىدىغان ئىشمۇ چالا قالدى . مىڭ دىنارنى نەدىن تاپاي ؟ — دېدى ۋە :

— يەتتە يىل بولدى ، يەتتە شەھەرنىڭ يەتتە يىللىق خىراجى كەلمىدى . شۇڭا ھازىر ئىقتىسادىمىز قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . زىمىستان كىرىپ كېلىۋاتىدۇ . ھېچقايسى پادىشاھ بۇنداق سوغۇقتا توي قىلمايدۇ . ئەمىرنى توي تەرەددۇتىدىن توختاتسىلا ، تويىنى ئەتىيازدا قىلايلى . چوكان يېشىلسە ، چېچەك ئېچىلسا ، يەتتە شەھەردىنمۇ مال ئېلىپ كەلسە ، شۇ چاغدا پاراغەتتە توي قىلساق ، ياخشى ئەمەسمۇ ، — دېدى . پادىشاھ ئەمىرگە قارىدى . ئەمىر ئورنىدىن قوپتى ۋە تويىنى ئەتىيازغا قويدى .

— بىر كىشى بېرىپ مال ئېلىپ كەلسۇن ، — دېدى نۇشىرۋان ، ھېچكىم قوبۇل قىلمىدى . ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بىر كىشى مەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ بارسۇن ، — دېدى . قارۇن دېۋە بەند :

— مەن باراي ، لېكىن بىر شەرتىم بار ، مەن يەتتە قېتىم گۇناھ سادىر قىلمىغۇچە مېنى ئۆلتۈرمىسۇن ، — دېدى . ئەمىر قوبۇل قىلدى . تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن يولغا راۋان بولۇشتى .

## پەسلى داستان ، ئەمىرنىڭ يەتتە تاقى ئىسكەندەرىيىگە بارغانلىقى

يولغا چىقىش ئالدىدا بەختەك قارۇننى بىر چەتكە چاقىرىپ ئۇنىڭغا بىر ئاز زەھەر بەردى ۋە يەتتە شەھەرگە خەت يېزىپ ئۇنىمۇ تۇتقۇزدى . ئاندىن :

— قانداق قىلساڭ قىل ، سەن بۇنىڭغا زەھەر بېرەمسەن ، ياكى جەڭ قىلامسەن ، ئىختىيار ئۆزۈڭدە ، ئىشقىلىپ يىگىت ئۆلسۇن ، — دېدى .

ئەمىرمۇ بىرنامە يېزىپ خوجا ئۆمەرگە بەردى ۋە :

— بۇ خەتنى مەككىگە بېرىپ ، دادامغا بەرگىن . مېنىڭ ھالىم دادامغا مەلۇم بولسۇن ، — دېدى .

— مېنىڭ مۇشۇنداق چاغدا سىزدىن ئايرىلىشىم مۇۋاپىق ئەمەسمىكىن دەيمەن ، — دېدى ئۆمەر .

— خۇداغا تەۋەككۇل قىلدىم ، — دېدى ئەمىر ، — سەن ھازىرلا مەككىگە بار ، مېنى يۇناندىن تاپقىن .

خوجا ئۆمەر ماڭدى . ئەمىرمۇ قارۇن بىلەن يولغا چىقتى . ئۇلار مېڭىپ ئىككى يولنىڭ ئاغزىغا يەتتى .

— قايسى يولدىن ماڭىمىز ؟ — دەپ سورىدى ئەمىر قارۇندىن .

— ھەر ئىككىلا يول يۇنانغا بارىدۇ ، — دېدى قارۇن ، — سول تەرەپتىكىسى ياخشى يولدۇر ، ئەمما ئۈچ كۈنلۈك چۆلى بار ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كەنتكە ، سۇ بار يەرگە چىققىلى بولىدۇ . ئوڭ تەرەپتىكى يولنىڭ چۆلى يوق . ئەمما ئوت ، ئوتۇنسىز تاشلىقدۇر . ئاتلار جاپا تارتىدۇ ، — دېدى . ئەمىر :

— سۇ ئېلىۋېلىپ مۇشۇ يول بىلەن ماڭايلى ، ئۈچ كۈنلۈك چۆل ئاسانراقكەن ، —

دەپ بۇيرىدى . خىزمەتكارلار ئۈچ كۈنلۈك سۇ ئالدى .

قارۇننىڭ ئون مىڭ كىشىسى بار ئىدى . يىگىرمە كۈنلۈك سۇ ئېلىشقا بۇيرۇدى . ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز ماڭدى . قۇمدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى . ئەمىر :

— ئۈچ كۈن ماڭدۇق ، چۆلدىن قاچان چىقارمىز ؟ — دېدى . قارۇن :

— يېقىنلىشىپ قالدۇق ، — دېدى .

ئەلقىسسە : ئۇلار شۇ ئىسكەتتە ئون كۈن ماڭدى . بۇ قۇملۇقتا كىلەدىن باشقا نەرسە ئۇچرىمايتتى . ئەمىر ئارقىسىغا قارىدى . ھەممە لەشكەر تەشنالىقتىن جان تالىشىۋاتاتتى . سەككىز مىڭ كىشى تەشنالىقتا چۆلدەرەپ ئۆلدى ئات - ئۇلاقلىرىمۇ ئۆلدى . ئەمىر قارۇننى چاقىرتىپ :

— ئەي قارۇن ، سەن ماڭا نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— يولنى خاتا مېڭىپتىمىز ، — دېدى قارۇن ، — ئەسلى يەنە بىر يول ياخشى يول ئىكەندۇق . ماڭا بىر گۇناھ يېزىلسۇن ، — دېدى . قارۇنغا بىر گۇناھ يازدى .

— سېنىڭ لەشكىرىڭ ماڭا بىر چۆگۈن ، يا ، بىر قاچا سۇ بەرسۇن ، ئاغزىمنى ھۆل قىلىۋالاي ، — دېدى ئەمىر قارۇنغا ، قارۇن يەنە ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىشنى ئويلىدى .

خوجا ئۆمرى بولسا مەككە يولىدا يېقىلىپ قالدى . يېنىدا ھەزرىتى خىزىر پەيدا بولدى . ئۇ خوجا ئۆمرىغا بىر ئاپتاۋا سۇ بېرىپ :

— قارۇن ئەمىرنى چۆلگە سالدى . ئەمدى زەھەر بېرىشنى ئويلاۋاتىدۇ ، — دېدى ۋە خوجا ئۆمرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ، پۇتىنى پۇتىغا قويۇپ ، يۈرۈپ كەتتى .

قارۇن جامغا سۇ ئېلىپ ، بىر يېرىم مىسقال زەھەر سېلىپ ، ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئەمىرگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىچىشىنى كۈتتى . ئەمىر لەندەھۇرنىڭ ئۇسساپ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دېدىكى :

— مەن بۇ جاپالارنى ئاشىقلىقتىن تارتىۋاتىمەن . لەندەھۇر بولسا مېنىڭ ئۈچۈن تارتىۋاتىدۇ ، — دەپ ، سۇنى لەندەھۇرغا بەردى . لەندەھۇر ئۆمەر مەئدەكەرەپكە بەردى .

ئەلقىسسە : سۇ پۈتۈن بارگاھنى ئايلىنىپ ، ئاخىرىدا يەنە ئەمىرنىڭ قولىغا كەلدى . ئۇ ، جامنى لېۋىگە قويۇشىغا قۇلىقىغا «ئەي ، ئەبۇلئالى ھىندىستاننى ئۇنۇتتۇڭمۇ ؟» دېگەن سادا كەلدى . ئەمىر جامنى لېۋىدىن تارتىپ :

— بۇ نېمە ئاۋاز ؟ — دېدى . قارۇن :

— چۆل ئەمەسمۇ ؟ يا بىر ئەكس سادا ، يا جىن بولسا كېرەك ، — دېدى .

ئەمىر جامنى يەنە لېۋىگە ئاپاردى . يەنە : «ئەي ، ئەبۇلئالى ، زەھەر ئىچىۋاتىسەن !» دېگەن ئاۋاز كەلدى . ئەمىر جامنى لېۋىدىن تارتتى . ئۈچىنچى قېتىمدا خوجا ئۆمرى يېتىپ كېلىپ سورىدى :

— بۇ سۇنى سىزگە كىم بەردى ؟

ئەمىر قارۇننى ئىشارەت قىلدى . خوجا ئۆمرى سۇنى قارۇنغا بېرىپ :

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئىچ ، — دېدى . قارۇن ئىچكىلى ئۇنىمدى .

— ئەي نابىكار ! — ئۆمرى ، — ئەمىرنى ئاۋۋال چۆلگە سالدىڭ ، ئەمدى زەھەر بېرىپسەن .

قارۇننىڭ قولىدىكى جام گىلەمگە چۈشتى . گىلەم كۆيدى . قارۇن :

— ئەي ئەمىر ، بىر خىزمەتكارىمنى ئۇرۇۋىدىم . ئۇ مېنى ئىچسۇن ، دەپ مېنىڭ قەستىمدە زەھەر ساپتۇ ، — دەپ بىر خىزمەتكارىنى بىھۇدە ئۆلتۈردى . قارۇنغا ئىككى گۇناھ

پېزىلدى . ھەزرىتى خىزىر خوجا ئۆمرىگە بەرگەن ئاپتوۋىدىكى سۇنى ئەكېلىپ ئەمىرگە بەردى . ئەمىر ۋە بارلىق ئەشكەر ، ئات ئۇلاغلار ھەممىسى سۇنى ئىچتى . سۇ ئازراقمۇ كېمەيمىدى . ھەممەيلەن سۇغا قاندى . قارۇن «ئەمدى بۇلار بىلەن بىللە بولۇش ماڭا قىيىن ئوخشايدۇ . چۈنكى ، بۇ يەرگە خوجا ئۆمرى كەلدى» دەپ ئويلاپ ئەندىشىگە چۈشتى . قارۇن تۇن يېرىمىدا ھەزرىتى ئەمىرنىڭ لەشكىرىگە شەبخۇن ئۇرۇپ ، تۆت مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزى قاچتى . ئەمىر ئۇنىڭغا تۆت گۇناھ يازدى . لەشكەر بۇ يەردىن مېڭىپ يولغا چىقتى ، ئون كۈندىن كېيىن چۆلدىن چىقتى . لەشكەرنىڭ بىرىنچىسى ئۆمەر مەئدەكەرەپ ئىدى . ئۇلار بىر قوغۇنلۇققا چىقتى . قوغۇنلار سارغىيىپ پىشقان ئىكەن . ئۆمەر مەئدەكەرەپ «قوغۇنغا مەن تويمىغىچە ، باشقىلار يېمىسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى . ئۇ قوغۇندىن يەتتىنى يېگەندى ، قورسىقى ئاغرىشقا باشلىدى . ھەزرىتى ئەمىر يېتىپ كەلدى . ئۆمەر مەئدەكەرەپ قورسىقى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئەمىرگە ئېيتتى . ئەمىر «ھېچكىم قوغۇن يېمىسۇن» دەپ ئەمىر قىلدى . بۇ چاغدا تاغنىڭ ئىچىدىن بىر ئاۋاز كەلدى . خوجا ئۆمرى باردى . قارىسا بىر ئادەم باغلاقلىق تۇراتتى . ئۇنى ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى . ئەمىر ئۇنىڭدىن گەپ سورىۋىدى ، ئۇ :

— ئەي يىگىت ، مىڭ جىنىم ساڭا پىدا بولسۇن ، بۇ قوغۇننى مەن تېرىغاندىم . سىلەردىن ئىلگىرى بىر توپ لەشكەر كېلىپ ، سارغايغانلىرىنى ئۈزدى ۋە قۇدۇققا يەتتە مىسقال زەھەر سېلىپ ، قوغۇنلارنى سۇغا چىلاپ قويدى . — دېدى .

ئەمىر قوغۇن پىلەزلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇشقا بۇيرۇدى . پىلەزلەرنى يۇلۇپ قۇدۇققا سالدى ۋە قۇدۇقنى تىندۇرۇۋەتتى . ئۆمەر مەئدەكەرەپكە زەھەر قايتۇرىدىغان دورا بەردى ، ئاندىن قوغۇنچىغا ئىنئام بەردى . ئۇلار يولغا چىقىپ يەنە بىر مۇرغىزارلىققا چۈشتى .

قارۇن يۇنانغا يېتىپ كەلدى . فەرىدۇن شاھ ئالدىغا چىقىپ ، ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئۇ فەرىدۇن شاھقا بىر پارچە نامە بىلەن بىر يېرىم مىسقال زەھەرنى بەردى . خەتتە :

«مەن نۇشىرىۋان ئادىلدۇرمەن . بۇ ئەرەب بەچچىنى ئەۋەتىشتىكى غەرىزىم ئالتۇندا ئەمەس ، بەلكى ئۇنى يا جەڭ بىلەن ، ياكى زەھەر بىلەن بولسۇن ، ئۆلتۈرۈش . ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ ، قىزىمنى ساڭا بېرىمەن» دەپ يېزىلغاندى . قارۇن شۇ مەجلىستە ئۆلتۈرغاندا ، ئەمىر خوجا ئۆمرىنى خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى . خوجا ئۆمرى مېڭىپ ، بىر كەنتكە يەتتى . بۇ يەردە بىر مەردى كالان قوش ھەيدەپ يۈرەتتى . ئەمما ، ھەيدىيەلمەيتتى . خوجا ئۆمرى :

— ئەي بوۋا ، ئۆمرىڭىز دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتۈپتۇ . لېكىن قوش ھەيدىيەلمەيدىكەنسىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەسلىدە مەن زەرگەر ئۇستا ئىدىم ، — دېدى بوۋاي ، — مېنى ئۇستا زىرەك زەرگەر ، دەپ ئاتىشاتتى . مەن بىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدىم . مۇشۇ دېھقانچىلىق بىلەن گۇناھىم ساقىت بولسۇن دەپ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن ، — دېدى . خوجا ئۆمرى ئاشۇ ئۇستىنىڭ سۈرىتىدە ياساندى . بۇ ئۇستىنى فەرىدۇن شاھ «ئاتام» دەپ ئاتايتتى . خوجا ئۆمرى يۇنانغا بېرىپ ، پادىشاھنىڭ ئىشىكىگە كەلدى . پادىشاھ ئۇنى چاقىرىپ يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزدى . دەل شۇ چاغدا ياساۋۇل كىرىپ :

— تاج بۇيرۇتۇپتىكەنلا ، ئۇستىلار ئېلىپ كەپتۇ ، — دەپ خەۋەر قىلدى ، پادىشاھ دەرھال ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى . تاجنى ئېلىپ كىردى . پادىشاھ تاجنى ئۇستا زىرەكنىڭ ئالدىغا قويدى . باشقا ئۇستىلارمۇ ئۇستا زىرەك بىلەن بىللە تاجغا سەپسالدى .

— ئەي ئۇستا زىرەك ، — دېدى شاھ ، — شاگىرتلىرىڭىز تاجنى قانداقراق ئېتىپتۇ ؟

خوجا ئۇمرى تاجغا زەن سېلىپ قارىدى . بۇ تاجغا 99 دانە گۆھەر ئورنىتىلغان بولۇپ ، بىر دانە ئالىي دەرىجىلىك مەرۋايىتنى ھەممىسىدىن ئۇستۇنگە قاداپتۇ . بۇ مەرۋايىتنىڭ چوڭلۇقى توخۇ تۇخۇمىچىلىك بار ئىدى .

— بىر خاتالىق يۈز بېرىپتۇ ، — دېدى خوجا ئۇمرى .

— قانداق ؟

— ئۇستىلار بۇ مەرۋايىتنى ھەممىسىدىن ئوبدان دەپ بىلىپ ئەڭ يۇقىرىغا قاداپتۇ . قارىماققا تۇزۇكتەك تۇرىدۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ مەرۋايىت كاۋاك ئىكەن . ئىچىدە بىر تال يېشىل قۇرتمۇ بار ، — دېدى . ۋە مەرۋايىتنى سۇندۇردى ، دېگەندەك ، مەرۋايىتنىڭ ئىچىدىن قۇرت چىقتى . فەرىدۇن شاھ جاۋاھىر ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى . پادىشاھ ساندۇقنى ئېچىپ :

— بۇ جاۋاھىرلارنى كۆرۈپ بېقىڭ ، قايسىسى ئوبدان ، قايسىسى ناچارلىقىنى بۇ شاگىرتلىرىڭىزمۇ ئۆگىنىۋالسۇن ، — دېدى خوجا ئۇمرىگە . خوجا ئۇمرى تاجنى ساندۇقنىڭ ئۇستىدە قويدى ۋە :

— بۇ قاراڭغۇدا كۆزۈم ئانچە ياخشى پەرق قىلالمايدۇ ، — دەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى . ئىككى ياساۋۇلمۇ خوجا ئۇمرى بىلەن بىللە چىققانىدى . ئەمما ئۇمرى «بۇ يەردە كۆرەي ، ئاۋۇ يەردە كۆرەي ، مۇنۇ ياخشىكەن ، ماۋۇ ناچار ئىكەن» دېگىنىچە مېڭىۋېرىپ كۆزدىن يوقالدى . ياساۋۇللار بارگاھقا يىغلاپ كىرىپ «ئۇستا زىرەك ساندۇقنى ئېلىپ كەتتى» دېيىشتى . قارۇن :

— دېمەك ئۇ ، ئەبۇلئالىنىڭ ئوغلى ئىكەن-دە ، — دېدى . بۇ يەردە بۆكە باھادىر دەپ بىر پەھلىۋان بار ئىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇردى .

— ھەي قالتاق ، — دېدى قارۇن ئۇنىڭغا ، — بارما ، ئۇ سېنى رەسۋا قىلىدۇ .

بۆكە باھادىر ، ئۇنىماي ، خوجا ئۇمرىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى . خوجا ئۇمرى پالاقمان بىلەن ئۇرۇپ ئۇنى يىقىتىپ ، قورال - جابدۇقىنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنى يالىڭاچلاپ توڭغۇزدەك ياساپ ، قول - پۇتىغا زەنجىر باغلىدى . ئاندىن ئۆزى قولىغا ساز ئېلىپ ، توڭغۇز ئويناتقىنىچە فەرىدۇن شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى : «توڭغۇز» پادىشاھنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى . خوجا ئۇمرى يەنە ئۇنى قاتتىق ساۋاپ ئەپچىقىپ كوچىغا تاشلىدى . تونۇش - بىلىشلىرى باھادىرنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، ئۆيگە ئەكىلىپ ياتقۇزدى . خوجا ئۇمرى ھاجى توقان سوپىنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ كېلىپ بۆكە باھادىرنى داۋالايمەن ، دەپ ئۇنى ھاممامغا ئەكىردى . ئۇ يەردە داپ ، ناغرا سۇنايلارنى چالدۇرۇپ ، ھاممامدا چاھار مىخقا ئولتۇرغۇزدى . باھادىر ئازابقا چىدىماي قىقاس - سۈرەن سېلىپ كەتتى . بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان نۆكەرلەر :

— ئەي ھاجىم ، پەھلىۋان نېمە دەۋاتىدۇ ؟ — دەپ سوراشتى .

خوجا ئۇمرى :

— راسا چېلىڭلار ، يىرتىلىپ كەتسە باشقىدىن ياساتتۇرۇپ بېرىمەن ، دەيدۇ ، — دېدى . شۇ غوۋغا ئىچىدە باھادىرنىڭ جېنى چىقتى . خوجا ئۇمرى ئۇنى ھاممامنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . باھادىرنىڭ شاگىرتلىرى كۆرۈپ ، پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . قارۇن : «ئۇ ، خوجا ئۇمرى ئىكەن ، ئەمدى بۇ يەردە تۇرسام بولمىغىدەك» دەپ ئويلاپ ئىسكەندىرىيىگە قاراپ يولغا چىقتى .

خوجا ئۆمرى ئەمىرنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئەپكەلگەن ساندۇقنى خەزىنىگە قويدى . ئەمىر تاجنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى ، ئەمما بېشىغا چوڭ كەلدى . لەندەھۇرنىڭ بېشىغا دەل كەلدى . ئاخىرى تاجنى لەندەھۇرغا بېرىپ ، ئۇنى «تاجدار» ئاتاشتى . خوجا ئۆمرى ھەممىنى ھېكايە قىلىپ «مەلىكە ئادىل قارۇندىن سىزنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن» دېدى . ئەمىر :

— بۇ ، مەلىكە ئادىلنىڭ ئىشى ئەمەس ، بەلكى ، بەختەكنىڭ ئىشى ، — دېدى ۋە يولغا راۋان بولدى . فەرىدۇن شاھ ئەمىرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى . ۋە ئەمىرنى دەريا بويىغا چۈشۈرۈپ ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ، زىياپەت بەردى .

فەرىدۇن شاھنىڭ بىر قىزى بار ئىدى . مېھىرنىگاردىن قالسا ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان گۈزەل يوق ئىدى . ئۇنى مەريەم ناھىد دەپ ئاتايتتى . ئۇ ، راۋاق ئۈستىدە تۇرۇپ ئەمىرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى . ئەمىر زىياپەتتىن كېيىن لەشكەرگاھقا كەتتى . بۇ قىز ئەمىرنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك ئىنتىزار بولدىكى ، چىديالماي كېچىدە ئەمىرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ قوينىغا كىردى . ئەمىر ئويغىنىپ كېتىپ ئۇ قىزدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە سورىدى :

— كىم سىز ؟

— فەرىدۇن شاھنىڭ قىزىمەن .

— مەن سىزنى قوبۇل قىلسامۇ قىلاي ، دېدى ئەمىر ، — ئەمما ، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىڭ ، ئاۋۋال مېھىرنىگارنى ئالاي . ئاندىن كېيىن سىزنى ئەمىرىمگە ئالاي ، — دېدى . قىز يىغلاپ ، قايتىپ كەتتى . ئىككىنچى كېچىسى يەنە ئەمىرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتتى . ئەمىر قوبۇل قىلمىدى ، قىز چىقىپ كەتتى . لېكىن شۇ زامان ئەمىر بالاغەتكە يېتىپ ، ئېھتىلام بولۇپ قالدى . ئەمىر ئۆزىنى پاك قىلىشقا ھېچ نەرسە تاپالماي ، قول ياغلىقىدا ئېرتىپ ياغلىقنى يېنىدا قويدى . ۋە خوجا ئۆمرىنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى دېدى . خوجا ئۆمرى بېشىدىن تاجنى ئېلىۋېتىپ ، ئەمىر بىلەن بىللە سەرراپقا باردى . شۇ ئاردا مەريەم ناھىد كېلىپ ئەمىرنى ئىزدەپ تاپالماي ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىرىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى . كۆزى ئويغۇغا بېرىشىغا ئۇمۇ ئېھتىلام بولدى . ئۆزىنى ئەمىر ئىشلەتكەن ياغلىقتا پاك قىلدى . ياغلىقتىكى ئەمىرنىڭ نۇتفەسى مەريەم[1] ناھىدگە ئۆتتى . مەريەم ناھىد ياغلىق بىلەن تاجنى ئېلىپ كېتىپ قالدى . ئەمىر ھاممامدىن قايتىپ كېلىپ ، ياغلىق بىلەن تاجنى ئىزدەپ تاپالمىدى .

دەل شۇ چاغدا ، نىل قەلئەسى تەرەپتىن شەنگىل شەنگاۋ فىلى مەست كەلدى ، دېگەن خەۋەر كەلدى . ئەمىر چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى . شەنگاۋ ئۆلدى . ئۇنىڭ شەنگا دەپ ئۈچ ئايلىق بىر ئوغلى بار ئىدى . ئەمىر ئۇنى نىل بۇرجىغا پادشاھ قىلدى .

ئەمىر كەتكەندىن كېيىن قىزنىڭ قورسىقى چوڭىيىپ قالدى . بۇ ئىشنى قىزنىڭ ئاكىسى بىلدى . ئۇنىڭ ئىسمى بەندەدۇرۇن تادەئ يۇنانى ئىدى . ئۇ سىڭلىسىنى فەرىدۇن شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . قىز بولسا : «مەن تېخى ئىپپەتلىك قىزمەن» دېدى ۋە ھېلىقى ئېھتىلام بىلەن ياغلىقنىڭ ۋەقەسىنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بەردى . فەرىدۇن شاھ :

— خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىدىن بولسا ئەجەب ئەمەس ، — دېدى . توققۇز ئايدىن كېيىن مەريەم ناھىد بىر ئوغۇل تۇغدى . ئىسمىنى ئۆمەر بىن ھەمزە يۇنانى قويدى . ۋە بالىنىڭ تەربىيىتىگە مەشغۇل بولۇشتى .

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

[1] نۇتفە — سۇ ، مەنى سۇيۇقلۇقى .




(داستان)

## موللا قۇربان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «ئىمامى جەئفەرى سادىق» داستانى شائىر موللا قۇرباننىڭ ھىجرىيە 1287 (مىلادىيە 1870 ـ 1871) ـ يىلى يازغان تارىخىي تېمىدىكى مۇھىم بەدىئىي ئەسىرىدۇر. بۇ داستاندا ئىسلام تارىخىدىكى بەزى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئاساس قىلىنىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۆتىنچى قاتلام نەۋرىسى، ئىسلام تارىخىداتۆتىنچى ئىمام دەپ تەرىپلەنگەن ئىمامى جەئفەرى سادىقنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى شېئىر شەكلىدە بايان قىلىنغان. بۇ داستاندا ئىمامى جەئفەرى سادىق ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ خوتەن ۋە ئۇچتۇرپان رايونىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ خوتەن ۋادىلىرىدىكى قانلىق جەڭلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. گەرچە ئۇچتۇرپان ۋە خوتەن رايونىدىكى ئىسلاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى جەڭلەر ئىمام جەئفەرى سادىق ياشىغان دەۋردىن نەچچە ئەسىر كېيىن يۈز ① بەرگەن ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور بۇ تارىخىي شەخس بىلەن مەزكۇر تارىخىي ۋەقەلىكنى بىر بىرىگە باغلاپ ، بىر دەۋر، بىر ئورۇن ۋە بىر مۇھىت ئۈستىگە قويۇپ يازغان. ئاۋام خەلق ئارىسىدىمۇ بۇ ئىشلانى ئاشۇنداق چۈشىنىش ئومۇملىشىپ كەتكەن ۋە بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان.

بۇ داستاندا يەنە ئىسلام ئەللىرىدە مۇئاۋىيە بىلەن ھاشىمىيلار (ئۇممەييە ئەۋلادلىرى بىلەن ھاشىم ئەۋلادلىرى بولغان ئەلى تەرەپدارلىرى) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە بۇ جەرياندىكى قانلىق جەڭلەرمۇ قوشۇمچە بايان شەكلىدە بېرىلگەن. داستاندا سەلبىي شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان مەرۋان بولسا، دەل مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى شام ھۆكۈمدارىدۇر. ئەبۇ مۇسلىم ۋە زەينۇلئابىددىن قاتارلىقلار بولسا مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ھاشىمىيلار تەرەپكە ۋەكىللىك قىلغۇچى شەخسلەر بولۇپ، داستاندا بۇلار ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە مەدھىيىلىنىدۇ.

---

① ئىمامى جەئفەرى سادىق ھىجرىيە 83 ـ (مىلادىيە 702 ـ ) يىلىدىن ھىجرىيە 148 ـ (مىلادىيە 765 ـ 766ـ ) يىلىغىچە مەدىنىدە ياشىغان. خوتەن ۋە ئۇچتۇرپاندىكى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرى مىلادىيە 1018ـ يىلدىن 1040 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن.

داستاندا تىلغا ئېلىنغان سەبەدكوھ هازىرقى ئۇچتۇرپاننى كۆرسىتىدۇ . داستاندىكى
چىن ، ماچىن ، خوتەن ، ختا ، ختاي دېگەن جاي ناملىرىنىڭ هەممىسى ئۆز دەۋرىدىكى خوتەن
رايونىنىڭ خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتىلىشىدىن ئىبارەت . داستاندا بۇ رايوندىكى خەلقلەرنى
خوتەنىيلەر ، چىنىيلەر ، ماچىنىيلەر ، تۈركلەر ، قالماقلار ، قازاقلار ، كافىرلار ، تۈركىي
كاپىرلار ، تۈركىي خۇنخارلار ، خاقانىيلار دەپ ئاتىغان . ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ هەممىسى ئۆز
دەۋرىدە بۇ رايوندا ياشىغان ۋە ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەت-
كەن بىرلا ئۇيغۇر خەلقىدىن ئىبارەت . داستاندا خوتەن پادىشاھى توققۇز خاقان ۋە ئۇنىڭ
قىزى ئالىپ خاتۇن ، توققۇز خاقانىنىڭ مەشھۇر ۋە زەبەردەست پالۋانلىرىدىن سەلسەبىل
ختاي ، قەھرەمانى تۈرك ، بەرزۇيى تۈرك ، ياغمان تۈرك ، ئەسلەم تۈرك ، مەئدەن تۈرك ،
ئەمئەن تۈرك قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان . ئاپتور ئىسلامى-
يەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇلارنى قاتتىق قارىلايدۇ . ئۇلارنى قانخورلار ، بىھايالار ، مۇناپىقلار ،
كاپىرلار ، ختايلار ، بەدسىرىشتلەر ، بەدرەكلەر ، بەدبەختلەر ، سەگلەر ۋەھاكازالار دەپ تىللاي-
دۇ . ئەمەلىيەتتە بۇلارمۇ باشقا بىر مىللەت كىشىلىرى بولماستىن ، ئۆز دەۋرىدىكى خوتەن
رايونىنىڭ يەرلىك خەلقى بولغان ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان لەشكىرىي قوماندانلاردۇر . شۇڭا
بۇ تىل - هاقارەتلەر پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلاملاشتۇرۇش باهانىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان
تاجاۋۇزچىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، قىرغىنچىلىق ، ئۆكتەملىك ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقلارغا قەي-
سەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىغىلا قارىتىلغان بولۇپ ، باشقىلار-
نىڭ بۇ تىل - هاقارەتلەر بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق .

داستاندا تىلغان ئېلىنغان ئىجابىي شەخسلەر ئىمامى ئاسىم ، ئىمامى جەئفەرى سادىق ،
ئىمامى هاشىم ، تەلهە ئىبنى تۇغان قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن ، قىسمەنلىرى ئوتتۇرا شەرق
رايونلىرىدىن كەلگەن دىن تارقاتقۇچىلار بولۇپ ، ئۇلار بالدۇر مۇسۇلمان بولغان ئاتۇش ،
قەشقەر ۋە پەرغانە رايونىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قوۋملەرنى باشلاپ كېلىپ ، خوتەن
ۋە ئاقسۇ رايونلىرىدا دىن تارقىتىش ، مەجبۇرلاش ، قىرىش ، چېپىش پائالىيەتلىرى بىلەن
شۇغۇللانغان . داستاندا ئاپتور ئۇلارغا هېسداشلىق قىلىش مەيدانىدا تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ هەممى-
سىنى مۇسۇلمانلار ، لەشكىرى ئىسلام ، جەننىتىلەر ، بەختىيارلار ، ئۇلۇغلار دەپ مەدھىيىلەي-
دۇ . ئەمەلىيەتتە بۇلارمۇ پەقەت بىرنەچچە ئايرىم شەخسلەرنى هېسابقا ئالمىغاندا مۇتلەق كۆپ
قىسمى هەممىسى ئۇيغۇرلاردىنلا ئىبارەت . شۇڭا بۇ داستاندىكى ئاتالمىش مۇسۇلمانلار بىلەن
كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ (مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار
بىلەن كاپىر ئۇيغۇرلارنىڭ ) ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشتىنلا ئىبارەت ، خالاس .

ئىمامى جەئفەرى سادىق داستانى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ، شەخسلەر ئوبرازىنى
يارىتىش ، تىل ئىشلىتىش ، هېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان تارد-
خىي بەدىئىي ئەسەر بولۇپ ، تارىخ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ، تىل - سەنئەتى قاتارلىق
جەھەتلەردە يوقىرى قىممەتكە ئىگە .

لېكىن ، داستاندىكى قويۇق دىنىي خاهىش ۋە بۇنداق خاهىشلار بىلەن تولغان سۆز -
ئىبارىلەرگە جىددىي دىققەت قىلىشىمىز ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەنقىدلەش پوزىتسىيىسىدە بولۇ-
شىمىز زۆرۈر . تارىخىي مىراسلارغا باها بەرگىنىمىزدە ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تارىخىي ماتېرىيا-
لىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز ، هەممىگە ۋارىسلىق قىلىشقىمۇ ، هەممىنى
ئىنكار قىلىشقىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز ، شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشى-
مىز ، شاكالغىمۇ ، مېغىزغىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك .

شائىر موللا قۇربانىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 ـ يىللىق 4 ـ (ئومۇمىي 25 ـ ) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى . شۇڭا بۇ جايدا ئۇ ھەقتە توختالمايمىز . تۆۋەندە داستانىنىڭ تولۇق تېكىستى بىلەن تونۇشقايسىز .

ھەمدى بىھەد قىياسسىزۇ ھەدسىز ،
ئول ئىلاھىمغەكىم نىھايەتسىز .
بەس ، رەسۇلغە دەي مەلا مەئدۇد .
ئالى ئەسھابىغە سەلەۋات ـ دۇرۇد .
بەئدەزىن بىر تەكەللۇمىنى بەيان
ئەيلەيىن بارچە ئەھلى دىنغە ئەيان .
ھەق تەئالادۇر ھەيىي لايەنام ،
ئاپ ئىسيان ، مۇكەففەرى ئاسام .
قىلسە دەئۋەت بۇ ئىسملارنى كىشى ،
بولغاي ئاسان ئىكى جەھانىنىڭ ئىشى .
[بارچە] غەم غۇسسەدىن بولۇپ ئازاد ،
ھەرنە مەتلەبدۇر تاپغاي ئانچە مۇراد .
بولسە دۇنيا تەلەب قەنائەتنى ،
تەرك قىلماي تىلەپ بۇ ھاجەتنى .
[سىدقۇ] ئىخلاس ئىلە [دۇئا] قىلادۇر .
ھەق بۇ ھاجەتلەرىن رەۋا قىلادۇر .
چەكسە ھەركىم فەقىر بولۇپ تەڭلىك ،
رىزقۇ روزانەدە يېتىپ كەملىك .
روزگارىن قارارتسە يوقسۇزلۇق ،
رو بېرىپ تاپماسە دەمى ئۇزلۇق .
زالىمىدىن كۆرۈلسە زۇلمۇ جەفا ،
يا يېتىشسە شەماتەتى ئەئدا .
ياۋۇسە يا زەمانەنىڭ شەررى ،
ئافەتى ئافتابىنىڭ ھەررى .
تاپماسە چۈن كېتىپ ئەمانلىقدىن ،
كۆرمەيىن نەۋئى شادمانلىقدىن .
كەلسە ئالدىغە ھەر مۇھىم پىشە ،
قىلسە يا ئاخىرەتدىن ئەندىشە .
ياكى جەننەتدىن بولسا ئۇممىدۋار ،
يا ئەگەر بولسا تالىبى دىدار .
ھەر تەلەب ھەر مۇرادۇ ھەر مەقسەد ،
جىھەتىدىن ئوقۇسە ، ئىلاھىم رەد
قىلمايىن بارچە مەقسەدىنى بېرۇر ،
ساھىبىلجۇدۇ كىردىگارىم ئېرۇر .

يەتسە ھەركىمگە رەنج يا ئىللەت ،
كەلسە باشىغە يا بەلا مىھنەت .
ئول كىشى ئىسمىھايى رەببانى ،
ئوقۇبان بولدى چۈن دۇئا خانى .
ھەق دۇئاسىنى مۇستەجاب ئەتكەي ،
بارچە مەقسەد مۇرادىغە يەتكەي ،
ئۇشبۇدۇر ئىسمىھايى رەببانى ،
فارىھى دىل رەۋايىھى جانى .
زاتى پاكىڭ ۋۇجۇدى ، يا ئەللاھ ،
ھۇججەتى لا ئىلاھە ئىللەللاھ .
ئۇشبۇ ئىسمىڭنىڭ ھۆرمەتى ، يا رەب ،
زاكىر ئەت بەندەلەرنى ئەللاھ دەپ .
ئىلمى تەۋھىد بەندەلەرگە ئەتا ،
ئەيلەپ ئەتكىل مەئاپ جۇرمۇ خەتا .
ۋەر دو ئالەم دىھەندە ، يا رەھمان ،
سەندە يوق ئەيبۇ شىرك ئىلە نۇقسان .
ئاسىيدۇرمىزكى مەھز ئىمانلىغ ،
ئەھلى فاجىر زىيادە نۇقسانلىغ .
ئىسمى رەھمان ئىلە تەجەللى زۇھۇر ،
قىلساڭ ئولغاي بارى گۇنەھ مەغفۇر .
يار رەھىم ، ياخشى ۋەسفىلەر ساڭا خاس ،
ئەھلى تائەتكە بەرگەسەن ئىخلاس .
بەندەنى ، يا مۇسەببىبەل ـ ئەسباب ،
بەھرى رەھمەتدە ئەيلەگەچ غەرقاب .
فىسقۇ ئىسيانلارىن كەچۈرگەيسەن ،
مەئسىيەت دەفتەرىن ئۆچۈرگەيسەن .
يا مەلىك ، كىردىگارۇ يا مەننان ،
تەڭرى ھەژدە ھەزار ئالەمىيان .
پادشاھلارغە پادشاھدۇرسەن ،
پارچەمىزغە جەھان پەناھدۇرسەن .
شەھلىغىڭ باقىدۇر ، زەۋالى يوق ،
زاتى پاكىڭنىڭ ھېچ مىسالى يوق .
مىڭ خىجىلمەن ، ھەزار مىڭ ئەفسۇس ،
ئىززەتىڭ بىلمەگەنگە ، يا قۇددۇس .

قۇدسى ۋەسفىڭ بىلەن ئىمىشسەن پاك ،
جەھل بىھەد ، بۇ قۇلدا يوق ئىدراك .
نەززە ھەر شەيئىدىن ئۆزۈڭ تەجرىد ،
بەلكى تەفرىدۇ خاكۇ لىتتەۋھىد .
يا سەلام ، ئىسم ئېرۇر سەلامەتدىن ،
رەنج ئىلە زەئىف ، فەزھى ئافەتدىن .
بارچەنى بەندەگە ياراتقان ئول ،
سەقم زاتىغە تاپماس ئېرمىش يول .
ئافىيەتدىن بۇ قۇلنى قىل ئەنجام ،
كىردىگارا ، بىھۇرمەتى ئىن نام .
رەھمەتىڭ بەھرى ئىچرە يا مۇئمىن ،
سال بۇ مەھزۇننى ئەيلەبان ئىمىن .
لۇتفۇ ئىھسان ئېتىپ ئەدالەتدىن ،
ساقلاغىل زۇلم ئىلە سىياسەتدىن .
ئەھلى تەقۋاغە خۇش نىگەھبانسەن ،
ئاسىيلارغە رەھمۇ رەھمانسەن .
يا مۇھەيمىنۇ ئەي خۇدايى كەرىم ،
بارچە مۇئمىنغە رەھمەتىڭ تەئمىم .
خاس ئېرۇر ھەزرەتىڭدە دانالىق ،
ئاچۇغۇ ياشۇرۇندىن ئاگاھلىق .
ئىلتىفاتىڭ بەرابەر ، ئەي بارا ،
ئەسلى شەئنىڭدە يوقدۇر ئۇجبۇ رىيا .
يا ئەزىز سەن كەبى ئەزىز مەئبۇد ،
يوق ئىكەن بەئدە بولماغاي مەۋجۇد .
مەھزى تەبدىل كېلىپ بۇ ئىززەتكە ،
يەتكۇرەلگەي نېتىپ مەزەللەتكە .
شاھى ئالەمسەن ، ئەي ئەزىز غالىب ،
سايىلۇ شەھ بارى ساڭا تالىب .
بىرۇ بارۇ جەلىلۇ يا جەببار ،
خارۇ ئاجىزغە شەفقەتىڭ بىسيار .
بەندەلەر ھالىغە بېرىپ ئىسلاھ ،
نۇرى ئىمانىنى ئەيلەدىڭ مىفتاھ .
كۆڭلۇمىز بولدى مەئرىفەت گەنجى ،
يەتمەيىن دىلغە زەئف يا رەنجى .
مۇتەكەببىر ئونىنچى ئىسمىڭ نە ،
ئەزۋۇ نە جەۋھەر كۇفۇۋۇ جىسمىڭ نە .
ئەزەمەتدە خۇدايى بىھەمتا ،
بىرلىكىڭ بىچەگۇنە بىئىشتىباھ .
سەبتۇ ۋەھدانىيەت ساڭا بىزەن ،
چۇنكى ھەر نەرسىدىن تەجەررۇدسەن .
فاتىرى فىترەت ئۇززە ، يا خالىق ،
ئۆزلۈكىدىن ئەمەس بۇ پەيدالىق .
قۇدرەتىڭ بىرلە سەن پەدىد ئەتتىڭ ،
بارچە ئەشيانى ئافەرىد ئەتتىڭ .
يەتتە قات ئاسمانۇ ھەفت زەمىن ،
سۇنئىۇ قۇدرەتلەرىڭ مەكانۇ مەكىن .
ئەرھەمۇر – راھمىنە ، يا بارى ،
بەندە يىغلاپ قىلۇر ساڭا زارى .
نە ئۇچۇنكىم بۇ بەد فەئال ئاسىي ،
تائەتىڭغە يوق ئانچە ئىخلاسى .
ئافەرىنەندە كارى ئالەميان ،
ھەم نەباتۇ جەمادۇ ھەم زىيجان .
يا مۇسەۋۋىر تەمامى ئەشيانىڭ ،
سۇرەتىن ئەيلەدىڭ بارىن ئانىڭ .
كىلكى قۇدرەت بىلەن قىلىپسەن نەقش ،
جۇملە زىيجانغە ئەيلەدىڭ جان بەخش .
بارچە جانلىغنى ھەممە جانسىزنى ،
رۇتبەتەن ۋەزئ ئەيلەدىڭ بىزنى .
يازۇقۇمنى تىلەردە ، يا غەففار ،
نې دېگەيمەن ، گۇنەھلەرىم بىسيار .
سىدقى دىل بىرلە دېسەم ئەستەغفىر ،
يۈز تۈمەن تەۋبە ، مىڭ تۈمەن تەقسىر .
مەقبۇل ئەتسەڭ بۇ تەۋبە ئاھىمنى ،
شايەد ئۆتكەيمۇسەن گۇناھىمنى .
قەھر قىلمە قۇلۇڭغە ، ياقەھھار ،
بەندەڭ ئېرسەم ئەگەرچە بەدكىردار .
ھەممە ئەشيانىڭ غالىبىدۇرسەن ،
ئەھلى دىلنىڭ مۇتالىبىدۇرسەن .
سەندىن ئولغاي بۇقۇلغە مېھرۇ ۋەفا ،
ۋاسىل ئەيلەب دىلىم[غە] سىدقۇ سەفا .
قىلغاسەن لۇتفۇڭ ئىلە ، يا ۋەھھاب ،
رەھمەتىڭنى گۇنەھغە پەردە ، نىقاب .
ئەي ، ئۇلۇغ پادشاھى دەۋلەتمەند ،
بەندەمىز دەرگەھىڭغە ھاجەتمەند .
غافىرۇز – زۇنۇبسەن ئەتا ۋاھىب ،
ئاسىيلار رەھمەتىڭغەدۇر تالىب .
ئىننەكە مىننى نائىلۇت – تەلەبات ،
فەفزە ، يا ئەنتە قازىيۇل – ھاجات .

رىزقنى بەندەلەرگە ، يا رەززاق ،
خەلق ئېتىپ بەرگۈچىسەن ، ئەي خەللاق .
نازۇ نېئمەتنى يەپ تۈگەنمەيدۇر ،
سەندىن ئۆزگە كىمەرسەر بەرمەيدۇر .
ىسمى مەزكۇر بەھۇرمەتى رەھمان ،
رىزقىمىزگە يېتىشمەگەي نۇقسان .
كەرەسنە ، تەشنە بەندەلەرگە خۇسۇس ،
دەرمەن : ئەللاھۇ زىر ۋەلا تەنقۇس .
بىزگە ، يا فەتتاھ ، بابى رەھمەتنى
ئاچقاسەن ھەم دەرى سەئادەتنى .
چۇن بۇ دەھر ئىچرە دىلنى شاد ئەيلەپ ،
ئاخىرى ئىشلارىن كۆشاد ئەيلەپ .
فانى ئالەمدە فەتھى بەخشايىش ،
بەرگەسەن ئاخىرەتدە ئاسايىش .
يا ئەلىما ، بەغايەتى دانا ،
ئىلمىكىم لا تەئەد ۋەلا تەھسا .
ئەزەلىدۇر بۇ ئىلم ئەمەس ھادىس ،
كەسب ئەمەس يوق مۇڭا سەبەب باﺋىس .
ئالىمۇل - غەيب ئېرۇركى بىر سىفەتىڭ ،
قالغاي ئەخفا نېتىپ ئەلانىيەتىڭ .
مۇمكىناتى جەمىئى بۇقەلەمۇن ،
ئىلمىڭدە بارى ئەمەس بىرۇن .
بولسەگەر بۇندە قۇربى بىپايان .
بارچەسى ئىلمىڭ ئىچرەدۇر يەكسان .
كىردىگارا ، بىھۇرمەتى ئىن نام ،
قىل ئەتا ، ئەقلۇ ئىلم ئېرۇر ماڭا كام .
ئەيبۇ نۇقساندا بەندە ، يا قابىز ،
ھەملى ئىسياندىن قامەتى ناقىز .
ئەيب ئىلە نۇقسۇ فىسقۇ ئىسيانى ،
دەفئ قىلساڭ بۇ بەندەدىن ئانى .
گەر قۇتۇلسە بەلا يۇكىدىن بۇ ،
تەختى جەننەت دېگەن مۇڭا ئۇشبۇ .
ھەممە ئالەمگە رىزق ، يا باسىت ،
بەرگۈچى سەنسەن بەندەلەر قانىت .
ئەي خۇداۋەندى خالىقۇلمەخلۇق ،
رىزق ۋادىندە ۋاسىئۇلمەرزۇق .
ئىسمى باسىتنىڭ ھەققى ھۇرمەتدىن ،
ھەم ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغ ئىنايەتدىن .
بەرەكەت بىرلە رىزقىمىز [نى] كۆشاد ،
قىلغاسەن ھەردەم نىئمەتىڭ[نى] زىياد .
ئۆز خەزىنەڭنىڭ رىزق ئىشكىنى ئاچ ،
بەندەنى قىلمە بەندەگە مۇھتاج .
ئەيلە ئەئدانى پەست ، يا ھافىز ،
ۋەسنىيە ، مەجۇسىيۇ چۇن رافىز .
فىرقە - فىرقە تەمامى بەد مەزھەب ،
بارچەسىن پەست قىلغاسەن ، يا رەب .
دىنى ئىسلام ئىلمەرىنى بەلەند ،
قىلغاسەن رەۋنەق بەرگەچ ، ئەي خاۋەند .
ھەم مۇرۇجى شەرىئەتى غۇررا ،
تىز بۇرھانىن شەمشەرىن بۇررا .
ئەيلەبان دىنىمىزغە قۇۋۋەتنى ،
بەرگەسەن ئانچە فەتھى نۇسرەتنى .
بەرمەيىن دىن ئىشىدىن ئۆزگە زەرۇر ،
جۇملە مۇئمىننى قىلغاسەن مەسرۇر .
ياد ئېتىپمەن ئۆزۈڭنى ، يا رافىئ ،
قىلماغايسەن تەلەبلەرىم زايىئ .
چۇن گىرىفتارىئى بەلادۇرمەن ،
ناتەۋانلىقغە مۇبتەلادۇرمەن .
كەچۇرەلمەس بولۇپ مەئىشەتنى ،
باشغە ئالدىم ئەلەمنى ، مىھنەتنى .
يەتمەيىن سەندىن ھالىمە شەفقەت ،
تاپمادىم كەسبۇ كاردىن بەركەت .
رەھم قىل مەن قۇلۇڭغە ، ئەي دانا ،
سەن ئېرۇرسەن خۇدايى بىھەمتا .
مەن غەرىب خارۇزارى بىر بەندە ،
سۇنئى قۇدرەتنىڭ بارچەسى سەندە .
ۋەسل قىلدىم بۇ ۋەسفى رىفئەتنى ،
قىل ئەتايى بۇ قۇلغە دەۋلەتنى .
يا مۇئىززۇ ، ئەزىزلىق تىلەدىم ،
ھەرنە ئەرزىمكى بار ئۆزۈڭگە دېدىم .
تاپسام ئەلبەتتە ھەر نېچۇككى ئىلاج ،
زىيفى ئىنسانغە بولمايىن مۇھتاج .
ئۆز نەسبەمگە مەن بولۇپ قانىئ ،
بولسە كۆڭلۈمدە كۇللۇ جۇزۇ تەمىئ .
مۇتلەقا ئول تەمەئنى ئەلدىن ئۈزەي ،
پىشەئى راست ئىلە ئۆزۈمنى تۈزەي .
دەپ تەۋەككۇل قىلىپ ساڭا ئىشەنىپ ،
تۇردۇم ھەردەم پەناھىڭا ساغىنىپ ،

ئەي خۇدايى جەھان ، مەكانۇ مەكىن ،
ئۇشبۇ دەئۋەت قەبۇل قىلۇرمۇ ئىكىن .
شەرمسىز زالىمى ۋە ھاسىدنى ،
خار ئېتىپ فائىلانۇ فاسىدنى .
ئەزكىيافە ئەتا قىلىپ ئىززەت ،
فۇقەرالارغە بەرگەسەن دەۋلەت .
يا سەمەئ ، يا بەسىرۇ خالىق تاق .
كۆزگە ھاجەت يوق ئاڭلاماقغە قۇلاق .
قۇدرەتىڭ بەسكى ئىشتەسەن بىگۇش ،
كۆرمەكىڭ ھەم [تەرزى] ساھىب ھۇش .
ھاجەت ئېرمەسكى ھاجەتىم ئىزھار
قىلماق ئەئيان ئۆزۈڭگە ، يا جەببار .
[يا] ھەكىم ، ھۆكمۈڭ ئانچىنان نافىز ،
ھەرنە ھۆكم ئەيلەسەڭ ئېرۇر جايىز .
ھەرنەنى ، بول دېسەڭ ، بۇ دەم [بو]لادۇر ،
گەرچە «يوق بول» ، دېسەڭ ئەدەم بولادۇر .
ھەممە زىبىجان ، فەرىشتە ئادەمىزاد ،
شاھۇ خاقان ، گەدا ساڭا مۇنقاد .
ھەرنەگە ھۆكم قىلساڭ ، ئەي رەھمان ،
كىمدە ھەد باركى تۇتماغاي فەرمان .
ئەبدۇ مۇزنەبنى ، ئەي خۇدايى كەرەم ،
سىررىڭە ئەيلەي خاھلاساڭ مەھرەم .
داد ، يا ئەدل ، دادخاھدۇرمەن ،
سايىل ئېردىم كۈنۈن گەدادۇرمەن .
ئاھۇ فەرياد ئىلە فىغان ئەتسەم ،
ھېچ ئەجەب يوق مۇرادىمە يەتسەم .
دادى [ئەد]لىڭدە يوقتۇر ئۇجبۇ رىيا ،
رىشۋە شەئنىڭدە بولماغاي ئەسلا .
پادشاھا ، سورۇپ بۇ دادىمنى ،
بەرگەسەن مەقسەدۇ مۇرادىمنى .
يا لەتىف ، ئىلتىفاتىڭ ئانچە فۇزۇن ،
بارچە ئاسبىدىن ئافىيەت مەسنۇن .
بەخش ئېتىپ بەندەگە ئەمانلىقنى ،
تەربىيەت بىرلە مېھرىبانلىقنى .
ئەدلۇ ئىھسانىنى كۆپ ئەتا قىلاسەن ،
ھەممە ئەھۋال ئارا ۋەفا قىلاسەن .
سەئب مۇشكىل كەتۇرمەيىن تەڭلىك ،
بارچە لا بەددەسىدە يوق كەملىك .
يا خەبىر ، ئەي خۇدايى بۇزۇرگۋار ،
مۇژدە سەندىن بىشارەتى بىسيار .
قىلمايىن بەندەلەرنى سەن گۇمراھ ،
باخەبەر ، ھەممە نەرسەدىن ئاگاھ .
قازىسەن ، پادشاھسەن ھاكىم ،
بارچە ئەشيانىڭ راستىغە ئالىم .
تا ئەزەلدىن [ئەبەد] مۇقەللىد ئەمەس .
ئىككى ئالەمگە بولدى ھۆكمۈڭ بەس .
مەغرىفەت ئەيلەگەيسەن ، ئەي غەففار ،
ھەددىن ئارتۇق ئۇلۇغ گۇناھىم بار .
يا ھەلىم ، ئاسىيلار ئەقۇبەتىدىن ،
ئۆتكەسەن ئۇشبۇ ئىسمىڭ ھۆرمەتىدىن .
بىرۇ بارا ، غەرىقى ئىسيانىنى ،
دەفئ ئېتىپ قۇتقارۇسەن ئىنسانىنى .
يا ئەزىم ، ئەززەمەتدە سەن يەكتا ،
فەردۇ فەردانىيەتدە بىھەمتا .
بۇ ئۇلۇغلۇقدا شۇبھەسىز بىرەيب ،
خاسۇ خاسەڭدۇر ئەلىم ئالەمى غەيب .
خاھلادىڭ بىرنى ئەغنىيا قىلدىڭ ،
بىرنى شەھ ، بىرسىنى گەدا قىلدىڭ .
مەھۇ ئېتىپ جەبھەدىن بۇ مىھنەتنى ،
بەرگەسەن فىرقى شەرگە ئىززەتنى ،
يا غەفۇر ، يا شۇكۇر ، بىئىسمى جەمال ،
تەڭرى يەزدان ، پاك ، جەلل جەلال ،
بەدتەرىن بەندەمەن گۇنەھكارى .
ئەيب ئىلە قۇبھىنىڭ گىرىفتارى .
رەھم - شەفقەت بىلەن گۇنەھنى كەچۇر ،
ئەشقىيا دەفتەرىدىن ئاتنى ئۆچۈر .
پاك ئېتىپ ئەقلۇ رۇھۇ جىسمىمنى ،
ياخشى زۇمرەسىدە [قىلغىل] ئىسمىمنى .
سابىق ئەيلەرسەن ، ئەي خۇدايى تەئال ،
شۇكر گويەندەگانىدىن ھەر ھال .
يا ئەلى ، مەرتەبەڭدۇر ئانچە بەلەند ،
رىفئەتىڭ ۋەسفىنى دېسەم ھەرچەند .
روزۇ شەب مەھلەر ئىچرە ھەر سالى ،
بىرسى خەتم ئولماغاي چۇنان ئالى .
يا كەبىر ، شەئن - شەۋكەتىڭ نە دەي ،
جامى ۋەھدەتىدىن تاتسام ئەندەكى مەي .
مەستەمەن غەير ئىختىيارى بولۇپ ،
بۇ ئۇلۇغ شەئن تىلغە جارى بولۇپ .

سۆزگە كىرسەم كەلامى ۋەسفىڭدىن ،
سۆزلەيەلمەسمەن بىرنى يۈزمىڭدىن .
ئەي ئەزىمۇش ـ شەئىن ، خارلارنى بەلەند ،
قەدرۇ دەۋلەتكە قىلغاسەن پەيۋەند .
يا ھەفىز ، بەندەگە نىگەھبانسەن ،
قىلغۇچى بارچەغە قەدىردانسەن .
ئابۇ ئاش ، جامە ، نازۇ نېئمەتنى ،
بەرگۇچى تۇئمەسىدە ۋۇسئەتنى .
يەرۇ كۆكنىڭ ئەلەم بەلالارىدىن ،
رەنجۇ ئافەت ، مەرز فەزالارىدىن .
ھىفز قىلماق ئېرۇر سېنىڭ كەرەمىڭ ،
بولسە نابۇد بارى سېنىڭ نە غەمىڭ .
يا مۇقىتۇ زات ، سەندەدۇر قۇدرەت ،
بەندەنىڭ قۇدرەتىدە يوق كىسرەت .
ئەھلى ئىمان قىلۇرغە تائەت تەي ،
قۇۋۋەتى جۇزئى بەرگەسەن ، يا ھەي .
يا ھەسىب ، ئىننە ھەسبۇنەللاھۇ ،
ئەئلەمۇ ئەئلا ئەئزەمەللاھۇ .
ھەر فەزايىلكى سەندەدۇر مۇسبەت ،
جۇملە ئىنسانغە ئولدۇرۇر بەركەت .
قۇدرەتىڭ بىھەد ، بىنىھايە ئېرۇر ،
رەھمەتىڭ بارچەغە كىفايە ئېرۇر .
خاس مۇئمىنلەر رەھمەتىڭغە ، شەھا ،
قەۋمى كافىرغە لەئنەتىڭ قەتئا .
كىردىگارا ، بەھەققى ئىسمى ھەسىب ،
رەھمەتىڭنى بۇ قۇلغە ئەيلە نەسىب .
يا جەلىل ، زۇلجەلالى ۋەلمەلەكۇت ،
ساھىبىل ـ كىبرىيائى ۋەلجەبەرۇت .
يەرۇ كۆكنىڭ ئىلاھى سەندۇرسەن ،
بارچەمىزنىڭ پەناھى سەندۇرسەن .
مەۋجۇد ئېرمەسكى سەندىن ئۆزگە ئىلاھ ،
سەبتۇ ۋاھىدلىغىڭغە ئانچە گۇۋاھ .
ئۇشبۇ ۋەھدانىيەتكە بىر شاھىد ،
«ئىننەما»دۇر «ئىلاھۇكوم ۋاھىد» .
قىلمايىن بارچە دەئۋەتىم مەردۇد ،
ئەيلە مەقبۇل تەلەبنى ، يا زۇلجۇد .
يا كەرىم ، كارسازۇ بەندە نەۋاز ،
ئەي رەھىم ، بىنىيازۇ بىئىنباز .
پادىشاھۇ گەدا ساڭا مۇھتاج ،
ھەفت ئىقلىم ئەمرى زەررىن تاج .
بولسە گەردەندەدۇر ئەبۇدىيەت ،
سەندىن ئول بارچەغە ئەبۇبىيەت .
يا رەھىما ، كەرامەتىڭ ھەققى ،
بۇل تەرەھھۇم كەرىم ئاتىڭ ھەققى .
يا رەقىب ، بۇ ئىكى جەھاندا يەنا ،
يوقتۇرۇر سەندىن ئۆزگە پۇشتۇ پەناھ .
ھەممە ئالەم جەمىئى مەۋجۇدات ،
بارچەسى قۇدرەتىڭدىن ئولدى سەبات .
سەن يەنە بارچەنىڭ نىگەھبانى ،
قەبزەئى قۇدرەتىڭدە تەن ـ جانى .
سەيىيئاتىمنى ئەيلەبان تەھۋىل ،
ھەسەنات ئۇزرە تاپشۇرۇپ تەبدىل .
بارچەنى ھىفزىڭ ئىچرە ئاسرارسەن ،
مەئسىيەتدىن بۇ قۇلنى ساقلارسەن .
يا مۇجىبەد ـ دۇئا ، ئىجابەت قىل ،
بەندەگە تائەتى كەرامەت قىل .
دادۇ فەريادۇ زارىغە يەتسەڭ ،
ھەر دۇئايىنى مۇستەجاب ئەتسەڭ ،
بولماس ئاندىن ئۇلۇغ سەئادەت ھەم ،
دەئەۋات ئولدى مەغزى تائەت ھەم .
رەھمەتىڭ ۋۇسئى كەڭرۇ ، يا ۋاسىئ ،
بەھرى بىپاياندۇركى ، ئەي سانىئ .
بۇ نە نەۋئى زىيادە ۋۇستەتدۇر .
ني ئەجايىب فەراخى نىئمەتدۇر .
رىزقى بىھەد قىياسدىن بىرۇن ،
جۇملە ئالەم بۇرىزق ئىلە مەمنۇن .
ساھىبى جانكى ئالەم ئىچرە بولۇر ،
زىندەگەرلىكنى رىزق بىرلە قىلۇر .
رىزقۇ نىئمەتنى ، ئەي ئەتا دانا ،
بەرمەسەڭ بىز نە ھال ئىدۇك ھالا .
شۇكر ، سەد شۇكر ، مىھرىبان تەڭرىم ،
بەردىڭ ئىمان ، جەسەدگە جان تەڭرىم .
قايسى بىر نىئمەتىڭگە شۇكر قىلاي ،
قايسى قۇدرەتلەرىڭنى فىكر قىلاي .
باسىتۇر ـ رىزق ھەم ئۆزۈڭدۇرسەن ،
ۋاسىئۇر ـ رىزق ھەم ئۆزۈڭدۇرسەن ،
بار سېنىڭ ھەر ئۇلۇغ خەزىنەلەرىڭ ،
دۇررۇ زەر فىرزە پۇر دەفىنەلەرىڭ .

گۇل خەزىنەلك خەزىنەگى رەھمەت ،
بارچە زىيجانغە ئاندىن گۇل نىئمەت .
شۇمچە قىلساك ئەتايى ، يا رەھمان ،
يەتمەگەي ئاندا زەررەچە نۇقسان .
يا ھەكىم ، يا ۋۇدۇد ، ئەي ئادىل ،
سەنسەن ئەللامە ، بەندەگان جاھىل .
بەندەلەر ھالىدىن ئۆزۈك ئاگاھ ،
دەم بەدەم با خەبەر بولۇپ ھەرگاھ .
بەندە گەر فىكر قىلسە ھەرقانداغ ،
سەن نە ھۇكم ئەيلەسەك بولۇر ئانداغ .
سۇنىڭ قۇدرەتلەرىڭدە مەھكەمكار ،
بەندەلەرگە مۇھەببەتىك بىسيار .
ئەۋۋەلا يا مەجىدە ، يا بائىس ،
سانى ئىرمەسسەنۇ ۋەيا سالىس .
مەجد بۇزۇرگ خۇدايى بەرھەقسەن ،
بىرۇ بارۇ يىگانە ، مۇتلەقسەن .
مۇردەلەر بەئىسنى قۇبۇرىدىن ،
ھەشرەگاھغە بارۇرغە گورىدىن .
زىيف بەئئاسىدىن ئەگەر يۇز مىلك ،
بولسە مۇمكىن ئەمەس سىينىلك غەيرىلك .
كىردىگارا ، ئەگەر قەبۇل ئەتسەلك ،
بەندەنىلك ئەزرى ھالىغە يەتسەلك .
مەھز يا رەببە ، دەپ نىدا قىلايىن ،
لەفزى ھەق بىرلە جان پىداقىلايىن .
بۇ نىچۇك سۇنىڭ بۇ [نې] قۇدرەتدۇر ،
بۇ نە ۋۇسئەتدۇر ، بۇ نە قۇۋۋەتدۇر .
مىلك گۇرۇھ بىر يىگانە قۇدرەتنى ،
زىكر ئىتەلگەي نە بىر ئىرادەتنى .
يا شەھىد ، ھەممە يەردە سەن ھازىر ،
بارچە غايىب ، خەفى ساڭا زاھىر .
كۇلل ئەشياغە سەن غەلابەتلىك ،
سۇنىڭ قۇدرەتلەرىلك تەفاۋەتلىك .
ھەر مەھەل بەندەلەردە بولسە پەدىد ،
ساڭا مەئلۇم بارىغە سەن شاھىد .
بەندەلەرنىلك سەلاھىغە تەۋفىق ،
بەرگەسەن كىردىگارى راستى تەرىق .
ئەنتە خەيرۇل ـ مۇھەقىقىن ، يا ھەق ،
ئىسمى ھەق تالىبىغە دەرسۇ سەبەق .
يا رەبا ، ئىلمى ھەق ئەتا قىلغىل ،
زىكرى ھەقغە دىلىمنى جا قىلغىل .
سالمايىن كۆڭلۇمە بەد ئەندىشە ،
ھەم نەسىب ئەيلە راستلىق پىشە .
يا ۋەكىل ، يا قەۋى ، ھىدايەتىمىز ،
سەن ئىرۇرسەن بىزىلك ھىمايەتىمىز .
ھىچ كىشەنچىم ئۆزۈڭدىن ئۆزگەدە يوق ،
گەرچە لايىق قىلالماسام قۇللۇق .
يەتسە باشىمغە خەيرۇ شەر كىش-پىش ،
ھەرنە قىلساك ئۆزۈڭدەدۇر خاھىش .
بىمۇ شابىھسەن ئانچە دانايى ،
مىسلى ئەنبازسىز تەۋانايى .
سەنسەن ئەقۋى چۇ بەندە ئەزئەفدۇر ،
ناتەۋانلىق بىلەن مۇخەۋۋەفدۇر .
سەنكى پەرۋەردىگارى بىمانەند ،
رەھم قىلغىل بۇ قۇلغە ، ئەي خاۋەند .
ئەجز ئەھۋالىمە بولۇپ نازىر ،
تائەتىلك سارى قىلغاسەن قادىر .
يا مەتىن ، يا ۋەلى ، ئىلاھىمسەن ،
پەرۋەرەندىم ، كەرەم پەناھىمسەن .
زاتى پاكىڭدا يوق رەكاكىيەت ،
يا ھەلىيەت سىنە مەلالىيەت .
سەھۋ ، غەفلەت ، بەتالەتۇ نىسيان ،
راھدا بولماس ئاندا نامۇ نىشان .
ئەي خۇداۋەند ، دوستىدارى ئىباد ،
ھاجەتىمنى ئۆزۈڭگە قىلدىم داد .
ھەردۇ ئالەمدە ئاسىي قۇربانغە ،
رەھم ئىتەرسەن جەمىئى ئىنسانغە ،
نامى ھەق يا ھەمىدۇ يا مۇھسى ،
قىلدىلك ئانى ئىھاتىمە خىزرى .
ھەر بەلانى بۇ ئىسمىلك ھۇرمەتىدىن ،
دەفئ قىلغىل رەسۇلۇك ئۇممەتىدىن .
ئىسمى يەزدان پاك ، ئايا مۇبەدى .
ھەست پەيدا كۇنەندە نىكۇ بەدى .
بارچە ئەشيانى سەن پەدىد ئەتكەن ،
ئادەمىينى شەقى ـ سەئىد ئەتكەن .
مەن قۇلۇڭنى قىلىپ سەئادەتناك ،
ئەفۋ ئىلە مەئسىيەتدىن ئەتكىل پاك .
فىسقدىن ، يا مەئىد يا مەھيى ،
پۇر ھەۋا كۆڭلۇمىزنى قىل نەھيى .

بار ئېتىپ بارچەمىزنى تىرگۈزگەن ،
رۇھنى قالىبىغە كىركۈزگەن .
مۇردە دىللارنى ئەيلەبان ئەھيا ،
قىل مېنى قۇللۇغۇڭدا پا بەرجا .
يا ئەزىز ، يا جەلىلۇ يا جەببار ،
باتىنىم ئىچرە مەئرىفەت توشقار .
ئەقل ھەيرەت ، ئايا مۇمىت ، يا ھەي ،
بۇ ئۇلۇغ سۇنئ قۇدرەتىڭغە نە دەي .
مۇردەگە جان بېرىپ تىرىلدۇرمەك ،
خاھىشىڭدۇر تىرىكنى ئۆلتۈرمەك .
زىندە دائىمسەن ، ئەي خۇداۋەندە ،
ئۆلمەكلىك يوق بۇ ئىككى ئالەمدە .
لەميەزەل ، لايەزالۇ يا قەييۇم ،
ئەزەلىيۇ ئەبەدلىكلىك مەئلۇم .
ھەر مۇزىل بۇ سىفەتلەرىلىك بىزەۋال ،
ئەيلەگەي يوقسە بۇدۇر ئەمرى مەھال .
كىردىگارا ، يېتىپ ساڭا ئاھىم ،
ئەيلە ئىمان لەھەددە ھەمراھىم .
قىلمە دىگەرگە بىزنى ، يا ۋاجىد ،
مۇستەمەند ، ھۇرمەتى بەيا ماجىد .
فەيز بەخش ئەيلەبان زەمىرىمىغە ،
تەربىيەت قىلغاسەن مۇنىرىمىغە .
ۋەسف فەردانىيەتدە ، يا ۋاھىد ،
سەنكى مەئبۇدى بارچەمىز ئابىد .
يا ئەھەد ئەھلى دىن مۇنەززەھ ئەھەد ،
ھۇججەتىلىك «لەميەلىد ۋەلەميۇلەد» .
يا ھەمىد ، بەندە مەنكى مەئبۇدۇم ،
سەن ئېرۇرسەن مۇرادۇ مەقسۇدۇم .
سالمە يادىڭدىن خەبەر دىلىمغە غەمى ،
دەي «ئەئۇزۇ بىكە مىنەسسەنەمى» .
فاتىرى كائىنات ، يا قادىر ،
قۇدرەتىڭدىن بارى ئېرۇر سادىر .
سەنسەن ،ئەي ھەق ،كەرىم ،سەخىيۇ غەنى ،
سەندىن ئېرمىش نە نەرسە مۇستەغنى .
قادىر ئىسمىلىك بىلەن تەجەللا قىل ،
ئەھلى تۇللاب مەتلەبىن بەرگىل .
قىلمە[1] ، يا مۇقتەدىر ، مېنى نەۋمىد ،
رەھمەتىڭدىنۇ ئاندىن ئەتمە بەئىد .
ئويغاتىپ دىلنى خابى غەفلەتدىن ،
ياپغاسەن پەردەئىنى ئىسمەتدىن .
يا مۇقەددىم ، تەقەددەمۇلىك ئەزەلى ،
مۇندا يوق قەدەمەتىڭغە شەرھى جەلى .
كىم تەئەققۇل بىلەن قىلۇر ئانى ھەسىر ،
مۇندا ۋەسفىڭنىلىك شەرھىن ئەيلەي قەسىر .
ئەي مۇقەددىم ، بۇ قولغە راست سەبىل ،
بەرگەسەن ئەيلەپ تائەتىڭغە دەلىل .
يا مۇئەخخىر ، دىلىمنى قىل مەنقەل ،
ئاتەشى ئىشقىدىن قويۇپ مەشئەل .
رەھمەتىلىك بولسا گەر ماڭا دائىر ،
دىلنى قىلغاي مۇھەببەتىلىك تەنۋىر .
سەندىن ئەۋۋەل نە باركى ، يا ئەۋۋەل ،
ئول كەبى يوق بىدايەتىڭغە مەھەل .
ئۇشبۇ ئەۋۋەللىقىلىك ئەمەس ھادىس ،
يوق ۋۇجۇدۇڭغە ئىللەتۇ بائىس .
بەلكى ئۆز زاتىلىك بىرلەسەن مەۋجۇد ،
يوق يەنە سەندىن ئۆزگە ھېچ مەئبۇد .
بىرۇ بارا ، تەكەللۇمى تەۋھىد ،
مودىن ھەم ئىنچىكە چۇ پالۇغ ژىد .
ئەينى بىباكۇ بىئەدەبدۇرمەن ،
خەۋفسىز مۇنچە سۆزنى دەپدۇرمەن .
دېگەن ئېرسەم خەتاۋۇ نىسياندىن ،
ھىفز ئېتەرسەن بۇ قۇلنى ئىسياندىن .
بارلىقىلىك بىقىياس ، يا ئاخىر ،
مەئلۇم ئېرمەس فەنا ساڭا زاھىر .
باقى سەنسەن ، مەگەركى ئىنسانى ،
بار ئەشيا بولۇر ئىمىش فانى .
باقى بەئد ئەز فەنايى ئەشياسەن ،
خۇد مۇئەببەد ھەياتى داناسەن .
مۇددەتى بىنەقەيت نەدۇر تولماق ،
ھەققى ئەغيار ئېرۇر فەنا بولماق .
كىردىگارا جەمىئى ئەئدانى ،
بەندەدىن دەفئ قىلغاسەن ئانى .
مىنكە خەيرۇلجەزائى يا زاھىر ،
مەئسىيەتدىن ئىبادىلىك ئەت تاھىر .
ئەيلەبان كۆڭلۈمە تەجەللى زۇھۇر ،

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «تىلمە» دەپ يېزىلىپ قالغان .

ساق رەۋشەن قىلۇر سىناد پۇرنۇر .
دۇن ۋە يا باتىن كۆرسەتۇرگە جەمال ،
تاپماغاي ھېچ بەندە قۇربى كەمال .
كۆرگەنى يوق جەھاندا ھېچ ئىنسان ،
ئالەمى غەيبدىنمۇ سەن پىنھان .
ئاسىي بەندەڭمەنۇ ئۇمىدىم بار ،
كۆرسەتۇر تاڭلە دەپ ماڭا دىيدار .
بەندە ئەزگەۋ ئەزەللۇ ، يا ۋالى ،
بار مۇئەييەن ئۆزۈڭگە ئەھۋالى .
ئەمرۇ فەرمان ھەمە ئۇلۇغ ئەھكام ،
سەندە جامىئ مەمالىكان بەتەمام .
ھەفت غەبرا ، سەما سىبنىڭ جاھىڭ ،
قەريە ۋادى بىلادى دەرگاھىڭ .
بىكبىرەك شەھلىغىڭغە تەخت ئىلە تاج ،
ئوردا قەيتۇرىغە ئەمەس مۇھتاج .
ھەم ئەمەس مەھكەمە ، ۋەزىر دەركار ،
نايىبى خەلقدىن بىرەلمەس يار .
پادىشاھى ھەقىقى سەندۇرسەن ،
بىنەۋالار رەفىقى سەندۇرسەن ،
فۇقىرالارغەدۇر مەدەد سەندىن ،
زۇلەماغە جەزايى بەد سەندىن .
ئەھلى دىنىنىڭ ۋۇجۇبىدۇر مىھرىڭ ،
كۇفرۇ تۇغيانغە خاس ئىرۇر قەھرىڭ .
يا ئەھەد ، ساھىبى ئەدالەتسەن ،
مالىكى قازىئى قىيامەتسەن .
تىل بىلەن دىلدا زىكرى ئىسمى ئەھەد ،
ئەھلى ئىمانغە ھەم بۇ ئىسم سەنەد .
پادىشاھا ، قىلىپ ماڭا ئىھسان .
ئەفۋ ئېتەرسەن گۇنەھلەرىم بىسان .
ئەلمەدەد تەۋسىفىڭدە ، يا مۇتەئال ،
ھەد ئەمەس قىلماق ئۆزلۈكۇمچە خەيال .
فايىقى سەن بەكۇللى مەۋجۇدات ،
سەندە يوقتۇر سىفاتى مەخلۇقات .
قۇدرەتى تەممەڭ بىلەن مۇمتاز ،
ھەردۇ ئالەمدە يوق ساڭا ھەمراز .
رەھمەتىڭغە بۇ ئاسىنى پەيۋەند ،
قىلغاسەن رۇتبە ئىززەتىمنى بەلەند .
ئەدلۇ ئىھسان ئۆزۈڭدە كۆپ يابەر ،
بەندەنىڭ فىئلى خۇلقىدۇر ئەبتەر .

سەن مىنىڭ مىھرىبان نىگەھدارىم ،
نەفسى شەيتان بىلەن تەبەھكارىم .
قىلماساڭ گەر ماڭا نىگەھبانلىق ،
قايدا بولغاي بۇ جانغە ئاسانلىق .
تۇبتۇ ئىننى ئىلەيكە ، يا تەۋۋاب ،
ئەفتەھى ، يا مۇفەتتىھەل - ئەبۋاب .
بار گۇنەھدىن [سەن] ئارىغلاماساڭ ،
بەھرى رەھمەت لەبىگە چىرلاماساڭ .
سەن قەبۇل ئەتمەسەڭ بۇ تەۋبەمنى ،
قايداغ ئىلتىپ يۈرۈي ئۇلۇغ غەمنى .
كىردىگارا ، كەرەم فەناھىمسەن ،
رەھم ئېتەرسەنكى پادىشاھىمسەن .
مەغفىرەت قىلغاسەنكى ، ئەي ۋالى ،
ۋەرنە كەچكەي مۇنىڭ نىچۇك ھالى .
يا كەرىم ، يا رەھىمۇ يا مۇنئىم
رىزقۇ نىئمەت ئەتا قىلۇرغە نەئىم .
رىزقى روزانە ، نازۇ نىئمەتنى ،
بەرەكەتنى ، فەراخى ۋۇسئەتنى .
ئىلتىفات ئەيلەگەيسەن ، ئەي رەززاق ،
ئەي كۇشايەندە رىزق خالىقى تاق .
ئەئنى ، يا مۇنتەقىم ، يامانلاردىن ،
فىتنەئى ئاخىرى زەمانلاردىن .
ئۆز فەناھىڭدا ئاسراپ ئاجىزنى ،
قەھرى ئەئدادىن ساقلاغىل بىزنى .
يا ئەفۇ ، يا رەئۇف ، بەندەلەرىڭ
فىسق - ئىسيانۇ بەدكۇنەندەلەرىڭ .
ھەشۋۇ لەھۋۇ ھەۋايى فەرسۇدە ،
باش ئاياغى گۇنەھغە ئالۇدە .
خاس قۇربان گۇنەھغە ئىستىئاب ،
تاپماپ ئېركەن يۈرۈرگە راھى سەۋاب .
كۆرسەتىپ شەرئىدىن ئۇلۇغ رەھنى ،
راست يولغا سالىپ بۇ گۇمرەھنى .
رەھمۇ شەفقەت قىلىپ بۇ ئاھىمنى ،
ئەفۋى رەھمەت بىلەن گۇناھىمنى .
ئەفۋ قىلغايسەن ، ئەي خۇدايى جەلىل ،
خاھى بىسياردۇركى ، خاھى قەلىل .
مەئرىفەت ، ئەفۋ ، رەھمەتىڭ دەريا ،
ئاندا غەرقاب ئېتەرمۇسەن ئايا .
مالىكۇل - مۇلكى قادىرى ئەللام .

ئەي ۋەيا زۇلجەلالى ۋەلئىكرام ،
كۆك بىلەن يەردە ھەرنە ۋاقىئەدۇر ،
ئول سېنىڭ قۇدرەتىڭگە تابىئەدۇر .
ھەممە ئەشياغەكىم سۇكۇن ھەرەكەت ،
بولماغاي سەن يۇرۇتمەيىن قۇدرەت .
ھەرنەكىم مەئدۇم ئولسە يا پەيدا ،
مۇتەسەررىف ساڭا بارى ئەشيا .
ھەددى ئەۋسافىڭ نەفغ سۇرغە دېسە ،
بىرسى مىڭدىن مەھال ئېرۇر تۈگەسە .
مالىكۇلمۇلكى ئىسمىڭ ھۇرمەتىدىن ،
قىل ئەتا خارلارغە ئىززەتىدىن .
جاھۇ مەنسەپ بىلەن تەۋانگىرلىك ،
تەختۇ دەۋلەت ئىلە تەناسىرلىك .
ئۇشبۇ نازىمغە ھەم بۇ خىسلەتنى ،
كۆرسەتۇرسەن مەقامى دەۋلەتنى .
ھەققى يا زۇلجەلالى ۋەلئىكرام ،
ئەبد ئەرزەل شىكەستەمەن ناكام .
ئەي خۇداۋەندا ، ساھىب ئىستىغنا ،
بۇ فەقىرنى قىلۇرسەن ئەھلى غەنا .
ئىسمى يا رەبغە سۇردۇم ئەمدى زەبان ،
سەنكى پەرۋەردىگارى ئالەمىيان .
قىل نەسىبى جەھاندا تائەتلەر ،
رەۋشەن ئەيلەپ كۆڭۈلگە تەۋفىق بەر .
بەر رىيادىن يىراق ئىبادەتنى ،
سىدق - ئىخلاس ئىلە قەنائەتنى .
قۇللۇغۇڭنى قىلۇرغە بەرگىل يول ،
ھەر ئەمەلكى قىلىپمىز ئەيلە قەبۇل .
سەكرەتى مەۋتنى قىلىپ ئاسان ،
خانەئى قەبر ئىچىدە قىل ئىھسان .
قىلسە مۇنكىر ، نەكىر فەرىشتە سۇئال .
بىزگە تۇشكەي جەۋاب بېرۇردە نە ھال .
دېسە «كىمدۇر خۇدايىڭىز ؟» يارەب ،
جارى قىل تىلغە «رەببى ئەللاھ» دەپ .
دادخاھ دەرگەھىڭدە ، يا مۇقسىت .
داد قىلدى بۇ دادىنى ئۇقسىت ،
پادشاھا ، ئەدالەتىڭ بىھەد ،
ئۇشبۇ دادىمنى قىلماغايسەن رەد .
بەردەۋام ھەمرەھىم ئەدۇۋۇۋ مۇبىن ،
شەررى شەيتاندىن قىلغاسەن ئىمىن .

جەمئ ئېتەرسەن دىلىمنى ، يا جامىئ ،
نەفئى مەخلۇقدىن ئەتمەيىن تامىئ .
جەمئ قىلساڭ ئەگەر قىيامەتدە ،
قويماغايسەن مېنى نەدامەتدە .
دەفتەرى سەئد ئارا ئاتىمنى پىتىپ ،
ئەھلى تائەتلەر جۇملەسىدىن ئېتىپ .
ئەھلى بەددىن بېرىپ بۇ قۇلغە پەناھ ،
ياخشىلار بىرلە قىلغاسەن ھەمراھ ،
زىكرى ئېتەي ، ياغەنىيۇ يا مۇغنى ،
قىلغاسەن بۇ فەقىر قۇلۇڭنى غەنى .
ھەممى مەخلۇق ئۆزۈڭگە ھاجەتمەند ،
بارچەمىز نىئمەتىڭ بىلەن خۇرسەند .
ھاجەتىڭ يوق سېنىڭ يانا بىرگە ،
بەرگۈچىسەن تەلەبنى مۇئسىرگە .
جۇملە ئالەم سېنىڭ خەزىنەڭدۇر ،
شەفقەتىڭ ئەفزۇن ، رەھمەتىڭ كەڭدۇر .
بار خەزىنەڭدە ئىللەتىمگە دەۋا ،
قىلغاسەن بارچە ھاجەتىمنى رەۋا .
مۇستەجاب [قىل] دۇئانى ، يا مۇئتى ،
بەندەمەن بولغان ئېرسەم ئەھلى مۇسى .
چۇن ئىجابەت قىلۇردا سەن دەئۋات .
مەنئ قىلغاي نەھەدكى مەخلۇقات .
بەندەلەرگە قىلىپ ئىئانەتنى ،
ھەر دۇئادا بېرىپ ئىجابەتنى .
ئەھلى مۇزتەرگە رەھم ئېتىپ ، يا رەب ،
مۇستەجاب ئەيلەسەڭ دۇئاۋۇ تەلەب .
ئاڭا بولدى ھەمىن زەمان مىئراج ،
شەھ بولۇپ قويدى باشغە ئول دەم تاج .
بەندە «يا مۇئتى» دەپ نىدا قىلادۇر ،
يەئنى قۇربان قۇلۇڭ دۇئا قىلادۇر .
قىل ئەتا بۇ جەھاندا دەۋلەتنى ،
ئاخىرەتدە بېھىشتى راھەتنى .
ھېفز ئېتىپ دەۋزەخ ئوتىدىن ئاندا ،
ئۆز جەمالىڭنى كۆرسە تۇرغاندا .
كۆزنى پۇر نۇرۇ بىھىجاب ئەتكىل ،
بۇ دۇئايىمنى مۇستەجاب ئەتكىل .
بولسە مەنئىڭ بىرەۋگە ، يا مانىئ ،
ئاڭا ھېچكىم بولالماغاي دافىئ .
يوق ئەتائىڭغە ھېچ مەۋانىئ راد ،

سەنكى مەنىڭ ئەتكەن ئەمردىن نە مۇراد ،
مەنىڭ قىلماي بۇ قۇلدىن ، ئەي بارا ،
قىلغاسەن ھەر دۇ تەلەپنى ئەتا .
ئەمرۇ فەرمان بىلەن ئېرۇر ، يا زار ،
بولسە يەر - كۆكدە ھەرنە ھادىسە - كار .
سەندىن ئولغان ئىرادە ئول بىشەك ،
خەيرۇ شەر ، رەنجۇ غەم ، زەرەر مۇھلەك .
پادشاھا بۇ ناتەۋانغە زەرەر ،
بەرمەگەيسەنكى مەنفەئەتنى مەگەر .
نەفئى بىمۇنتەھانى ، يا نافىئ ،
تەشنەگە تاكى بولغۇچە قانىئ .
ئىلتىفات ئەيلەگەيسەن ، ئەي ۋەھھاب ،
تاكى بولغاي بۇ كەرسەنە سىيراب .
چۇنكى ، يا نۇر ، بار ۋۇجۇدۇڭ نۇر ،
ئول جىھەتدىن ھەمىن سىفەت مەزكۇر .
نۇرى ۋەسفىڭ بىلەن تەجەللا قىل ،
خەستە كۆڭلۈمگە جاز مۇھەررا قىل .
جۇز سىپنىڭ يادىڭ تاپماي ئاندا مەكان ،
دىلنى قىلغايسەن زاكىرى رەھمان .
دىل ئۈيى تيرە فانۇس ئاندا كېرەك ،
ئەشئەلى نۇر يانغاي ئاندا كېرەك .
ئەۋجى مىسباھى مەئرىفەت يانغاي ،
فىكرى يادىڭ شەھى قەرار ئالغاي .
رەھنەما بەندەلەرگە ، يا ھادى ،
قىلدى بۇ خەستە دادۇ فەريادى .
ئەدل داناسەن ئۇشبۇ دادىمغە ،
تاكى يەتكۈزگەسەن مۇرادىمغە .
زىكرى فىكرىڭغە ئەيلەگەچ ۋاسىل ،
ھەر مۇرادىمنى قىلغاسەن ھاسىل .
يا بەدىئ ، قۇدرەتىڭ بىلەن كەۋنەين ،
ئافەرىدە بولۇپدۇرۇر مابەين .
يوق مىسالىڭ دو كەۋن ئارا سابىق ،
ياخشى ۋەسف ئىچرە بارچەغە لايىق .
بارچەمىزغە بېرىپ كۇشايىشنى ،
قىلغاسەن ئاسان ھەرنە بار ئىشنى .
باقى ، يا باقى ، سەن ئەمەس فانى ،
فانى ئالەم ، جەمئى ئىنسانى .
ئىلم - ئىمان باقىنى تىلەسەم ،
مەقبۇل ئولغايمۇ ھەزرەتىڭگە دېسەم .
بەردىڭ ئىمان ئەئەززى جەلىل جەلال ،
قىلماغايسەن بۇ قۇلدىن ئانى زەۋال .
جاننى ، يا رەب ، ساغا فىدا قىلايىن ،
ۋارىس ئىسمىڭ بىلەن نىدا قىلايىن .
... ... ... ... ... ... ... ... ...
ئىسمى زاتىڭغە تىل سۇرۇپ گويا ،
يۈرگەرنىم ھەم فەقىرغە ئەينى خەتا .
نې ئۇچۇنكىم ئۇزۇم ئەمەس ئالىم ،
تۈركىي سۆزگە مۇناسىب ئەھۋالىم .
زاتى پاكىڭدىن سۆز دېمەك مەندىن ،
لازىم ئېرمەس ئىدى زەئىف تەندىن .
كۆپ ئۇلۇغ ئىسملار ئىدى بىچۇن ،
بىلمەدىم مەن دېدىم ئىكىن نېچۇن .
ھەق دېگەن بولسام رەھمەتىدۇرمەن ،
چۇن خەتا بولدى لەئنەتىدۇرمەن .
ئىسملارنى ۋەسلە قىلغاندىن ،
كۆپ ئىئانەت تەلەب قىلىپ ئاندىن .
ھاجەتىمنى تىلەپ دۇئا قىلدىم ،
دادۇ فەريادۇ ، ئاھۇ ۋا قىلدىم .
مەندە گۇستاخلىق فۇرۇ كەتتى ،
بىئەدەبلىك كەمالىغە يەتتى .
زاتى سۇبھان ئىگەم مۇئاف ئەتسەڭ ،
بۇ گۇنەھدىن قۇلۇڭنى ساف ئەتسەڭ .
يوق ئەجەب قۇدرەتىڭگە باك ئېرمەس ،
غەير ئۇزۇڭدىن تەلەبلەرىم بەرمەس .
بەندە ئاجىز دىلىمدا پۇر تەقسىر ،
بولغاسەن مەتلەبىمدە ئۇزرى فەزىر .
تەئرىخى ئىنشا ھۇرۇفى غەفرىزدىن② ،
فەئرە مەئلۇم سەنە مۇمەييىزدىن .

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ ئۇرۇندىكى خەت ئۇچۇپ كەتكەچكە ، 10 بېيتنى ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى .

② غەفرىز (غفرز) _ ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1287 (مىلادى 1870 _ 1871) _ يىللارنى كۆرسىتىدۇ .

قاف ، را ، با ، ئەلىف بىلەن نۇندۇر ،[1]
ئىسمى نازىمغە ئۇشبۇ مەزمۇندۇر .
كوھ كەنتى مەزارەتى جەۋرۇش ،
نەزم— قىلماقغە تاپقان ئاندا يۇرۇش .
چۇن مەدەدكارى ئېردى تۇرت ئىمام ،
ماھى شەۋۋال ئىچىدە بولدى تەمام .

*

زىھى تەۋھىدى زاتىڭ شىممەسىن قىلمايسەن ئەندازى ،
بەشەر ھۇسنىغە مۇمكىن بولسە خۇد بولغاي زىيانكارى .
مەلەك بىئىزن ئەۋسافىڭغە سەندىن بولماغاي قادىر ،
بەيانى ھەمدىڭ ئەر ھامىدغەدۇر مەئدۇم مىقدارى .
ساڭا جىسمانىيەت ئەجزالارىدىن جۇز ئەمەس مەجرۇھ ،
ئەرازىنى ، سەمائىنى ۋۇجۇدۇڭ جىسمىدىن ئارى .
ۋۇجۇدۇڭغە نە ماھىيەت نەدۇر زاتىڭغە كەيفىيەت ،
جەۋاھىر ھەم ئەمەس بادى ، ئەمەس مافى ، ئەمەس نارى .
ھەۋاسىدىن نەدۇر بىر ھىس ، زەۋاھىردىن نەدۇر بىر شەي ،
دەلىلىڭ خالىقى كەۋنەينلىق بۇ سۇنئ مىئمارى .
ئۆزۈڭ ئالىم ، ئېرۇر مەئلۇم ساڭا ئىنساف ئەشيادىن ،
خەفى پوشىدە قالماي بارچەسى نەزدىڭدە ئىزھارى .
بۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ بارى مۇلكۇڭدۇر ، ئەي خەللاق
زەمىن ئەفلاك مەسكەن كانە ھاجەت شەھر ، يا دارى .
ئەھەق ۋاھىدلىقىڭ ،يا رەب ، شەرىك نۇقسانلىقنى تەير ،
ئەدەم قىلغان سەن ، ئەي رەھمان ، رەھىم ، ئەئداغە قەھھارى .
ۋۇجۇدۇڭغە سەدارەت قايدا ھاسىل كۇنھى زاتىڭغە ،
زەۋال ئېرمەسلىكىڭ ۋەجھى كەلامىڭ ئىچرە ئەزكارى .
لىسانىم بىر تىلىم فەم ئىچرە گەر يۈز مىڭ تىلىم قىلسام ،
سەزاۋار ھەمدە ئايتالغاي نە بۇ قاسىر گۇنەھكارى .
مۇھەممەد مۇستەفادۇلار تەبەررۇك ئىسمى سەللەللاھ ،
تۇفەيلى بائىسى ئەشيا ھەبىبى ھەزرەتى بارى .
كى تاجىل - ئەنبىيا خاتەم ، رەسۇل ئول سەييىدى كەۋنەين ،
رەسۇلۇس - سەقەلەين «تاھا»ۋۇ[2] «ياسىن» [3] خاس جەببارى .
شەفىئى ئاسىيان ئول روزى مەھشەر خەيلى ئۇممەتغە ،
ئەگەر ئىزن ئولسە ھەقدىن مەئسىيەت ئەھلىغە تۇممارى .
ھەرئان قەۋمۇمغە ئالەمدۇر شەفىئى ئۇممەتىم ئولدۇر ،
دەبان ئول مۇخبىرى سادىق قىلىپدۇر ئانچە ئەخبارى .
قىيامەت ئەرسەسىنىڭ شەھسەۋارى سەييىدى سادات ،

---

① بۇ مىسرادىكى ئاتالغۇلار چاغاتاي يېزىقىدىكى «ق» ، «ر» ، «ب» ، «ا» ، «ن» ھەرپلىرىنىڭ نامى بولۇپ ، بۇ ھەرپلەرقوشۇلسا ، ئاپتورنىڭ «قۇربان» (قربان) دېگەن ئىسمىنى ھاسىل قىلىدۇ .

② «قۇرئان كەرىم» 16 - پارە ، 20 - سۇرە ، 1 - ئايەتكە قارالسۇن .

③ «قۇرئان كەرىم» 22 - پارە 36 - سۇرە ، 1 - ئايەتكە قارالسۇن .

شەفائەت ۋەگدەسىنىڭ مۇجىبى زىيجانىنىڭ گەبرارى .
ئانىڭ شەئنىدە كەلمىش سۇرەئىكىم «ۋەززۇھا »① «ۋەللەيل »② .
تەھەررۇك گىيسۇيى بەس ئاسىيدىن يۈز مىڭغە بىر تارى .
ئىفادە مۇئجىزە مىئراجىدىن تاپماق ئىرادەڭ بار ،
ئىبسە ، كۆپ سۇرەئى «قۇرئان» قىرائەت قىلغىل ، ئەي قارى .
نە نەۋئى نەئتىدىن تىل سۇرسە مەنئۇتىغە لايىق ئول ،
مەگەر نەئت ئايغالى لايىق ئەمەس بۇ خەستەغە زارى .
ئۇلارغە يارى ئەۋۋەلدە ئابابەكر ھەزرەتى سىددىق ،
رەفىقى ھەزرەتى ئەھمەد ئىكەن ۋەھۇۋە فىلغارى .
ھەم ئانىڭ سىدقۇ قەزلى بابىدە ئايەت ئېرۇر نازىل ،
نەھەد ۋەسفىن ئەيان ئەتمەك تىلىمغە بولمايىن جارى .
فۇتۇۋۋەتدە ئەدالەت كەنز ئارا بىر گەۋھەرى ناياب ،
ئەقىدەت مەئدەنى ھەزرەت ئۇمەردۇر سانىيەن يارى .
ئاسامى ھەزرەتى ئۇسمان سىفاتى جامىئۇل قۇرئان .
رۇسۇمى قاتىلى ئەدۋان دىنى ئىسلامغە ئەنسارى .
چەھارۇم ھەيدەرى كەررار ئەلىيۇ شىرى يەزداندۇر ،
دېسە مىفتاھى ئىسلام يوق ئەجەب قەتتالۇ كۇففارى .
مېنىڭ ھەددىم ئىدىمۇ مەنقەبەتكەكىم تىل ئاچغايمەن ،
خۇداۋەندا ، نەبىي ھەم چەھار يار ئۇلماي مەدەد كارى .
چىرا مۇلكىنى لۇتفى ئەئزەمىدىن سانىئى مەنسۇئ .
ياراتغانمۇ ئىبادى بىبىزائەتلەرگە دەركارى .
قىلىپ پەرۋاز نۇزۇل ئەتكەن ئىكەنلەر مۇندا بىر شەھباز ،
ھەۋادا سەير ئېتەرغە بىنىھايەت ئېردى تەييارى .
مۇبارەك ئىسمى ئۇلارنىڭ ھەزرەتى جەئفەر ئىمامدۇرلار ،
نەبىيۇللاھغە جەڭگەھ ئىچرە ئېردىلەر ئەلەمدارى .
نەبىينى كىمكى بىر كۆردى سەھابە ئولدۇر ، ئەي ھەمراز ،
رەسۇلۇللاھغە خىزمەت قىلدى بىھتەردۇر ئانىڭ كارى .
ئەلەمدارى پەيەمبەردۇر ئىمامى جەئفەرى تەييار ،
ئانىڭ ھەققىدە نە دەرمىز ئەگەر بولساق تەلەبكارى .
تۇفەيلى زاتى پاكىدىن بۇ ئەسغەر يۇرت ئېرۇ ئاباد ،
شەھەر يەڭلىغ سەرا ئامادە مۇنداغ بەيئى بازارى .
بەسى مەئمۇر ، ۋەسىئۇر ـ رىزقى كۆپ ئەسباب ھەم مەۋجۇد ،
كى كاسىب ، ھۇرفەگەر بىسيار ، كاتۇنلاردە ئەتتارى .
نەفىس مەشرۇھ دەرايى ، ئەبرىشىم ، كەرباس ئىلە بالا
مەئىشەت بىرلە ئەل مەمنۇن ، فەراۋان فۇلس ـ دىنارى .
بۇ بۇزۇرگ مۇندا باردۇركىم يەمەن ھەم مۇندا جەمئ بولمىش ،

① «قۇرئانى كەرىم» 30 ـ پارە ، 93 ـ سۇرە ، 1 ـ ئايەتكە قارالسۇن .
② «قۇرئان كەرىم» 30 ـ پارە ، 92 ـ سۇرە ، 1 ـ ئايەتنىڭ باش سۆزىگە قارالسۇن .

بۇ مەۋزىئدە تاپىپ رەۋنەق غەنىدۇر ئەھلى تۇججارى .
چۇ مەئزۇنى شەفائەت روزى مەھشەر ئەنبىيا مۇرسەل ،
گەر ئولسە ئەۋلىياۋۇ مۇتتەقى كۆز سالسە رۇخسارى .
شەفائەت جەئفەرى تەييار ئىمامىم قىلسەلەر بىزگە ،
ئەجەم مۇلكىگە بەسدۇر كۆز ئۇچى بىرلەنكى نەززارى .
ئەقىدە قىلغان ئىنسان تاپماغاي مۇنداغ ئۇلۇغ دەرگاھ ،
تەلەبكار ئەرگە بۇ شەھ ھەر ئىكى ئالەمدە غەمخارى .
ھەر ئانچە ئىرتىكابى مەئسىيەتدۇرسەن تەلەب كۆرسەت ،
دىلىڭنىكىم دەما دەم تىشلەسە غەم - غۇسسەنىڭ مارى .
ئەگەر كەجرەۋ فەلەكدىن باشىڭە ھەر ئاسىبى يەتتى ،
بۇ شەھغە ئەرزى قىل ، يەتكۇرسە زۇلمى بىر ستەمكارى .
نەبىينىڭ ئالى ئەسھابى بارى ئىنساندىن ئەئلادۇر ،
ئىمامىم جەئفەرى تەييار ئۇلارنىڭ ئىردى سەردارى .
چىرا مۇلكى ئىرۇر مەئۋا بۇلاردەك ياخشى ئىنسانغە ،
بۇ ئالەم سەفھەسىگە پۇر ئەمەسمۇ ، فەيزى ئاسارى .
كەلىدى ئىلم ئەسھابى رەسۇلوللاھ ئاڭا مەئلۇم ،
شەرىئەت ھەم ھەقىقەت ھەم تەرىقەت ، مەئرىفەت يارى .
جەھان گۇمرەھلەرىغە بۇ ئىمامىم رەھنەمادۇرلار ،
ئۇمەمنىڭ بارىغە رەھمەت بۇ شەھنىڭ فىئلى گۇفتارى .
ئەگەر مۇرتەد مۇڭاكىم ئىقتىدا قىلدى ئەمەس مەردۇد ،
شەرايىئ ھۇكمىدىن خارىج ئەمەس ھىچ كارۇ كىردارى .
«سەھابى كەننۇجۇمى ئىقتەدەيتۇم ، ئىھتەدەيتۇم» دەپ ،
ئەتا قىلغان ئىكەنلەر بىزگە ئول سەييىدى مۇختارى .
ئىرۇر ئەبدى مۇئەززەز نەزدى ھەقدە ھەم كۆپ ئىنساندىن ،
بىھىشتىدۇر بۇ شەھ شايەد ، بۇ شەھدىندۇر تامۇغ خارى .
تىلەيدۇر ئۇشبۇ سايىل ، يا ئىمامىم ، شەيئۇ لىللاھ دەپ ،
نىتاڭ دۇنياۋۇ ئۇقبا ئىچرە گەر بولسە مەدەدكارى .
مىنى زەررىن ئەلەم - تۇغ زىللىدە ئاسرارمىكىنلار دەپ ،
خۇشاۋەندى نەبىي ئەرۋاھىدىندۇرمەن ئۇمىدۋارى .
تەمامى مىلك چىرا ئىت ، قۇشلارىدۇرمىز بۇ دەرگاھنىڭ ،
چىرا ئادەملەرى بولسۇن ۋەيا بولسۇن گۇلەخنارى .
بارى ئەھلى ئەجەم دەرگاھى ئالىغە ئىرۇر مۇھتاج ،
مەدەد قىلغايلار ، ئەي پەيغەمبەرى ھەقنىڭ ئەلەمدارى .
جەزا كۇندە جەھان جۇشان ، بەدەن لەرزان ، جىگەر ئەتشان ،
شىكەنج ھەريان ، تەنىڭ ئۇريان ، سىرشكىڭ قان ، دىل ئەفكارى .
دىلىڭ ھەريان قەباھەتدىن ، تىلىڭ نالان نەدامەتدىن ،
ئاتىڭ بىريان ھەرارەتدىن ، ئەقۇبەتنىڭ گىرىفتارى .
ماڭا كۆزلەرمۇ ساچراغلىغ ، چىقىپ جايىدىن ئاجراغلىغ ،
نە ئىمكان ئاندا قاچماغلىغ ئەجايىب سەئنى دۇشۋارى .

بەغايەت سەخت كۈندۈر بۇ ، ئەتەش دەفئىغە تاپماي سۇ ،
شىكەم كامىغە پاتمايمۇ گەدادۇر نەفسى پۇر خارى .
نەسۇد ئول چاغدا ئەفغاندىن ، ئاسىغ يوق گىريە قىلغاندىن
نەھەد ئايرىلغالى جاندىن سەقەردىن يەتسە ھەررارى .
قاچار ئەخ مىھرىن[1] ئەتكەچ گۈم تانار ھەم بەلكى ئەبدىن ئۈم ،
بىكاردىن بولمايىن مەرھۇمكى بولغايسەنكى ناچارى .
سىنان قەددىڭ تۇرار خۇرشىد بولۇر ئەئمالى دىن پۇرسىد ،
لىسان تەۋزىھدىن رەنجىد يېتەر ئەھۋال بىسيارى .
ئىنان ئەنگۈشتىدىن بەردىڭ بۇ مەھشەرگاھغە چۈن كەلدىڭ ،
بۇ مەۋقۇف ھەۋلى ئەللىك مىڭ يوق ئاندا سەتھى دىۋارى .
ھىساب ئالسە ئەگەر مەندىن ، نە چىققاي سەۋت بۇ تەندىن ،
ئىئانەت بولمايىن سەندىن ، ئىلاھا ، بول ئۆزۈڭ يارى .
قۇرۇغلۇغ ئاندا بار مىيزان ئەمەللەر بولغۇسى ئەۋزان ،
سەبۇكتەر كەلدى خۇب ئىسيان ۋەگەرنە بولغۇمىز خارى .
تامۇغ ئۈستىدە مەمدۇد ھەشر ، زىرى رۇھ ئاندا بولغاي ھەزر ،
بۇ يولنى ئەيلە ،يا رەب ، قەسرىلىق ئەتمەي جەھىم سارى .
مىناغە ھەر قىلىبمىز مەيل زۇنۇبىل - يەۋمى نەۋمىل - لەيل ،
ئىلاھا ، قىلمە داخىل ۋەلەيكى بەندەئىمىز گۇنەھكارى .

* *

ئەتا قىلغايسەن ئەللاھ ، زاتى ئەۋسافىڭدىن ئاگاھلىق ،
چەمەن بۇلبۇللارىغە بەرگەسەن مەدھىڭدە گويالىق .
ئەمەس ئەسبابدىن ئىللەت سەبەب ئەسلى ۋۇجۇدۇڭغە ،
كى ئۆز زاتىڭ بىلەن قايىملىقىڭدىندۇر بۇ پەيدالىق .
سىپنى مەۋجۇد ئېتەردىن سەففى ئەشيا جۇملەسى مەمنۇئ ،
ئەدەمدىن جۇملە مەخلۇقنى پەدىد ئەتكەن سەن ، ئەي خالىق .
تەۋەھھۇدسەن ، تەفەررۇدسەن ، تەجەررۇدسەنكى بىئەنباز ،
تەھەررۇكدىن ، سۇكۇندىن ، ھىسسىدىن ، ئەي ئەسبەقى سايىق .
نەۋىد نە ئىسمى بىرمىڭ بىر سىفاتىڭ بىرلە گەر مەۋسۇف ،
مۇباھ ئېرمەس تەجاۋۇز مۇندىن ھەر ئالىمغە دانالىق .
ئەگەر ھەر قەترەئى ئەمتار ، ئەگەر ھەر زەررەئى زەررات ،
جەماداتۇ ھەمدىڭ ئولغاي بولمامىش لايىق .
رەسۇلى رەھمەتەن لىلئالەمىنگە خاس سەللەللاھ ،
ئۇلارنىڭ ئالى ئەۋلادىغە بولغاي رەھمەتى ۋاسىق .
فەئەمما بەئد ، بىر مەردىكىم ئول ئالى رەسۇلۇللاھ ،
تەبەررۇك ئىسمىدۇر جەئفەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .

---

① ئەسلى قولىيازمىدا «مىھرىدىن» دەپ يېزىلغان ، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «مىھرىن» دەپ ئېلىندى .

نەبيۇللاھغە تۆرتىنجى نەبىرە ئول شەھى مەردان ،
ئەۋارىپ ئەھلىغە سەفدەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
كىتابلار سەفھەسى زىكرىدە ئەۋسافى ئېرۇر مەزكۇر ،
بارى ئارىفغە سەر دەفتەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
شەرىئەتدىن ، تەرىقەتدىن ، ھەقىقەت ، مەئرىفەتدىن سۆز ،
رىۋايەت قىلغۇچى ئەزھەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
سەئادەت مۇنچە بەسدۇر ، كىمكى بولدى سەيىيدى سادات ،
كى ھەم ئەۋلادى پەيغەمبەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
ھىدايەت خەيلىنىڭ سەردارى ھادى گۇمرەھان ئولدۇر ،
ئۇمەمگە پىشۋا رەھبەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
چۇ ئەفلاكى رىياسەتنىڭ ئىدىلەر ماھى تابانى ،
ئىدى ناياب ئوشۇل گەۋھەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
ئىبادەت ئىلمىدە ئامىل ، ئىشارەت ئىلمىدە كامىل ،
ۋىلايەت شەمئى ، دىن پەرۋەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
خۇداۋەندىم رىزاسىغە ئەزىز جاننى فىدا قىلغان ،
نىسار ئەيلەپ زەرۇ زيۋەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
بارى تەكرار زاكىر زىكرى ئەللاھۇ رەسۇلۇللاھ ،
مۇنىڭدىن سوڭرە دەيدۇرلەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
خۇدايىمغە ، رەسۇلۇللاھغەكىم ئىمانى بار ئەلدە ،
دېمەيدۇرغان كىشى كەمتەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
بۇ جەئفەر لەفزىدىن نەھۋنى ئەھلى كۇل ئالۇر مەئنى ،
«يۇجەئفەر»دىن ئېرۇر مەسدەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
سۇفۇۋۋەت فىرقەسى مەھفىللەرى ئورتاسىدا چۇن مۇشك ،
مەشامىغە ئىدى مىجمەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
ئەسالەت فەيزى بەھرى قەترەسىدىن سەبر ئولۇپ ئەتشان ،
دىل ئىچرە دۇر ئىدى مۇزمەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
مۇرادى نەھۋىدىن ئولدۇر گۇلىكىم رەۋزەئى جەننەت ،
گۇلىستاندا گۇلى ئەھمەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
بۇ شەھ لۇتفى ئەتمەيىن ھېچ تالىبىغە يوق ئىكەن مەتلۇب ،
رەۋا بولغاي مەرامى ئەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
فۇيۇزاتىڭ زىياسىدىن رىجايىم كۆپدۇر ، ئەي بۇزۇرگ ،
كى فەزلىڭ مىھرى چۇن خاۋەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
چىن ئاشىق بولسە مەئشۇق قاتىدا دائىم ھەيات ئېرمىش ،
ئىلاھىمغە مۇقەررەبتەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
غەرىب ـ ئاجىز گەدايىڭمەن ، مەدەد ، يا ئارىفى بىللاھ ،
تىلەيدۇرمەن مۇرادىم بەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
مەدەد دۇنيادا بولسە ئاخىرەت كۇندە شەفائەت ھەم ،
شافەئەتكەردەئى مەھشەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
تۇرۇپ قىتمىر سىفەت خاكى دەرىڭ ئۇستىدە باش قويسام

نېچۇك ، ئەي نائىبى ھەيدەر ، ئىمامى جەئفەرى سادىق .
غەزەب ئالۇدەلىك ئالى نەبىيدىن كۆپ بەئىد ئېرمىش ،
ۋەلې ئىھسان ئىمىش ئەكسەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
نە بولغاي بۇ فەرىقى بەھرى ئىسيان ئىلكىدىن چەكسەڭ ،
بەسى لۇتفۇڭغە مەن مۇزتەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .
تەرەھھۇم بولسەلەر دەپ چۇن مۇسھىرىمدۇرمەن ، ئەي دانا ،
بۇ قۇربان خادەمى چاكەر ئىمامىم جەئفەرى سادىق .

*

*

ئىپتەدەيتۇ كىتابى بىسمىللاھ ،
ئەھەدۇن لائىلاھە ئىللەللاھ .
قۇدرەتىدىن زاتى مەۋجۇدات ،
خارىج ئېرمەس تەمامى مەخلۇقات .
خالىقۇل-خەلقۇ نافەزۇل-ئەھكام ،
لۇتفىغە مۇستەمەندى جۇملە ئەنام .
كۇن دېمەك بىرلە جۇملەئى ئەشيا ،
بولدى ئولدەم ئەدەمدىن ئول پەيدا .
تەرفەتۇل-ئەين ئىچىدە بۇقەلەمۇن ،
كۆرسەتۇر چەند ئەمر ئول بىچۇن .
خەلق قىلدى سەماۋۇ غەبرانى ،
ئىستۇۋانەت قىلمايىن ئانى .
بىتەناب ئاندا ئۇستۇۋار ئولدى ،
سۇنئىدىن يەتتە ئاسمان تولدى .
ئافەرىدە قىلىپ مەلائىكلەر ،
شۇغلە ھەمدىغە قىلدى مالىكلەر .
ئۆزگە ئىش ھەربىرىگە ئەمر ئەتتى ،
بارچەسىنىڭ ئىتائەتى يەتتى .
ئادەمىيۇ پەرىيۇ ھۇشۇ تۇيۇر ،
نېدۇر ئەمرىگە بولماغاي مەئمۇر !
قۇدرەتى كۆپ ئېرۇركى بىسامان ،
كەرەمى بەھرىدۇركى بىپايان .
جەۋھەرى جىسمىدىن ئېرۇر ئارى ،
ئەيبۇ نۇقساندىن جۇرمىدىن نارى ،
ئەمما ئىنسانغە سۇرەتۇ ئەجسام ،
ئەيلەدى ۋەزئى قادىرى ئەللام .
ئوت بىلەن سۇ ، شەمال بىلەن تۇفراق ،
بىر - بىرىگە بۇلار ئېرۇر زىدراق .
مەسەلەن : سۇنى قۇيسە ئوت ئۇچەدۇر ،
باد تۇفراقغە يەتسە ئول كۆچەدۇر .
ئەمما لېكىنكى ھەزرەتى مەئبۇد ،
ئۇشبۇ تۆرتدىن بەشەرگە بەردى ۋۇجۇد .
لۇتفىدىن چۇنكى ھەزرەتى بارى ،
بۇلبەشەرنى ياراتتى ئەخيارى .
بىننى ئادەمنى قەترە ئابىدىن ،
خەلق ئېتىپ قەبزەئى تۇرابىدىن ،
جىسمى جەۋھەر ئەتا قىلىپ سالىم ،
قىلدى ئۆز زاتىغە ئانى ئالىم .
ئاڭا بەردى سىراجى ئىمانىنى ،
ئال قىلدى پەرىيۇ ئىنسانىنى .
ئىلمىغە ئۇشبۇ ئىنتىھا ئېردى ،
ئەللەمۇل - ئەسمائ كۇللۇھا ئېردى .
ھەممەنىڭ خالىقىدۇر ئول ۋالى ،
قۇدرەتى كۆپ ، ھۇكۇمەتى ئالى .
تەربىيەت كەردەئى ھەمە ئالەم ،
رازىقى جۇملە بەندەگانى كەرەم .
مەن ئانىڭ قايسى بىر ئەتالارىنى ،
ياد ئېتەي ھەددى سۇنئىنىڭ بارىنى .
قايسى ئەۋسافىغە بولاي زاكىر ،
قايسى نىئمەتىغە بولاي شاكىر .
گەر دېسەم ھەر نەفەسدە يۇزمىڭ ھەمد ،
سەرۋ قىلماس دىلىمنى قانىئ جەمد ،
گۇلشەنى نەزم ئارا قىلىپ پەرۋاز ،
سۆزگە بۇلبۇلدەك ئەيلەدىم ئاغاز .
روز - شەب ھەمد ئەيلەسەم تەھرىر ،
مىڭدىن تاپماغاي ئەدا ھەر بىر .

ۋەسفى ئاللىدا فەھم مەقسۇردۇر ،
ئەقل كوتەھ ، خىرەد تەھەييۇردۇر .

بولسەمۇ مۇنچە ئېردى ئىدراكىم ،
بۇ كىتاب قەتئى بولماغاي تاكىم .

## نەئتى ئانھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شىممەئى ئىزھار قىلماق

خاتەمى ئەنبىيا ھەبىبى ئىلاھ ،
شافىئى ئاسىيان روزى جەزا .
ئەفزەلى خەلقۇ ھادىئى كەۋنەين ،
ئەكمەلى ئەھلى سەيىيدى سەقەلەين .
زاتى پاكى تۇفەيلى مەۋجۇدات ،
بائىسى سىنق جۇملە مەخلۇقات .
ماھى مۇھتەر مۇھەممەدى ئەرەبى ،
سايىرى ئەنبىيا ستارە كەبى .
ئەنبىيا شاھدۇر ، ئولدۇر تاج ،
خاسى خاسان ساھىبى مىئراج ،
چۇن ھەبىبىم دېگەن خۇدايى تەئال ،
نۇردىن يېتىشىپ قۇياشغە خىجال .
ئېردى جەۋلانگەھى توقۇز ئەفلاك ،
فاخىرى مۇرسەلىنۇ دۇررى پاك .
رەفرەف ئېردى سەۋارىغە فەرسى ،
ھەم مۇلازىم فەرىشتەلەر ھەمەسى .
ھاسىل ئەيلەپ مەقامى خىلۋەتگەھ ،
ھېچ بىرەۋ ئاندىن ئولمايىن ئاگەھ ،
غەربىدىن تا شەرق ، يەمەنۇ يەسار ،
تەي قىلىپ ئاندىن ئاتلاباىن ئەسرار ،
تەرفەتۇل-ئەين ئارا فەلەك سەيرىن ،
قىلدى ئول خاجەئى مەكانۇ مەكىن .
مۇئجىزاتىغە ئېردى شەققە قەمەر ،
ئەھلى تۇغيانغە ھادىيۇ رەھبەر .
رەھمەت ئەتكەن ئۇچۇنكى جەللە جەلال ،
بارچەغە ئەيلەمىش ئانى ئىرسال .
ئەھلى ئالەمگە پەردەئى ئىسمەت ،
مالىكى ھەۋزۇ ساھىبى جەننەت .
نەئت ئايتۇر ئىدىم ئۇلارغە بەسى ،
ھەم ئۇلار ئېردى نەئتى خاسىيەسى .
ئەقل ناقىسۇ لىبك تەبئىم لال ،
دانىشىم ئاز يەنە ئۆزۈم بەدھال .
ئۆز-ئۆزۈمدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ ناچار ،
مۇنچەلىك شىممە ئەيلەدىم ئىزھار .
كىردىگارا ، دەبان ئۆزۈڭ بەندە ،
بارچە بەندەڭنى قىلمە شەرمەندە ،
بىزگە ماھىرسەن ئەب بىلەن ئۇمدىن .
سەن تۇرۇپ ھاجەتىم تىلەي كىمدىن .
بىزنى ۋاسىل قىلىپ نەبىيىمغە ،
بىترويى قىلغاسەن شەفىئىمغە .
بەر فەناھى فەئالى شەيتاندىن ،
مەئسىيەتدىن خەتاۋۇ نىسياندىن .
بەندە بىزلەر بەلاغە قالغانلار ،
نەفس بەد خاھشىغە ئالغانلار .
بىر زەمان نەفسنى يېغالمايمىز ،
ئۇشبۇ گىرادىبدىنى چىقالمايمىز .
تىفل - زەن زىينەتىغە بولدۇق گول ،
ئەمرۇ نەھيى ئىشىغە تاپماي يول .
راھى تائەت سەرىغە باسماي گام ،
مەئسىيەتكە يۈگۈرشەمىز يىلدام .
پادىشاھا ، رەھىمسەن رەھمان ،
بىزگە مۇشكىل ساڭا ئېرۇر ئاسان .
بىزلەنى فىسقۇ جۇرمىدىن قايتار ،
ھەققە باتىلدىن بەندەنى باشقار .
سەندىن ئۆزگە مېنىڭ ئىلاھىم يوق ،
دەرگەھىڭدىن بۆلەك پەناھىم يوق .
كەسبۇ كىردارىم ئولسە گەر ئىسيان ،
كەلتۇرۇپمەن مەگەر ساڭا ئىمان .
بولسە تەقلىد ئايغانىم تاللاھ ،
ئايتامەن «لائىلاھە ئىللەللاھ» .
ئۇشبۇ ئىمانىنىڭ ھۇرمەتى ، يا رەب ،
ئىسمى ئالىڭنىڭ ئىززەتى ، يا رەب .

مەقبۇل ئەيلە دۇئاۋۇ ئاھىمنى ،
مەغفىرەت قىلغاسەن گۇناھىمنى .

## ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرەتى ئەبابەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەنقەبەتلەرى

بەئەزىن ھەزرەتى ئەبابەكرى ،
بولسۇ مەزكۇر ھەم ئۇلار زىكرى .
ئول سەمادۇر ۋەرنەدىن سىددىق .
ئەۋۋەلەن دىنغە قىلغان ئول تەسدىق .
بەرفۇتۇۋۋەت خەلىفەئى بەرھەق ،
دىنى ئىسلامغە بارچەدىن ئەسدەق .
خۇتبەدە زىكرى ھەم ئەلەتتەھقىق ،
قاتىلۇل - كۇفر كەلدى ۋەززەندىق .

بارچە ئۇممەتغە ئېردىلەر سەردار ،
قەتلدىن خائىف ئېردى ئەھلى كۇفار .
ھەم نەبىييىمغە يارى غار ئېردى ،
قايىدادۇر ئول بۇ بىللە بار ئېردى .
دىنغە نۇسرەت ئۇلاردىن ئېردى بۇرۇن ،
بەلكى ئەلقابى ھەددىدىن بىرۇن .
ئەقل ناقىس ئانىڭ كەلامىغە ،
لاجەرەم يەتكۇزەي تامامىغە .

## ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللەھۇ ئەنھۇنىڭ مەنقەبەتلەرى

ئۇمەرۇل - فارۇق يار سانى ئىدى ،
پىشەئى ئەدلۇ خەير كانى ئىدى .
بابى دىنىنىڭ كۇشادىغە مىفتاھ ،
نىيەت ئىسلام يارۇتغالى مىسباھ .
تاپغان ئاندىن چۇ رەۋنەقى ئىمان ،
كۇفر ئېلى خەۋفىدىن ئىدى لەرزان :

ئەھلى دىن ۋەقتىدە ئىدى ھەمە شاد ،
ئەدلىدىن قەريەۋۇ شەھەر ئاباد .
بولسە ۋادى سەبائى ئىچرە غەنەم ،
بەرمەس ئېردىكى زەئىب ئاڭا بەرھەم .
مۇندىن ئارتۇق سىفاتى ھەم مەشھۇر ،
مۇمكىن ئېرمەس قىلۇر ئىسەم مەزكۇر .

## ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرەتى ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەناقىبلارى

سانىيەن بار ئېردى زىنۇرەين ،
فەزلى گەنجىغە ۋازىڭ ئېردى يەدەين .
ئول ھەيا ئېردى نەخلىنىڭ سەمەرى ،
بارچە مۇئمىنىنىڭ ئېردى تاجى سەرى .
ئىسمى مەكتۇبى ھەزرەتى ئۇسمان ،
ساھىبۇل-فەزلى ، جامىئۇل - قۇرئان .

مەئدەنى مەنبەئى ئىلم - ئەھكام ،
مەخزەنى شەرمۇ مەبدەئى ئىكرام .
كاشكى يۇرسەم ئېردى ۋەسفىدە تېز ،
نەيلەيىن تەبئ كۇب ئېرۇر ئاجىز .
مەدھىغە كىمكى بولمادى تەمكىن ،
ئاڭا بەسدۇر چۇ مۇجىبى تەسكىن .

# ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھۇنىڭ مەناقىبلارى

يەنە تۆرتىنچى يارى ياراندۇر ،
شاھى مەردانۇ شىرى يەزداندۇر .
ئىردى دامادى خاجەئى تاھا ،
ھەرب ئارا كۇفر ئىلىگە قىلدى جەھا .
سەيفى ئانىڭكى زۇلفىقار ئىردى ،
خەۋفىدىن ئەھلى كۇفر خار ئىردى .
نامى مەشھۇر ئەلى ئەبى تالىب ،
ئەسئەدەللاھۇ ۋەجھۇھۇ غالىب .
قالىقى بابى خەيبەرىدۇر ئول ،
بارچە مۇئمىنغە رەھبەرىدۇر ئول .
ئۇشبۇدۇر تۆرت يار ئەلقابى ،
بولسە نۇقسانى تۇزسۇن ئەھبابى .
يانە بىنتى نەبىدىن ئول ئاگاھ ،
فاتىمەدۇر كەنىزىكىم دەرگاھ .
ساھىبى ھەشر مالىكى نىسۋەت ،
شۇبھەسىزدۇركى لايىقى جەننەت .
چۇن بۇ كۇن تاڭلە بولسە مەھشەرگاھ ،
بارچە مەزلۇمگەدۇر شەفائەتخاھ .
دەستىگىر ئولسە گەر بۇبى مەريەم ،
بولغاي ئانىڭ شەفائەتىدىن كەم .
دەپ تۇگەنمەس فەزىلەتى بىسيار ،
مۇختەسەر ئەيلەدىم مۇنى ناچار .
شەھ ئىمامى ھەسەن ، ئىمامى ھۇسەين
سەيدى ئالەمكى قۇررەتۇل - ئەينەين ،
ھەربىرى فاتىمەگە ئوغلاندۇر ،
ھەق رىزاسىغە فىديەسى جاندۇر .
شاھى مەردان ئاتا بۇ شەھلەرغە ،
رەھمەتى ھەق بۇ بىگۇنەھلەرغە ،
تەڭرىنىڭ رەھمەتى ئىمامى ھەسەن ،
ھەسرەتا ، ھەزرەتى ئىمامى ھەسەن .
مۇستەفانىڭ ئىدى ئەزىز جانى ،
رەۋزەئى خۇلدىنىڭ گۇلىستانى .
ئەھسەنۇل - مۇھسىنىن بۇ ئالىي سىفات ،
ئول سەبەبدىن قويۇپ ئىكەن ھەسەن ئات .
خاس ئىكەندۇر ئاڭا مەقامى رىزا ،
چۇن كەلىم ئىلكىدە ئىدى بەيزا .

فەزلىدە ئول كەبى دۇرەخشاندۇر ،
ھەردو ئالەمدە ماھى تاباندۇر .
تەۋسىفىنىڭ نىھايەتىن نە بىلەي ،
لاجەرەم مەن ئىنايەتىنى تىلەي .
زەھرى قاتىل بېرىپ يەزىد ئەھلى ،
قىلغان ئىركەن مۇنى شەھىد ئەھلى .
ھەم بەرادەرلەرى ئىمامى ھۇسەين ،
ئىككى ئالەم ئىلىگە كامى ھۇسەين .
بارچە گۇمرەھغە راھى ۋا ئىردى ،
ئافتابى جەھان پەناھ ئىرىدى .
ئول چىراغى جەھان شەبىستانى ،
باغى جەننەت گۇلى ، گۇلىستانى .
كەلدى ئالەمگە بۇ ئىكى شەھباز ،
قىش بۇ ئەرلەر زەمانىدە ئىدى ياز .
ھەيبەتىدىن خەۋارىج ئەھلى پەلىد ،
ئىردى قورقۇنجى بىرلە زەھرى تەرىد .
ھەر مۇنافىقكى بار بولۇپ غەمناك ،
ئەھلى فۇججار ئىدى گىرىبان چاك .
شەرئ بولغان مۇرەججەھۇ ئاداب ،
بارچە مۇئمىنلەر ئىردىلەر شاداب .
مۇبتەدىئلەر ئىشى فەساد ئولغان ،
دىنى ئىسلام ئىشى كۇشاد ئولغان .
دىن ئۆيىنى قىلۇر ئۇچۇن رەۋشەن ،
جەڭ قىلۇر ئىردىلەر ئەدۇ بىرلەن .
بەندەلەرگە خۇدايى زۇلمىنىنە ،
دېسە ۋەقتىكى :ئۇدخۇلۇل-جەننە .
ئىككى شەھزادە ئەسلەھۇ ئەكمەل ،
داخىل ئەلبەتتە بولغۇسى ئەۋۋەل .
سايىرۇنناس كىرەرلەر ئاندىن سوڭ ،
تەڭرى نەزدىدە چۇن بۇ شەھلەر چوڭ .
بۇ ئىماملار بېرىپ قەزاغە رىزا ،
قىلدىلار جاننى ھەق يولىدا پىدا .
زەھر بەرگەچ ئىمام ھەسەن باھۇش ،
قىلدىلار شەربەتى شەھادەت نۇش .
ئاندىن ئول شەھ ھۇسەين ئىبنى ئەلى ،
جانلارىدىن كېچىپ بۇ مەردى جەلى .

كەربەلا جەڭگى ئۇزرە خارەئى خار ،
تەشنەۋۇ كەرسەنە ، نەزارەئى زار .
شەبرى مەلئۇننى بۇيرۇپ ئېردى يەزىد ،
زەبھە ئەيلەپ بۇ شەھنى قىلدى شەھىد .
ئەي خۇداۋەندى ساھىبى تەقرىر ،
يۈز تۇمەن ئۇزرە ، مىڭ تۇمەن تەقسىر .
خۇش ئۇلۇغ قۇدرەتىڭدۇر ، ئەي بارا ،
زىكر ئېتەرگە نەھەددۇ نى يارا .
ھەممەئى ئىلمى غەيبىنى بىلەسەن ،
خاھلاساڭ يەرنى ئاسمان قىلاسەن .
ئول خەۋارىجدۇر ئىتدىن ئارتۇقراق ،
زەرنى قىلدىڭسەن ئىلكىدە تۇفراق .
ئول ئىمام ئېردى چۇنكى گەۋھەرى پاك ،
شەبرى مەلئۇن دېگەن سەگى ناپاك .
كەلدى كۆكسىگە باسىپ ئولتۇردى ،
پاك ھەلقىغە تىغىنى سۇردى .
ئاھ ۋەيلا ، دەرىغ ، ھەزار دەرىغ ،
جىسمى پاكى بويالدى قانغە ئارىغ .
پايدا يوقكىم ، يۈرەكنى مەن يارە ،
قىلسام ئېردى ئۆزۈمنى سەد پارە .
ماتەمىن تۇتتى ئاسمانۇ زەمىن ،
لەرزىگە كەلدى ھەم مەكانۇ مەكىن .

بولدى ئالەم قاراڭغۇ ئول دەمدە ،
نۇرى زۇلمەت يىغىلدى ماتەمدە .
ماھىيان بەھرى ، مۇرغىيانى ھەۋا ،
ھامىلان ئەرشى ، ئەبرىيانى سەما .
غۇلغۇلە قىلدى كۆپ چېكىپ گىريان ،
سىنەلەر چاكۇ باغىرلار بىريان .
تۇشتى چەندان بۇلۇتلارى يەرگە ،
گەردى تۇفراق ساچىپ بارى سەرگە .
چىقتى ئەرۋاھ ئول بولۇتلاردىن ،
بارچەسى رۇھى ئەنبىيالاردىن .
ئاندا ئەرۋاھ جەمئ بولدىلار ،
گوييا يەر يۈزىگە تولدىلار .
ئول ئىمامىم ھۇسەينىگە ماتەم
تۇتتىلار ، بارچەنىڭ بولۇپ قەدى خەم .
قۇچتى جىسمىنى ئانچە يىغلاشتى ،
ئاھۇ ئەفغان فەلەكدىن ھەم ئاشتى .
دەپ بۇ سۆزنى رىۋايەت ئەيلەپدۇر ،
«رەۋزەتۇش - شۇھەدا» ئارا مەزكۇر .
زاتى پاكىڭ ئۇلۇغ ئېرۇر ، يا رەب ،
مۇنتەھا بولماغاي بەيان ئەيلەپ .
ئول ئىماملار ئىبادىڭ ئېردى ئارىغ ،
رەھمەتىڭنى ئۇلاردىن ئەتمە دەرىغ .

## ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرەتى ئىمامى زەينۇل - ئابىدىننىڭ مەناقىبلارى

ئول ئىمامىم ھۇسەيننىڭ پىسەرى ،
زەينۇل - ئابىددىن ئەيلەيىن خەبەرى .
مۇستەفاغە نەبىرەئى ئەسنەيىن ،
نۇرى دىيدە مۇسەررەتى ئۇزنەيىن .
دىن ئىشىغە ئۇلاردىن ئېردى رەۋاج ،
ئەمردىن نەھيىنى قىلىپ ئىخراج .
ئەھلى ئىسلامغە بەختۇ دەۋلەت ئىدى .
زۇھدى تەقۋاغە زىبۇ زىينەت ئىدى .
كەشفۇ زاھىر بولۇپ كەراماتى ،

كور باتىننىڭ ئېردى مىرئاتى .
يادكارى پەيەمبەرى مۇرسەل ،
مۇرتەزاغە نەبىرەئى ئەۋۋەل .
مۇستەقىم جادەئى شەرىئەتدە ،
بەلكى سەجادەئى تەرىقەتدە .
سەييىدى ئەۋلاد بولسە ھەر ئىنسان ،
بار سەئادەت ئانىڭدە بار ئىھسان .
نەكرەلىك سەيدلەردە يوقدۇر بەس ،
مەئرىفەت قىلماق ئانى ھاجەت ئەمەس .

## ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ھەزرەتى ئىمامى مۇھەممەد باقىرنىڭ مەناقىبلارى

ساھىبى نۇتقۇ قىسسەئى ۋەرزىش ،
جۇملە تۇغرايى دەفتەرى دانىش .

سەفھەئى مەدھىنىڭ سۇخەنسازى ،
راۋىلارنىڭ رىۋايەت ئاغازى .

نۇسخەئىنى بىدايەت ئەيلەپدۇر ،
بەلكى ئانداغ رىۋايەت ئەيلەپدۇر :
ئول ئەسالەت سىپىھرىنىڭ ماھى ،
ئول سىيادەت سەرىرىنىڭ شاھى .
مەئرىفەت خەيلى ئەرسەسىغە ئىمام ،
قۇتبى ئالەم خەلىفەئى ئىسلام .
شەمئى مەزھەب سىراجى مىللەت ھەم ،
رەھنەمايى تەمامى ئۇممەت ھەم .
ئالىمى بارچە ئىلمىغە قادىر ،
يەئنى مىھتەر مۇھەممەدى باقىر .
ئول دۇئاگويى ئەھلى دىن ئىدىلەر ،
پىسەرى زەينۇل - ئابىددىن ئىدىلەر .
ئول زەمانىكى بۇ ئىمامى جەھان
ھادىئى دىن بىدايەئى ئاسان .
مەنزىلى ئىردى كوھى يەمەندا .
بىيمى كۇفر ئەھلىدىن فەرار ئاندا .
تەڭرىگە غار ئىچىدە تائەتلەر ،
قىلۇر ئىردى ئۇلۇغ ئىبادەتلەر .
چۇنكى ئول ئافتابى ئالەمتاب ،
سەيدى دۇنياۋۇ دىنى ئالىجەناب .
زەينۇل - ئابىددىن پادىشاھىمنى ،
ئول ئىمامى جەھان پەناھىمنى .
سەگى مەلئۇن خەۋارىجانى پەلىد ،
مەرۋى شاھى جەھاندا قىلدى شەھىد .
روز-شەب غار ئىچىدە سۇبھۇ شام ،
شۇغۇلى تائەت ئىردى باقىر ئىمام .
ۋاقىف ئىرمەس ئىدى پەدەرلەرىدىن ،
نىگە غايىب ئۇچۇن نەزەرلەرىدىن .
بارمۇ يا يەتتىمۇ شەھادەتكە ،
مەئلۇم ئىرمەس ئىدى بۇ ھەزرەتكە .
ئەمما ، لىكىن ، بۇ شەھغە مۇستەفەۋى ،
بولۇر ئىردى بىشارەتى نەبەۋى .
ھەر ئەمەل قىلسا ئول بىشارەت ئىلە ،
قىلۇر ئىردى ئۇشۇل كەرامەت ئىلە .
بىر كۇن ئاندىن بىشارەتى يەتتى .
ئوغلى جەئفەر ئىمامغە ئەمر ئەتتى :
«سەن سەبەتكوھ دىگەن ۋىلايەتكە ،
ئەلنى باشقار بارىپ ھىدايەتكە .»
دەپ بۇ ھەيبەتتە قىلدىلار فەرمان ،
ئول سەبەتكوھ يولىغە بولدى رەۋان .
شاھ ئەۋلادى ساھىبى بىرلە ،
ئۆزلەرى غار ئىچىگە كىردى يەنە .
ئاندا تائەتكە مەشغۇل ئىردىلەر ،
ھەم ئىبادەتكە مەئمۇل ئىردىلەر .
بەس چۇنانكى خەۋارىجى بەدبەخت ،
بار ئىدى بەدتەرىن جەھەننەمى سەخت .
كىم مۇزەففەر دەمەشقى نامى ئانىڭ ،
ئىردى توڭغۇز سىفەت نىزامى ئانىڭ .
ئول يەزىدە بۇيرۇغىنى تۇتتى ئەھەم ،
كەلدى يەتمىشمىڭ ئىردى چېرىكى ھەم .
قىلدى ئول بىھەيا لەئىنۇ پەلىد ،
ئول ئىمامنى بۇغار ئىچىدە شەھىد .
ئەيلەگەچ شەربەتى شەھادەت نۇش ،
جىسمىدىن ئۇردى خۇن زەمىن ئۇزە جۇش .
چۇن ئىمامىم مۇھەممەدى باقىر ،
تۇتتى ساقى ئەجەل ئاڭا ساغىر .
باقى ئالەمگە رىھلەت ئەتتىلەر ،
جەننەتى ئەنبەرىنغە كەتتىلەر .
ۋادەرىغا ، بۇ سەييىدى ئالەم ،
ئەيشى بولدى مۇبەددەلى ماتەم .
رۇخىدىن مۇنفەئىل ئىدى گۇللار ،
سايراشىپ جانىبىدا بۇلبۇللار .
ئول مەھەل بولساق ئىردىكىم ، نى كاش ،
بەرگەي ئىردۇك ئۇلاردىن ئەۋۋەل باش .
ھەممە ئىنسانىنىڭ ئىردى ئول كامى ،
قۇۋۋەتى جىسمى ، جانىنىڭ ئارامى .
ئالدىدا جاننى ئەيلەسەڭ ئىـ‌ـار ،
رەھمەتى ھەق يېتەر ئىدى بىسيار .
بەرگ ئۇزە غۇنچەكىم بولۇپ خەندە ،
تازە گۇل قالدىمۇ بۇ گۇلشەندە .
قىلمايىن گۇم بارىنى بادى سەمۇم ،
جاۋىدان قالمادى خاسۇ ئۇمۇم .
بۇ ئەجەل زەھرىن قۇيمايىن ساقى ،
كىم قالىپدۇر جەھان ئارا باقى .

# هەزرەتى ئىمامى جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەبەدكوھغە كەلگەنلەرى

قەلبى زۇلمەتدىن ئارى ، دىللارى پاك ،
خامە زەررىن چۇ دەفتەرى ئىدراك ،
چۇن سۇخەن دەر ھىكايەتى بوستان ،
دەھرىنىڭ ئەندەلىبى خۇش ئەلھان .
تۇتتى خۇش سەدائى بوستانلار ،
بۇلبۇلى شەككەرىن گۇلىستانلار .
راۋىلار بەزمىنىڭ سۇخەندانى ،
مەجلىسى ئىلمىنىڭكى خۇشخانى .
كىلكى ئەلۋاھدىن غەرەز تەھرىر ،
ئىلمى زاھىرنى ئەيلەگەن تەقرىر .
ئايتادۇرلار بۇ قىسسەنى ئانداغ ،
ھادىسە بۇ ، سىفەتلەرى ئول چاغ .
ئەھلى دەۋراندا ھەممەدىن فايىق ،
ھەزرەتى جەئفەرى ئىمام سادىق .
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئول فۇرسەت .
بەردىلەر چۇن پەدەرلەرى رۇخسەت .
يادى ھەق بىرلە ئاتلانىپ بۇ زەمان ،
ئول سەبەدكوھ تەرەفكە بولدى رەۋان .
ھەربەلەر ئەيلەبان ھەمايىللار ،
تەي قىلىپ مەنزىلۇ مەراھىللار .
ئەزم ئېتىپ جىددۇ جەھد ئىلە يولغە ،
يەتتىلەر ئاقىبەت سەبەدكوھغە .
ئول سەبەدكوھ ئىدى بۇرۇنقى زەمان ،
ھالا ئانى ئاتايدۇر ئۇشتۇرفان .
بۇ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى ناگاھ ،
ئول زەمانلار ئېردى بەھرامشاھ .
كەلگەنىن ئاڭلابان بۇ شەھلەرنىڭ ،
ئالدىغە چىقتى ئول ئىماملارنىڭ .
ھەقتەئالاغە كەلتۇرۇپ ئىمان ،
زاھىرەن بولدى بارچە مۇسۇلمان .
قىلدى تەكلىف ئۇلارنى شاھ بەھرام ،
ئالى ئەسھابى بىرلە يۇردى ئىمام .
ئاتلانىپ چۇن شەھەرگە يۇردىلەر ،
كوھلار قەلئەگە تۇشۇردىلەر .
نەچچە مۇددەت ئۇتۇپ ئىدى ئاندىن ،
خەبەرى يەتتى كوھى يەمىناندىن .
ئول ئىمامىم مۇھەممەدى باقىر ،
ئۇمر پەيمانى پۇر بولۇپ ئاخىر .
ئالەمى سىفلىدىن ئوشۇل شەھباز ،
جايى ئۇلۇۋۋى ئەيلەمىش پەرۋاز .
ئول مۇزەففەر دەمەشقى كافىر كەلب ،
غار ئىچىدە شەھىد قىلىپدۇر دەپ .
ئاڭلادىلار بۇ نەۋئ سۆزنى ئىمام ،
تۇتتى ماتەم ئىماملارىم بەتەمام .
بارچە ئەسھابى بىرلە ئول سۇلتان ،
ئەيلەدىلەر تەلاۋەتى «قۇرئان» .
قىرق كۇن تەئزىيەتنى تۇتتىلار ،
دىيدەدىن ئەشكنى قۇرۇتتىلار .
بەئدەزىن بەردى ئەيلەبان ئىكرام ،
بىر قىزىنى ئىمامغە شاھ بەھرام .
يەنە مۇندىن كېيىن جەھان تولدى ،
شەھىنىڭ ئاۋازەسىغە پۇر تولدى .
ئاڭلابان كەلدى ئەھلى ئىمانلار ،
بىرىنۇ ئىككىدىن مۇسۇلمانلار .
خەيلى لەشكەر يىغىلدى شەھ قاشىغە ،
سىيمۇ زەرلەر نىسار ئېتىپ باشىغە .
ئاخىرۇل - ئەمرشەھ ئولۇپ مەبتۇۋ ،
بولدى ئوتتۇز ئىمام ئاڭا مەجمۇئ .
چۇن مۇسەييىب ئىمام ، ئىمام ھاشىم ،
يەنە مالىك ئىمام ، ئىمام ئاسىم .
بار ئىدىلەر بۇ جۇملەدە سۇلتان ،
ئەۋۋەلى ھەزرەتى قىلىچ بۇرھان .
سوڭرە سۇلتان ئىمام زەفەرۇددىن ،
ئاتا باشلاپ بارى ئىمادۇددىن .
لەشكەر ئوتتۇزنىڭ ئۇلدىلار جەمئى ،
ھەر بىرى نىك بۇيۇتنىنىڭ شەمئى .
ئەمما ئول ھەزرەتى ئىمامى جەھان ،
رەھبەرى خەلقۇ سەييىدى ئىنسان .
ئەھلى ئارىفلار ئىچرە پىر - مۇرشىد ،
سايىرى خەلق زەررە ، ئول خۇرشىد .
سەلتەنەت مەسنەدىغە كۆپ لايىق ،
ئەئنى ئول ھەزرەتى ئىمام سادىق .

زۇبدەئى كىشۋەرى ئەسالەت ئول ،
قۇدۋەئى ناتىقى فەساھەت ئول .
ئىلمى باتىندە مۇنتەھا كامىل ،
ئىلمى زاھىردە ھەم بەسى ئامىل .
خەيلى ئىرفان سىپاھىغە سەفدەر ،
نەفەسى ئابى زۇلالۇ يا كەۋسەر ،
ئېردى بەھرى ئۇلۇمدا ئىستىغراق ،
ئاھۇ غۇربەتدە ئۆتكەن ئۇمر فىراق .
بىست دۇ سال سەبەدكوھدە ،
تۇرغان ئول شاھ جۇست ئىلە جۇدە .
قىرق تۆرت پارەئى كىتاب تەسنىف ،
قىلدىلار بارچە ئىلمدىن تەئلىف .
جارى ئەيلەپ شەرىئەت ئەھكامىن ،
دىن ئىشىنىڭ تۈزۈپ سەرئەنجامىن .
مۇتەشەررىف بولۇپ تەمامى ئەنام ،
كۆپ فۇزۇن ئولدى قۇۋۋەتى ئىسلام .
ئول مەھەلدە بۇ خۇش [خەبەر] يەتتى ،
بارچە ئالەمگە شۇھرەتى كەتتى .
مەرۋى شاھى جەھاندا بىر ساھىب ،
جەڭ قىلۇرغە بولۇپ ئىمىش تالىب .
بەلكى ساھىب خۇرۇج ئېرمىش ئول ،
كۇفر ئېلىگە شىكەستە بەرمىش ئول .
مەردى ھەفتادۇۋۇم بۇ مەردى دەلىر ،
بار مۇھىب خانەدانلارىغە ئەمىر .
ئىسمى ئېرمىش ئەمىر ئابا مۇسلىم ،
قىلدۇرۇپ كۇفر خەيلىنى تەسلىم .
جەڭ قىلىپ ھالا ئول خۇراساندا ،
دىنى ئىسلام قەۋى ئىمىش ئاندا .
ئاڭلاپ ئانداغ ئىمامۇ سۇلتانلار ،
ئاندا ھازىركى بار مۇسۇلمانلار .
بەلكى غايىبلار ھەم يىغىلدىلار ،
جەمى ئولۇپ شاھ قاشىغە كىردىلار .
دېدى : «ئەي شاھبازى ئەھلى تەمىز ،
ئول ئابا مۇسلىمىن ئىشىتتۇك بىز .
شول خۇرۇج ئەيلەگەچكە بۇ ئەييام ،
يارىم ئەلنى مۇشەررەفى ئىسلام
قىلغان ئېرمىشكى ، مۇندا بولدى خەبەر ،
يار بولساق ئاڭا بارىپ نە زەرەر .»
بولدى ئەسھابىنىڭ بۇ ئەرزى قەبۇل ،
كۆردى شەھ ھەم نەھايەتى مەئقۇل .
شاد ئولۇپ ھەزرەتى ئىمام ئول چاغ ،
قىلدى فەرمان سەھابىغە ئانداغ :
«مەشۋەرەت ھالا مۇنداغ ئولسە ئەگەر ،
سالىڭىزلار بارى سىپەھغە خەبەر .
بارچە جابدۇغنى قىلسۇلار تەييار ،
جەڭگە ئامادە بولغۇمىز ، ئەي يار .»
مۇسلىمانلارغە بەردىلەر ھەمە جاھ ،
چۈن مۇسەللەھ ، مۇكەممەل ئولدى سىپاھ .
ئاتلانۇر ۋەقت ئېردى يولغە ئىمام ،
شول زەمان كەلدى مۇندا شاھ بەھرام .
دېدى : «ئەي پادشاھى ئالەمگىر ،
نەچچە كۈن مۇندە بولسەلەر سابىر .
ئەمدى بۇ مەسلەھەتدىن ئۆيرۈپ يۈز ،
تۇتسەلەر قۇدرەتى ئىلاھىغە كۆز .
يوق ئەبا مۇسلىمىدا نوقسۇ قۇسۇر ،
ئەمما ، مەرۋان بىلەن نە ئىش قىلىشۇر .
ئاڭا باقىپكى تۇتسەلەر ھەر كار ،
«خۇب ئىكىنمۇ» دەپ ئېردى ئول مەككار :
شەھغە بەھرام سۆزى كۆرۈلگەچ بەد ،
ئۆزرە تۇتماي بۇ قەۋلىن ئەيلەدى رەد .
يۇردىلەر جانىبى خۇراسانغە ،
لەشكەرى بىرلە بىر بەيابانغە .
قىلدى بەھرام مۇنافىق ئول فۇرسەت ،
مۇندا ئۆز خەۋفىدىن قىلىپ ۋەھشەت .
دېدى كۆڭلىدە : ئۇشبۇ ھەنگامە ،
يەتسە مەرۋانغە ئاڭلانىپ نامە .
قەھر نارىدىن ئۆرلەتىپ ماڭا دۇد ،
ھېچ بۇنيادىم ئەيلەگەي نابۇد .
دەپ غۇرۇر ئولدى فانى دەۋرانغە ،
نامە يازدى ئېبەردى مەرۋانغە .
نامە مەزمۇندا بۇ ئىدى تەئبىر ،
دېدى : «[ئەي] مەرۋان ،بولغاسەن ھازىر .
مۇندىن ئول جەئفەرى ئىمام سادىق ،
باش كېسەرگە ھەم بولۇپ لايىق .
ئوتتۇزمىڭ لەشكەرى بىلەن كەتتى» .
دەپكى مەرۋانغە نامە ھەم يەتتى .
ئالدى بۇ سەگ قولىغە جامۇ شەراب ،
ئايتادۇركىم ، ئېشىتكىل ، ئەي ئەھباب :

«ئەر كىرەك بۇ شەرابنى سىپقارغاي ،
ئۇشبۇ ئىشنى تەمام ئېتىپ يانغاي .
بەند ئېتىپ بەلگە فۇتەئى ھىممەت ،
كىم بەجا كەلتۈرۈر ماڭا خىزمەت ؟ »
دەپ بۇ نامەرد ئەيلەدى بۇنياد ،
ئۇشبۇ قىچقىرماقى ئىدى مۇئتاد .
بار ئىدى بىر خەۋارىجى نادان ،
ئانى سەلسال بەبىر دەر ئىدى دەندان .
ئو[ر] ندىن ئول ھەماقەتى سەلسال
قوپتى تەئزىم قىلىپ تۇرۇپ دەرھال .
دېدىكىم : «ئەي شەھى فۇزۇن دەۋلەت .
مەن قىلاي بولسە ھەر نېچۈك خىزمەت . »
ئۇشبۇ سۆزنى ئاڭا دېيىشى ھەمان ،
بەردى مەينى تۇتۇپ مۇڭا مەرۋان .
ئالدى سەلسال شەرابنى سىپقاردى ،
ياندۇرۇپ جامنى ساقىغە بەردى .
چىن تەرەفكە بۇ كافىرى بەدكار ،
يۈردىلەر يۈز يىگىرمە مىڭ خۇنخار :
تۈركى خۇنخارلار ئىدى ھەممەسى ،
گوشتى ئادەم يېمەك ئىدى ھەۋەسى .
قىسسە ، مەرۋان يەنە بۇ نائىنساف ،
نامەئى يازدۇرۇپ خىلافەتى لاف .
توققۇز خاقانىغە ئىبەرەكىم ،
دېدى : «ئەي چىنى ، مەن ئىشتىتىمكىم ،
سۆزكى ، جەئفەر ئىمام سەبەدكوھىدىن ،
ئوتتۇزمىڭ لەشكەرى بىلەن بۇ ھەيىن .
ئاتلانىپ يولغە چىققان ئېرمىش ئول ،
ھەم بىزىڭ قەسدىمىزدە كەلمىش ئول .
قويۇپ ئەلبەتتە ھەر تەرەفكە كىشى ،
خەبەر ئالماق سىلەرگە بولسۇن ئىشى .
ئول ئابا مۇسلىمىن قوشۇلماغۇسى ،
جۈملە ئالەم ئارىغ بوزۇلماغۇسى .»
دەپ پىتىپدۇر ، كۆرۈپ توقۇز خاقان ،
كىشى چاپتۇردى شول زەمان ھەريان .
كىشى قويدى تەمامى بەندەرگاھ ،
شاھلاردىن بولۇرىغە ئاگاھ ،

## فەسلى داستان، ھېكايەت ئىشتمەك كىرەك ھەزرەتى ئىمامى جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

چۇن بۇ شاھ نېچەند كۈن يۈرۈپ يوللار ،
تەي قىلىپ مەنزىلۇ مەراھىللار .
كەلدى دەشتى خوتەنگە قىلدى نۇزۇل ،
مۇندا تۇشكەننى كۆردى چۇن قورۇل .
باش بولۇپ جەئفەرىيۇ سادىق ئىمام .
ئالتە سۇلتانلار ئوتتۇز ئىككى ئىمام .
لەشكەرى بىللە كەلدى ئوتتۇزمىڭ ،
ھەربە بار قوللارىدا ھەربىرىنىڭ .
كېلىبان تۇشتىلەر فىلان يەرگە ،
دەپ خەبەر بەردى خوتەنىيلەرگە .
ئاڭلاغاچ ئاتلانىپ توقۇز خاقان ،
جەڭگە چىقماقىغە ئوغرادى بۇ زەمان .
كافىرى نابكار ئەسلەم تۈرك ،
قەھرەمان ، مەئدەن ئىبنى ئەمئەن تۈرك .
يەنە بۇ جۈملەدىن بەرۇزى تۈرك ،
ئاتەشى دەۋزەخ ئىچرە سوزى تۈرك .
تۈركلەرنىڭ بارى يىغىلدىلار ،
چېرىكنى مۇندا جەمئ قىلدىلار .
چىنىيلەر — يەئنى ئول خوتەنلىكنىڭ
چېرىكى جەمئ بولدى ئەللىكمىڭ .
چىقىبان شەھلەر ئالدىدا باردى ،
سىرى راھى ئىمامنى ھەم ئالدى .
كۇفر ئېلى جەڭ قىلۇرنى چاغلادىلار ،
سەفلەرنى بۇ نەۋئ باغلادىلار .
سەفى ئەۋۋەلدە سەلسەبىل ختاي ،
تىكتى ئونمىڭ كىشى بىلە ئاڭا پاي .
سەفى دەۋۋۇم ئارا قەھرىمانى تۈرك ،
تۇردى ئونمىڭ كىشىسى ئانى تۈرك .
يەنى ئونمىڭ كىشى بىلەن ياغمان ،
قىلدى ئول ھەم ئۇچۇنچى سەفدە مەكان .
تۇردى قالماق ، قازاق چەھارۇمدا ،
يەنە ئونمىڭ كىشى بىلەن مۇندا .

سەفى پەنجۇم ئارا توقۇز خاقان ،
تۇردى ئونمىڭ كىشى بىلەن يەكسان .
باغلادى چىنىلەر بۇ تەرزىدە سەف ،
چىرىكى كۇفر تۇردى سەف دەرسەف .
سەف تۇزۇپ ھەزرەتى ئىماملار ھەم ،
تۇردى ئۆز لەشكەرى بىلەن مەھكەم .
كىردى ئۆز جانىبى توقۇز خاقان ،
ئول زەمان سەلسەبىل خىتاي مەيدان .
«ماڭا تاپ كەلگۈدەك بۇ لەشكەردىن ،
كىشى بولغايمۇ بىر دىلاۋەردىن ؟
كەل بۇ مەيدان ئىچىگە !» دەپ جا[ر]لاپ ،
تۇردى شەھلەر تەرەفىگە قاراﻻپ .
شەھ تەرەفلەرىدىن دەلىرى زەمان ،
كىردى مەيدانغە تەلھە ئىبنى تۇغان .
باڭ سەلافەتدە نەئرەلەر ئۇردى ،
تىغىنى سەلسەبىلگە يەتكۈزدى .
بەرمەيمىن كۆچ ئاڭا ، بۇ كافىرى بەد ،
تەلھەنىڭ ھەربەسىنى ئەيلەدى رەد .
نەيزەسىن ئىلكىگە ئالىپ بۇ پەلىد ،
تەلھە ئىبنى تۇغاننى قىلدى شەھىد .
كىردى ھاشىم ئىمام سەلافەتكە ،
ئانى يەتكۈزدى ھەم شەھادەتكە .
ئول كۈنى جۇملەئى مۇسۇلماندىن ،
بولدى ئونبەش كىشى شەھىد ئاندىن .
قىلدى مەغرىب سارى سەفەر تابان ،
كۆتەرىلدى بۇ ئەرسەدىن رەخشان .
باستى ئالەمنى چۇن سىپاھى ھەبەش ،
يەتتى زۇلماتى تەۋسەنى سەركەش .
ياندى مەنزىللەرىگە ئول سەگلەر ،
بىھەيا ، بەد سىرىشت ، بەدرەگلەر ،
ياندىلار ھەزرەتى ئىماملار ھەم ،
بىدىماغ ئولدى سەييىدى ئالەم .
فەسلىدىن سوڭرە شەرق سارىدىن ،
شۇبۇ ئولدى زۇھۇرى زارىدىن .
خەيلى زۇلماتى جەبىنلە ئەيلەدى چاك ،
چۇن سىپاھى ھەبەشكە يەتتى ھەلاك .
سەبزە زەررىن قەبا كىيىندى بەياز ،
بەگدەزان مىھرى خاۋەر ئولدى ئەياز .
مەركەزى ئالەم ئولدى نۇرانى ،
مۇرتەفىئ بولدى چۇنكى تابانى .
يەنە ، ئەلقىسسە ، ھەر ئىكى لەشكەر ،
ئۇشبۇ مەيدانغە ھازىر ئولدىلەر .
جەڭ ئۇچۇن ئەيلەبان كەمەر بەستە ،
قىلدىلار سەفلەرىنى ئاراستە .
ئول لەئىن سەلسەبىل يەنە مەيدان ،
چىنىلەر جانىبىدىن ئولدى رەۋان .
تەلەبى مەرد قىلدى مەيداندا ،
قورقۇپ ھېچكىم كىرەلمەدى ئاندا .
گەردى پىچانىكىم خىرەد شانى ،
بولدى بىردەمدە بىر بەيابانى .
فەسلىدىن سوڭ سۇزۇلدى گەردى غۇبار ،
چىقتى بىر پەھلەۋانى شاھى سەۋار .
كەلدى بىر تەھەمتەن سىفەت گويا
بارچە غەرق [ئولدى] ئەز سەرىيۇ پا .
ئاھەنىن فولاد قورشانىپدۇرلار ،
كوتەلىك خىڭگە مىنىپدۇرلار .
تۇردىلار ئۇشبۇ ئەرسەنىڭ ئىچىدە ،
ئىككى لەشكەر ئىدى مۇلاھىزەدە .
دېدىلەر : «بۇ نېچۇك دىلاۋەر ئىكىن ،
بۇ كىشى قايسىمىزغە باۋەر ئىكىن ؟»
كۆرسەلەر ناگەھان ئۇلارنى بۇلار ،
ھەزرەتى ئاسىمى ئىمامدۇرلار .
ئول ئىمام ئاسىم ئىردىلەر ۋەلەدى ،
ئان ئىمامىم مۇھەممەدى ھەنەفى .
نەئرە تارتىپ بۇ سەلسەبىلغە كېلىپ ،
ھەسەبەت قىلدىلار ئاڭا دىيىنىپ .
سەلسەبىلغە بولۇپ بەغايەت دەرد ،
دېدى : «ئەي پەھلەۋان شاھى كەژمەرد .
كىم بولۇرسىز بۇ رەڭ شۇجائەتلىك ؟
سوقاسىز بىزگە باڭ سەلافەتلىك .»
ئايدىلاركىم ئىمام : «ئەي نادان ،
مەندۇرۇرمەن يىگانەئى دەۋران ،
يەنە مەنمەنكى شاھزادە جەھان ،
كەسەبەسالىرى ئىرانۇ تۇران .
نىسبەتىم قالماغاي ساڭا پىنھان ،
ھەم مەنەم ساھىبى قىرانى جەھان .
بەرگەزىدە ھەمە ئىمامانەم ،
ھەم نەزەرگەردە شاھى مەردانەم .

ھەم جىگەر گۇشە شىرى يەزدانەم ،
سەۋ شىكەن شىر ئەفكەنى ئالەم .
مەن تۇرۇرمەنكى يوق نەسەبدە خەفى ،
ئاسىم ئىبنى مۇھەممەدى ھەنەفى .
شاھى مەردانىنىڭ ئوغلى ئېردى ئۇلار »
بۇ ئىمامىم بۇ سۆزنى دەپ ئىدىلار .
كۆپ ئەداۋەت بىلە بۇ ئىككى ئەر ،
ھەربىرى ئالدى ئىلكىگە شەمشەر .
بۇ ئىكى پەھلەۋان مۇبارىزلەر ،
نە ئاڭا خەتەرۇ نە ئاڭا زەفەر .
كۆرسەتىپ ئانچىنان دىلاۋەرلىك ،
ھەربىرى قىلدىلار بەرابەرلىك ،
ھەربىرى ئىلكىدە بولۇپ بۇ مەھەل ،
قىرق - ئوتتۇزدىن ھەربە بەردى بەدەل .
ئاخىرۇل - ئەمر ئۇشبۇ شەھزادە ،
مۇشكىل ئولدى بۇلارغە ئول جادە .
چۇست - چالاكلىق بىلەن زەربە ،
سالدىلار نەچچە مەرتەبە ھەربە .
كەيدى قالپاق باشىغە ئول كافىر ،
مىكرلەر كۆپ قىلۇر ئىدى ئاخىر .
ۋەھرىدىن ھەزرەتى ئىمام ئول چاغ ،
جۇش ئۇردى غەزەبلەرى ئانداغ .
چۇست - خىز ئەيلەبان بۇ كافىردىن ،
ئون قارى يۇقارى ئاشىپ سەردىن .
يانىپ ئانداغ ئورۇن ئىدى شەمشىر ،
باشىدىن تا بېلىچە ئول كافىر
كېسىلىپ ، جىسمى يەرگە يىقىلدى ،
ئاتىنىڭ بەلكى سىرتى كېسىلدى .
چىرىكى كۇفر قالماي ئاندا يەزىدە ،
چەكتىلەر نالەۋۇ فىغان غەيرىد .
يىغلاشىپ ئايتادۇركى قىچقىرىشىپ ،
ئول ئىمامغە پىسەندلەر قىلىشىپ .
مۇنچە ھەم پەھلەۋان بەھادۇر ئوغۇل ،
كىم بولۇر ئىكەن دىلاۋۇر ئوغۇل .
بىر قىلىچ بىرلە بۇ سىفەت ئەرنى ،
قەتل ئېتىپ پەھلەۋان دىلاۋەرنى .
سازۋارى جەھەننەم ئەيلەدى ئول ،
خەسۇ خاشاكدىن كەم ئەيلەدى ئول .
دەپ بۇ نەۋئى سۇخەن دېيىشتىلەر ،
ئەھسەنۇ ئافەرىن قىلىشتىلەر .
بەئەدەزان قەھرەمان دېگەن كافىر ،
بولدى مەيدانغە شول زەمان ھازىر .
بالىڭ سەلافەت ئىمامغە ئەيلەدى زەرب ،
مەقسەدى قىلماق ئول ئىمام بىلە ھەرب .
ئايدىلار ھەزرەتى ئىمام ئاسىم ،
خاسلار ئىچرە بارچەدىن خاسىم :
«ھازىر ئول ، ئەي جەھالەتى بەد بەخت»
دەپ قىلىچ سالدىلار ئىمام ئاڭا سەخت .
ئۇشبۇ كافىر باشىغە قالقانىنى
تۇتتى ، قۇتقاردى تەن ئارا جاننى .
قەھرەمان قولغە ھەم قىلىچ ئالدى[1] ،
تىغىنى شەھغە يەتكۇرۇپ سالدى .
شەمشىرى ، ھەزرەتى ئىمامنىڭ ھەم ،
تارى مويىغە يەتكۇرەلمەدى خەم .
ئەمما ، مەيدان ئارا ئىمام بىرلەن ،
تۇرك خۇنخار قەھرەمان بىرلەن .
بۇ ئىكى پەھلەۋانلە مۇلكىدە .
ھەربەھايى كىرانلار ئىلكىدە .
چۇن تۇتۇش قىلدىلاركى ئوت سۇ مەسەل ،
بولدى يەتمىشدىن ھەربە رەددى بەدەل .
بولدىلار ئاقىبەت ئىمام ناخۇش ،
ئۇردى تۇغيان قىلىپ غەزەبلەرى جۇش .
ھەق تەئالانى ياد ئەيلەپ تېز ،
كوتەلىك خىنگىگە بېرىپ مەھمىز .
نەئرەلەر تارتىبان يۇگۇردىلەر ،
قەھر بىرلەنكى جەڭگە تۇردىلەر .
دېدىلەر قەھرەمانغە : «ئەي كافىر ،
نې كۆرەرسەنكى ئەمدى بول ھازىر .
بىر قىلىچ سالدىلار تۇتۇپ قالغان ،
قەھرەمان باشىن ئەيلەدى پىنھان .
شەھ كۇشىش بەردىلەر بۇ كافىرغە ،
بولدى بۇ ئاتى بىرلە تۇرت پارە .
شەمشىرى شەھ بۇ سەگكە كىم يەتتى ،

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «سالدى» دەپ يېزىلغان .

سەڭگىلاخى جەھەننەم ئۇل كەتتى .
مۇسلىمانلار ئارا يېتىپ شادان ،
بولدى مۇئمىنلار خۇررەمۇ خەندان .
قالدىلار كافىرۇ مۇنافىقلار ،
دىنۇ مەزھەبكە نامۇۋافىقلار .
غولى بىرلەن چېكىپ يىغى ئەرەسات ،
جاۋىدانى جەھەننەمى دەرەكات .
ھەممە ئىككى تەرەفدەكى لەشكەر ،
قىلدىلار بۇ ئىشامغە تەھسىنلەر .
زور بازۇ بۇ ئالىي ھىممەتىگە ،
چۇست - چالاك بىرلە قۇۋۋەتىگە ،
ئافەرىنلەر ئوقۇپ بارى مەردان ،
تىشلەشىپ ئىلكىن بولدىلار ھەيران ،
يەنە بۇ ھەزرەتى ئىمام مەيدان ،
ئىچىدە ئېردى كۆرسەتىپ جەۋلان .
«بىر ھەرىف بارمۇ ؟» دەپكى تۇردىلار ،
«بولسە كەلسۇن» دەپ نەئرە ئۇردىلار .
ئەمما ، شەھىنىك بۇ كارزارىغە ،
كۇفر ئېلى ھەيران ئېردى بارىغە .
يەنە ئۇل ھەزرەتى ئىمام ئايدىلەر :
«ئەي پەلىد جاھىلى جەھەننەمىلەر ،
بىر ئۆلۇم ئارزۇ قىلغانىك بولسە ،
كەل تىرىكلىكدە تويغانىك بولسە .
مۇندا بىرمۇنچە كارزار ئېتەلى ،
ئارزۇك ۋەسلى - كامىغە يېتەلى .
ئەمما ، ھەد يوقكى ھېچ كافىردا ،
قورقاشىپ كىرمەس ئېردىلەر مۇندا .
«قەھرەمان ئاتى بىرلە تۆرت ھەسسە
بولدى ، بىزنى نە سۇد ئېتەر كەسسە»
دەپ بۇ مەيدانغە يۇزلەنەلمەدىلەر ،
ئاخىرى كارىنى بىلەلمەدىلەر .
دەرغەزەب بولدى چۇن توقۇز خاقان ،
ئاقىبەت كىردى ئۆزى بۇ مەيدان .
شەھ جەنابىغە باردى ئۇل جىساك ،
كەلگەنچە ئىشامغە سوقتى بالك .
كۆردىلەر شەھ مۇنىكى كۇففارى ،
سەگ ئىكەن بىر ھەرىفى خۇنخارى .
قەددى يەتمىش گەز ئېردى مىسلى مۇنار ،
ئاغزى بىر غاردەك ، بۇرۇنى ئىجھار .
كۆزلەرىدۇركى مىسلى چەشمى نەھەك ،
چوڭلۇغى بىر پىيالە بىرلەن تەك .
شەبى يەلدا كەبى يۇزى بىر زەخ ،
بەلگۇرۇپدۇر نىشانەئى دەۋزەخ .
ئەمما ، باشىدا كاكۇلى باردۇر ،
بۇ سىفەت نابكارى خۇنخاردۇر .
شەھ ئىلكىگە قىلىچنى ئالدىلار ،
ئۇشبۇ سەگكە ھەۋالە قىلدىلار .
ئۇشبۇ كافىر غىلافىدىن خارىج ،
ئەيلەپ ئالدى قولىغە ھەم بۇ قىلىچ ،
شەھكە ھەيبەت بىلەن قىلىپ ھەملە ،
تۇردى ئۇل نابكار شەرمەندە ،
بىر - بىرىگە دۇ پەھلەۋانى دەلىر ،
سالىشۇر ئېردىلەر چۇنان شەمشىر .
ئانچەنىن قىلدىلاركى جەڭگى جەدەل ،
بولدى بىرنەچچە ھەربە رەددى بەدەل .
ئەينى تەڭلىكدە ئېردىلەر ناگاھ ،
بىر تۆشۇككە ئاياغى ئاسىبى شاھ .
بەند ئولۇپ ئات بىلەن يىقىلدىلار ،
شەھ بۇ ئات ئاياغىدا قالدىلار ،
ئۇشبۇ ئەسنادا ئۇل ئىمامى جەھان ،
ھادىئى دىنۇ سەييىدى ئىنسان .
مەئدەنى مەئرىفەت ئارا ۋاسىق ،
ئۇل ئىمام يەئنى جەئفەرى سادىق .
بىخەبەر ئېردىلەر بۇ زاتى شەرىف ،
ئۇل ئىمام ئاسىم ئاندا بولدى زەئىف .
ئۇل تەرەف يۇردى ئۇل ئىمامى ئۇمەم ،
ئات سالىپ سى ھەزار خەيلى ھەشەم .
توققۇز خاقان بۇلار ھەنۇز يەتمەي ،
بىر قىلىچ بىرلەكىم ئەمان بەرمەي .
ھەزرەتى شەھ ئىمامى ئاسىمنى ،
مەئسىيەت جۇرمىدىن خەلاسىمنى .
يەتكۇرۇپ دەرجەئى شەھادەتكە ،
سازۋار ئەتتى شەھنى جەننەتكە .
(قالۇ ئىننا لىللاھى ۋەئىننا

ئىلەيھى راجىئۇن .① )
توققۇز خاقاننىڭ چېرىكى ھەمە ئات ،
سالدىلار ، بارچەسى شۇبۇ ئەۋقات .
ئىككى دەريايى لەشكەر ئانداغ جەڭ ،
قىلدىلار ، كارزارى رەڭگا - رەڭ .
گويىياكىم قىيامەت ئول يەردە ،
بولدى قايىم ئۇشۇل كۈنلەردە .
بولدى ،ئەلقىسسە ،ھەرب دۇ شەب - روز ،
ئانداغ ئولدىكىم سەختى جەڭ مەئخۇز .
كەربەلانىڭ جەڭگىدىكىدەك تىغ ،
چاپشۇر ئېردى ، بولدى جەڭ قاتتىغ ،
باقسەلەر ھەزرەتى ئىماملارنىڭ ،
لەشكەرىدىن بۇ جەڭ ئارا بەشىمىڭ .
پەھلەۋان شاھۋار مەرداندىن ،
كىم بولۇپدۇر شەھىد مۇسۇلماندىن .
ئەمما ،كافىرنىڭ ئىككى لەك بەشىمىڭ .
كىشىسى دەۋزەخ ئىچرە باردى ئانىڭ .
بىرنى ئولتۇرسەلەركى كافىردىن .
يۈزى پەيدا بولۇر بۇ جاھىلدىن .
يۈزنى ئۆلتۈرسەلەر كېلۇر مىڭلاپ ،
تىغنى تەڭلەپ ، جەلاسىنى قىڭلاپ .
ئايدىلار كىم شەھ :«ئەي مۇسۇلمانلار ،
مەسلەھەت ئەمدى بۇكى يارانلار :
كوھ سارىغە ئۆزنى ئالغان خۇب ،
ياقاراق بىر ماكانغا بارغان خۇب .
چارە يوقتۇر ۋەگەر نە بولدى قەبىھ ،»
بولدى ئەسھابغە بۇ قەۋلى سەھىھ .
شاھ لەشكەرلەرىن قەبىلە قىلىپ ،
ئۇشبۇ جەڭگاھدا يۇردىلەر چىڭدىپ .
ئەمما ،ئول ماچىنى توقۇز خاقان ،
بىر قىزى بار ئىدى ئانىڭ بۇ زەمان .
ئاتى ئېردى ئانىڭ «ئالىپ خاتۇن» ،
لەيلىۋەش ئېردى ئەل ئاڭا مەجنۇن .
غايىبانە بۇ قىز ئىدى دائىم ،
ئاشىقى ھەزرەتى ئابا مۇسلىم .
ئاتاسىغە بۇ ۋەقت ئول دۇختەر ،
دېدى :«ئەي مىرى كافىرانى پەدەر .
يوق ئۆلارنىڭكى سىزگە دەئۋاسى ،
دىن تالاشماقدا يوق تەقەززاسى .
بىغەرەز ئول مۇسافىران كېپى يوق ،
جەۋر قىلغاننىڭ ئاندا ھېچ ئېپى يوق .
يارلىغ قىلغان ئېرسە ئول مەرۋان ،
مۇنچەلىك تۇتسە بەس ئاڭا فەرمان .
قىلدىڭىز ئانداكى چۇ قەتلۇ قەتال ،
ئەمدى يەتمەسمۇ مۇنچە جەڭگۇ جەدال ؟
بەس ، بۆلارغە نەدىن جەفا قىلاسىز ؟»
دەپ ئاتاسىنى مەنئ قىلدى بۇ قىز .
چۇن توقۇز خاقان مۇنى تۇتتى قەبۇل ،
بولدى بۇ سۆز نىھايەتى مەئقۇل .
دەرمەھەل لەشكەرىن توقۇز خاقان
ياندۇرۇپ ، بولدى ھەمە يولغە رەۋان .
قىلدىلار ھەزرەتى ئىمام بۇ زەمان ،
«لەشكەر ئىككى بۆلەنسۇ» دەپ فەرمان .
يارلىغ ئاڭلاغاچ بۇ جەمئى رىجال ،
لەشكەر ئىككى بۆلەندىلەر دەرھال .
ئاتا سۇلتان قىلىچۇ بۇرھاننى ،
باش قىلىپ ئىككى مىڭ كىشىگە ئانى .
بۇيرۇدىلەركى شەھ بۆلارغە قاراپ :
«باسىپ ئوڭ قولنى كوھنى ياقالاپ ،
قۇم ئىچىچە رەۋان بولۇپ يولغە ،
يەنە يۇرمەك كېرەك سەبەتكوھغە .»
شەھ بىلە ھەمراھ ئىككى مىڭ لەشكەر ،
ھەم بۆلار ۋادى بىرلە يۇردىلەر .
ھەق تەئالانىڭ ھىكمەت ئىلھامى ،
بىرلە ئانداغكى بولدى تۇفانى .
كىشىنى كىشى ھەم كۆرەلمەدىلەر ،
بۇ ئانى ، ئول مۇنى بىلەلمەدىلەر .
ئايدىلار شاھ : «ئەمدى يارانلار ،
ئۇشبۇ تاغنىڭ بويىغە تۇشسۇنلار .»
ھەمە مۇئمىن بۇ كوھنى ياقالاپ ،
تۇشتىلەر ياستانۇرغە ئۇشبۇ تۇراب ،

① بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز ) ، چوقۇم ئاللاھ- نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» ، قۇرئان كەرىم» 2 - پارە ، 2 - سۇرە بەقەر ، 155 - ئايەتنىڭ تەرجىمىسى .

ھەزرەتى جەئفەران سەبەدكوھنى ،
تۇشلەبان بارۇر ئېردىلار شۇنى .
يەنە ،ئەلقىسسە ،ئۇلكى مەرۋان خەر ،
بۇيرۇغان يۇز يىگىرمەمىڭ لەشكەر .
باشى سەلسال بەبرى دەندانلار ،
يېتىشىپ كەلدى نامۇسۇلمانلار .
ئول خەۋارىجلار يەرۇ كۆكنى سۈرۇپ ،
چۇن ئىماملارنىڭ لەشكەرىنى كۆرۇپ .
چاپىشىپ ھەر تەرەفكە راستۇ چەپ ،
دەۋلەتىيۇ يەزىدۇ مەرۋان دەپ .
ئۇردى ئۆزنى سىپاھى ئىسلامغە ،
تۇردى مەلئۇنلار خۇن ئاشامغە .
ئەمما ، ئول ۋەقتىدە مۇسۇلمانلار ،
ئەينى ئۇيغۇ ئىچىدە ئېردىلار .
مەغلۇبە بولدى بىنىھايەت جەڭ ،
جەڭ يېرىنى خۇنىدىن ئەتتى رەڭ .
مۇسلىمانلارغە ئانداغ ئول ۋاقىئ ،
پىش كەلدىكىم بولغاسەن سامىئ .
بىر كىچە ئىككى مىڭ مۇسۇلماننى ،
بىللە ئول ھەزرەتى ئىماملارنى ،
خاب ئىچىدە تاپىپ بارىن غافىل ،
چۇن شەھىد ئەتتى كافىران جاھىل .
ھەزرەتى جەئفەرى ئىمام سادىق ،
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھ باسىق .
«قايدا باردىلار» دەپ سوراپ ئېردى .
چىنىلەردىن بىرى خەبەر بەردى .
ئۇلار ئول قەۋم ئىچىگە كىردىلار ،
دەپ بۇ سائەت بۇ قەۋمغە كافىرلار .
ھەزرەتى شەھنى يۇردىلەر ئىزلاپ ،
ئەمما ئول شاھ گەۋھەرى ناياب .
زۇبدەئى سالىكانى پەرۋەرىدىن ،
بىخەبەر ئېردىلەر بۇ سەگلەردىن .
ئەندەكى بولدىلار ئىمام بەدھال ،
ئۇشبۇ مەۋزىئگە تۇشتىلەر دەرھال .
فەسلى ئارام ئۇچۇن يېتىپ ئىدىلەر ،
كۆزلەرى ئۇيغۇغە كېتىپ ئىدىلەر .
كۆردىلەر تۇش بۇ ھالىنى نايىم ،
چۇن بولۇپدۇر قىيامەتى قايىم .
ئانھەزرەت رەسۇل سەللەللاھ ،

روزى مەھشەر ئارا شەفائەتخاھ .
ئولتۇرۇپ ئېردىلەر شەفائەتكە ،
جۇملەئى ئەجمائ ئەھلى تائەتكە .
ئۇشبۇ ۋاقىئنى شاھ كۆردىلەر ،
نەزدە ئانھەزرەتىمگە يۇردىلەر .
بەس ، سەلام قىلدىلار ئۇلارغە ئىمام ،
ھەم ئۇلار بەردىلەر جەۋابى سەلام .
دېدىلەر : «پات يەقىندە ئەي فەرزەند ،
قاۋۇشۇپ بىزگە بولغاسەن پەيۋەند .»
بولدىلار ئۇشبۇ سۆزنى دەپ غايىب ،
ئويقۇدىن دەرھال شاھ ئويغانىپ .
قوبۇبان كۆزلەرىنى ئاچتىلار ،
ئەز دىلى ئاھ سەردى تارتتىلار .
چۇن تەھارەت قىلىپ نامازغە شۇرۇئ ،
ئەتتىلەر بارچە ئېردىلەر مەجمۇئ .
مۇندا ئول سەلسال كافىرى تەرسا ،
بولدى ئۆز لەشكەرى بىلەن پەيدا .
كۆردى ئول ھەزرەتى ئىماملەرنى ،
ئول نەمازنىڭ ئىچىدە شەھلەرنى ؛
تاپىبان دەرمەھەل غەنىمەتى ۋەقت ،
تۇرك خۇنخار كافىرى بەدبەخت ؛
ئۆزىنى باش ئىمامى ئىنسانغە
ئۇردى بۇ ئىككىسى مۇسۇلمانغە .
مۇندا يەتكۇردى ئۇشبۇ سائەتكە ،
ھەممەئى دەرجەئى شەھادەتكە .
بۇ پەلىدلەرنىڭ دىيدەسىدىن ئىمام ،
ناپەدىد ئولدى دەپدۇر ئەھلى كەرام .
ئانچە تەفتىش قىلىپ بۇ سەلسالِ بەبر ،
ئىنھەمە جىددۇ جەھد قىلدى بۇ گەبر .
ئىزدەبات ھەزرەتى ئىمامىمنى ،
ئۆزلەرىنى ۋە ياكى ئىزلارىنى ؛
ئاندا بارلىقدىن ئەسلى ئېردى نىشان ،
بولدى سەگلەر تاپالمايىن ھەيران .
بولدى سەگلەر ئىمامنى «بۇككەندۇر ،
مۇردەلەر ئورتاسىغە چۆككەندۇر .
ئۆزنى پىنھان تۇتۇپ شۇبۇ جانىب ،
ياتادۇرغاندۇر قانغە بولغانىپ .
ئەمدى شايەدكى ئەرتە تاپغايىمىز ،
تىغ بىرلە باشىنى چاپغايىمىز

تۇھفە قىلساق باشىنى مەرۋانغە ،
باي بولۇرمىزكى سىمۇ زەر شاگغە .»
دەپ بۇ سەگ لەشكەرىن يىغىپ كەلدى ،
بەلكى ئۇل لەشكەرىگە جا بەردى .
«ئۇشبۇ مەيداننىڭ چەۋرەسىن قورشاپ ،
ياتىڭىزلار ئىمامنى ساقلاپ»
دېدى ، كېرىسە بۇ يەرنى ساقلادىلار ،
بىرى بىرسىنى ئۆلتۈرۈشتىلار .
«ئۇل ئىمام بار ئىدى قاچۇردۇڭلار ،
قايسىڭىزلار ئانى يىتۇردۇڭلار ؟»
ئايتادۇر بىرسى : «سەن قاچۇرغانسەن»
ئۇل مۇنى دەيدۇر : «سەن قاچۇرغانسەن» .
بىر - بىرسىنى ئۆلتۈرۈر ئېردى .
بۇ ئىمامنىڭ كەرامەتى ئېردى .
ئايدىكىم سەلسال : «ئەي پەھلەۋانلار ،
ئەمدى باشىن كېسىپ مۇسۇلمانلار .
ئەرتەلىككە سەھەر كېلىپ كېسەلى ،
تۇھفە مەرۋان قىلىپ ئالىپ كېتەلى ،»
چۈن ئۇشۇل ۋەقتىدە بۇزۇلدى ھەۋا ،
بولدى ھەم بىر قارا بۇران پەيدا .
كۆزگە تۇفراق تولۇپ ، خەۋارىجلار
ھىچ نەنى كۆرمەدى بۇ كافىرلار .
بۇ ھەۋا ئىككى كېچە - كۈندۈزدە ،
بولدى ساق ، كۆرسەلەركى ئۇل تۈزدە ؛
قۇم باسىپدۇر ھەمە شەھىدلەرنى ،
ئانچىنان ئىزدەپ تاپمادى بىرىنى .
لاجەرەم تەبل ، كۇس قاقىپ سەلسال ،
چىنى ماچىنغە كەلدى بۇ دەججال .
توقۇز خاقان قىلىپ ئاتا ئېئزاز ،
بارگاھى تۇشۇردى ئۇل غەممار .
ئانچە كىم بارى نازۇ - نىئمەتلەر ،
خەمرى - بىريانۇ شىيرى - شەربەتلەر .
ھەم مەھازىرلەر ئەيلەدى ھازىر ،
ئانى قىلدى تەناۋۇل ئۇل كافىر .
يەنە سەلسال سەگىيۇ بەد مۇردار ،
نابكار تەبل ، كۇس ئۇرۇپ ناچار .
نەزدە مەۋانغە شام تەرەف كەتتى ،
نەچچە كۈندىن كېيىن ئاتا يەتتى .
سوردى مەرۋان : «نە قىلدىڭىز ۋاقىئە ؟»
ئايدى سەلسال : «بولساڭىز سامىئ ،»
دەپ ئاتا ۋاقىئە بەيان ئەتتى ،
ھەمە قىلغان ئىشىن ئەيان ئەتتى .
ھەزرەتى جەئفەرى ئىمامىمىنىڭ ،
جۇملە ئالەمگە رەھنەمايىمىنىڭ .
ئاتا سۇلتان قىلىچ بۇرھانلار ،
سى ھەزار لەشكەرى مۇسۇلمانلار .
ئۇشبۇ سەگ قول قويۇپ سەياسەتكە
يەتكەنىن دەرجەئى شەھادەتكە .
چۈن بەيان ئەيلەدى ئاتا بىر - بىر ،
ئەز سەرى تاپا ئەيلەدى تەقرىر .
ئايدى مەرۋان : «نەگە ئىماملارنىڭ
باشلارىن ئالىپ كەلمەدىڭ بارىنىڭ ؟»
سەگى سەلسال بەدرەكى دەندان ،
دېدى : «ئەي خەلفەئى يەزىدى زەمان ،
بار ئىدى ھەم مېنىڭ خەيالىمدا ،
كېسىپ ئالىپ كېلۇرچە ھالىمدا .
ئۇل كۈن ئانداغ قارا بۇران چىقتى ،
قۇم ياغىپ كۆزىمىزگە قۇم تىقتى .
قۇمنىڭ ئاستىدا قالدى مۇئمىنلەر ،
ئان ھەمە ئىزدەپ تاپمادۇق بىزلەر .
بارچەمىز لائىلاج بولۇپ ياندۇق ،
دەرگەھىڭ جانىبىغە ئاتلاندۇق .

## ھەزرەتى ئىمام مۇسىئى كازىم ئىبنى ھەزرەتى ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ زىكرىلەرى

بىشەئى سۆزگە تەقابىللار ،
دەفتەرى ئافەرىنىش ناقىللار .
مەئنى جەۋھەرفۇرۇشى بازارى ،
راۋىئى مۇھدىسانى ئاسارى .
كىم قىلۇرلار رىۋايەتنى چۈنان ،
قىسسە پۇر غۇسسەئى شەھى دەۋران .

مىللەت ئايى ئىمامى پاكىدىن ،
مىرى ساھىب خۇرۇجى كىشۇەرى چىن .
ھەزرەتى مۇسىئى ئىمام كازىم ،
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھبازىم .
كازىمىم شەمئى مەجلىسى ئىمان ،
ھەم شەھەنشىۋ كىشۇەرى ئىمان .
بەزم سادىقغە رەۋشەن ئاندىندۇر ،
گۇلستان چىنغە گۇلشەن ئاندىندۇر .
سەرمەدى سەرۋەرى ھىدايەت ئول ،
ۋەر سۇخەنپەرۋەرى فەساھەت ئول .
زۇبدەئىدۇر مەكارىمى كۇبەرا ،
قۇددۇھۇدۇر ئەقالىمى خۇلەفا .
چۇن خىلافەت سەرىرىغە قايىم ،
مۇئمىنىن مىرى مۇسىئى كازىم .
ئول زەمانكىم ئۇشۇل ۋىلايەتدە ،
بەرقەرار ئېردىلەر خىلافەتدە ،
جەددەلەرى ئول زەمانىدە ئىقلىمگىر ،
ئېردىلەر شاھ تەخت ئۆزرە ئەمىر .
ئەمما ، ھەزرەت ئىمامغە مىڭ دىنار ،
ھەر كۈنى ئۆشبۇ جەددى بۇزرۇگۋار ؛
خەرجى قىلماقغە يەتكۇرۇر ئىدىلەر ،
ھەرنە لازىم دېسە بېرۇر ئىدىلەر .
چۇن ۋەقت ھەزرەتى ئىمام يەزدان ،
ھەم رەسۇلىنىڭ قىلغانىن فەرمان .
ھەممە ئىنسانغە ئەيلەبان جارى ،
دىن ئىشىغە بېرۇر ئىدى يارى .
ۋەقتى ،ئەلقىسسە ،ئۆتتى چەند ئەييام ،
ياد قىلدى پەدەرلەرىنى ئىمام .
بولدى ئانداغكى كەشف ئارا مەئلۇم ،
بولغان ئېرمىش پەدەرلەرى مەئدۇم .
كەشفغە چۇن ئىمام ئىدى نازىر ،
ئاندا بولدى پەدەرلەرى ھازىر .
قىلدىلار سەرگۇزەشتەلەرىنى بەيان ،
ھەممە ئەھۋال ئىمامغە بولدى ئەيان .
جۇش ئېتىپ ئىشق سوزى ، دەردى فىراق ،
تاق ئەتمەك ئىمامغە بولدى يىراق .
ئايدىلار ھەزرەتى ئىمام كازىم .
باقىپ ئەسھابى[غە] بۇ شەھبازىم :
«بىزگە لازىمكى مەككە ، مۇلكى ئەجەم ،
مەقبەرى مۇلكى ئەئزەمۇ ئەكرەم .
پەدەرى مۇشفىق جەئفەرى سادىق ،
پادشاھى ھۇدۇدىئى مەشرىق .
نەچچەئى ئەسھاب بىرلە كەتكەيمەن ،
كىم ئۇلارنى زىيارەت ئەتكەيمەن .»
بابالارىغە ئەرز قىلدىلار ،
بابالارى بۇ شەھغە ئايدىلار ؛
«ئەي جىگەر بەندە مۇسىئى كازىم ،
چىنى ماچىنغە بولماگىمىز لازىم .
ھەممەدىن ئانىڭ دىنى بىگانە ،
ئۆزلەرىگە جەفا قىلۇر يانە .
ئەھلى ماچىننىڭ ھەممە ئىشلارى جەپ ،
بولسە ئەلھال بارماسۇنلار» دەپ .
جەددلەرى ئانچە مەنئ قىلدىلار ،
ئۇناماي ئاخىرى يولغە كىردىلار .
ۋالىدە بىرلە ئالتە مىڭ كىشىنى ،
قىلدى ئۆزگە مۇساھىبەت ئىشىنى ،
ئەزبەرايى زىيارەتى شاھان ،
چىنى ماچىن يولىغە بولدى رەۋان .
نەچچە كۈن تەي ئولۇپ مەراھىلغە ،
يەتتىلەر ھەددى چىنى ماچىنغە .
چۇنكى ئەسھابى شەھغە ئايدىكىم :
«ئەي دىلىمىز سۇرۇرى پادشەھىم .
بۇ شەھەر ھاكىمى مۇزەففەرخان ،
ئولدۇرۇر سەرۋەرى توقۇز خاقان .
ئول ئەجەب بىدىن كۇلبى بەددىندۇر ،
ئانچە غەييۇركى سەخت كافىردۇر .
بۇرنا ھەم پاك زاتى بابەرەكات ،
رەھنەمايى جەھان ھەممدە سىفات .
شەمئى دىن مىھرىبان پەدەرلەرىنى ،
ھەزرەتى جەئفەرى ئىماملازىنى .
قىلغان ئېركەن شەھىد ئۇشۇل كافىر ،
بىزگە ھەم ئول نە قىلغۇسى ئاخىر .
مۇندىن ئاھىستە كېچەلەپ ئۆتەلى ،
شەررى كافىردىن ئېھتىيات ئېتەلى .»
مۇنى شەھغە دەپ ئېردىلەر ئەسھاب ،
دېدى شەھ :«خۇب ئايدىڭلار ، ئەي ئەھباب .»
چۇن سەھابى بىلەن قىلىپ شەب سىر ،
ياقالاپ سايىنى بارۇر ئېردى ئەمىر .

ئەمما ، مالىك مۇزەففەرى چىنى ،
ئاڭلاپان شەھلەرىم خەبەرلەرىنى .
«مۇسىئى كازىم ئالتە مىڭ لەشكەر
بىرلە بۇ چىنغە كىلەدۇرمىشلەر .»
دەپ ئۆزى ئۇشبۇ لەئنەتى بەدكار ،
بىللە ئالىپ يىگىرمەمىڭ خۇنخار .
ئول ئىماملارنىڭ جۇستىجولارىدا ،
قەسدە بولماقدا رو بەرولارىدا .
نىسبى شەب بىرلە ئاتلانىپ كەلدى .
لەشكەرى شاھىغە كىلىپ تەگدى .
شاھ ئۆز خەلقى بىرلە ئاتلاندى ،
سەف تۈزۈپ ناچار جەڭگە راسلاندى .
ئول مەھەلدە بۇ ئىككىلە لەشكەر ،
بىر - بىرىدىن خەبەرلىك ئىردىلەر .
بەرمەي ئول چاغ ئىماملارىمغە ئەمان ،
شەبى خۇن كەلتۈرۈرگە سۈردى زەبان .
تۈركى خۇنخارلار ھەمە ھەربە ،
تىيغۇ شەمشىرۇ ، تىيرەۋۇ نەيزە ،
قولغە ئالىپ قولىنى ئەيلەپ راست ،
بىر - بىرىنى قىلۇر ئىدى دەرخاست ،
چۇن مۇزەففەر ئاتىنى داب بەردى ،
ئۆزى ئەۋۋەل بۇ ئەرزىگە كەلدى .
ئايدى : «ئەي بۇ تۈرابىلەر بۇ زەمان ،
پەھلەۋان بولسە كىرسۇ بۇ مەيدان .
بولسە كىرگۈز دىلاۋەرى ئاھاد
مۇندا» دەپ ئەيلەدى بۇ سەگ فەرياد .
شاھ ئوڭ - سولغە باقتىلار ،بىر ئاھ
ئۇردىلار ، لائىلاج ئولۇپ ناگاھ .
ئايدى لەشكەرگە : «ئەي مۇسۇلمانلار ،
ئەي ھەبىبى رەفىقۇ يارانلار .
ئۇشبۇ يەر كەربەلاغەدۇر ئوخشاش ،
گەر بۇ مەيداندا ھەر دىلاۋەر باش
تىكىبان جەڭ قىلىپ شەھىد ئولدى ،
كەربەلا ئىچرە چۇن شەھىد ئولدى .
روزى مەھشەر بابام ئىمامى ھۇسەين ،
جايىدۇر پەھلەۋان ئەلامى ھۇسەين .
تاپىبان ئاندا بولغۇسى مەشھۇر ،»
دېدىلەر ئول ئىمامى شەمئى نۇر .
مۇندا يوق ئىردى ئول سىفەتلەردىن ،
ئاڭا تاب كەلگۇدەك دىلاۋەردىن .
لاجەرەم ئول سەھابى يارانلار ،
جەڭ قىلۇر بولدىلار مۇسۇلمانلار .
ئۆزلەرىنى كۇففارغە ئانداغ
ئۇردىلار ، ئات سالىپ بارىپ ئول چاغ .
نەئرەلەر تارتىپ «ۋا ھۇسەينا !» دەپ ،
«ۋا غەرىبا» دەپ ، «ۋا يەتىما !» دەپ .
سوقتىلار مىيمەنەنى مىيسەرەگە ،
ئۇردىلار مىيسەرەنى مىيمەنەگە .
قىلدىلار كىم بۇ ۋەقتى ئانداغ جەڭ ،
بارچە كافىرنىڭ ھالى بولدى تەڭ .
كۇفر ئېلى بۇ سىفەت ئۆلەر ئېردى .
ھەددىن ئانىڭ خۇدا بىلەر ئېردى .
بىنىھايەت تولا ئىكەن بۇ كۇففار ،
ئىت ئىلە خوكدىن بەتەر خۇنخار .
بىرنى ئۆلتۈرسەلەر ئەگەر شاھلار ،
ئون بولۇپ كىلەدۇر بۇ كافىرلار .
ئوننى ئۆلتۈرسەلەر مىڭى كېلەدۇر ،
ھەددىن ئارتۇق تولا بولۇپ كىلەدۇر .
مۇسلىمان لەشكەرىگە بۇ چىنلەر ،
ئاقىبەت كەلدى غالىب بەددىنلەر .
سەخت بولدى نىھايەتى گويا ،
كىم بۇ جەڭ ئىچرە بولدى قا[ن] دەريا .
كۆپ مۇسۇلمان يېتىپ شەھادەتكە ،
ۋاسىل ئولدى رىيازى جەننەتكە .
قىلدىلار جەڭنى ئۈچ كىچە - كۈندۈز ،
ئەسلەمۇ ئارام ئالمايىن شەب - روز .
سەرھېساب بەردى لەشكەرىگە ئىمام ،
ئەللىك - ئاتمىش قالىپدۇرۇر ئىسلام .
ھەم ئۇلار زەخمىناك ئولۇپدۇرلار ،
گۈل تەنى ھەممە چاك ئولۇپدۇرلار .
شاھ ئۆز تەنلەرىنى باقتىلەر ،
جىسمى فەررۇخلارىدا ئەللىك يەر
زەخم ئولۇپ ، تەنلەرى ئىدى يارە ،
بارمۇدۇركىم ئىرادەگە چارە .
چۇن تەرەددۇد مۇلاھىزە ئەيلەپ ،
ئۇرۇشۇر ئىردى «ۋا ھۇسەينا !» دەپ .

ۋەقتى ، ئەلقىسسە ، ئۇشبۇ شەھبازىم ،
ھەزرەتى مۇسىئى ئىمام كازىم .
ئەينى غەيرەتدىن ئېردى مەستى ئىلاھ ،
ئۇزىدىن بىخەبەر ئىدى ئول شاھ .
زەرب ئېتىپ مىيمەنەنى مىيسەرەگە ،
ئۇردىلار مىيسەرەنى مىيمەنەگە .
بولدى غەلتان كۇفارلار باشى ،
گويىيا ئېردى كوھى ساي تاشى .
ئانداغ ئۆلتۈردىلەركى ئولدەم شاھ ،
قىلدىلار كۇفر قاننى دەريا .
ھەممە بەد ئەسلى چىنى ماچىنلەر ،
قىلدىلار ئافەرىنۇ ئەھسەنلەر .
«نې ئەجەب پەھلەۋان دىلاۋەر ئىكەن ،
ھەم شۇجائەتدە بىبەدەل ئەر ئىكەن .»
نەچچە مىڭ دەۋزەخنى ئۆلتۈردى ،
بابى دەۋزەخقە بارچەنى سۈردى .
«مۇڭا ھېچ نەرسە كار قىلمايدۇر ،
جانى ھېچكىم تەنىدە تۇرمايدۇر .
نېچۈك ئەتمەك كېرەك» دەبان ئاخىر ،
مەسلەھەت قىلدىلار ھەممە كافىر .
«ھەممە بىر يولى ياغدۇرۇپ تىيرە ،
گۇرزى ، شەمشىرۇ سەڭگىيۇ نەيزە .
بەرمەسەڭ يا جان ، بەرمەسەڭ يا جان ،
بۇ يىگىت بىزنى قىلغۇدەك بىجان .»
دەپ ھەممە بىر يولى يۈگۈردىلەر ،
شەھ[غە] ئوق ياغدۇرۇرغە تۇردىلەر .
سەختى جەڭ ئەيلەبان يۈرۈر ئىدى شاھ ،
قەتلى تۇرك ئارقەدىن ماراپ ناگاھ .
كېلىبان شاھغە قىلىچ سالدى ،
زىنندەگەرلىكدىن شەھ كۆڭۈل ئالدى .
زەخمى ئوقدىن ھالسىراپ ئىدىلەر ،
بەئەدەزان ھەزرەتى ئىمام دېدىلەر :
«كىردىگارا ، خۇدايى ئالەمىيان ،
جەسەدىمنى مېنىڭكى ، يا رەھمان .
ئۇشبۇ بەدبەخت سەگلەر ئىلكىدە
قويماغىل بۇتپەرەست مۇلكىدە .
ساقلابان ئۆز قەناھىڭ ئىسمەتىدە ،
گۇشەئى بەرگىل تەختى قۇدرەتىدە .»
دەپ ئىمام ھەر تەرەپ باقۇر ئىدىلەر ،
بۇ مۇناجاتنى ئوقۇر ئىدىلەر .
«ئىلاھا ، ئەرشۇ قەلەم ھۆرمەتى ،
ئىلاھا ، ھەۋۋا ، ئادەم ھۆرمەتى .
سەندىن ئېرۇر جۇملەئى ئالىي سەبات ،
كۆردى سېنىڭدىن ھەمە ئۇمەم ھەيات .
ئالى دىنۇ ھەزرەتى ئەھمەددۇمەن ،
قىل نەزەرى ، نىك ئەگەر بەددۇمەن .
جىسمى زەئىفىمنى نىھان ئەيلەگىل ،
يەرى تۇرارىمنى ئەيان ئەيلەگىل ،
رۇھى ئىماملارغە قاۋۇشتۇر مېنى ،
جەددى رەسۇلۇمغە ياۋۇشتۇر مېنى . . .»
دەپ مۇناجاتى مۇسىئى كازىم
بولماپ ئېردى داغى ھەنۇز خاتىم .
غەيب[دىن] بولدى ساندۇقى پەيدا ،
ئۇشبۇ ساندۇق ئىچىگە كىردى بۇ شاھ .
چۈن شەھىد ئولدى ئول سىراجى دىن ،
كەتتىلەر باقىغە بۇ فانىدىن .
(قالۇ ئىننا لىللاھى
ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن .)
قۇدرەتى ھەق بىلەن [قۇياش] تۇتۇلۇپ ،
تۇردى ئۈچ كۈن جەھان قاراڭغۇ بولۇپ .
بولدى ئاندىن كېيىن جەھان رەۋشەن ،
كوھۇ ساي ئولدى چۈن گۈلى گۈلشەن .
بەس ، بۇيۇردى مۇزەففەر ئىتلەرىنى ،
تاپىڭىزلار ئىمام جەسەدلەرىنى .
چۇستۇ چالاك ئەيلەبان ھاردى ،
تاپمايىن قەلئەگە يانىپ باردى .
ئۇشبۇ ساندۇقتى بىر رىۋايەتدە :
بولدى فەرمانى ھەق بۇ سائەتدە ؛
ئىلتىبان قويدىلار مەلائىكلار ،
پايى جەئفەر ئىمامدا دەپەدۇرلار .
دەپەدۇرۇر يانە بىر رىۋايەتدە :
بار ئىمىشلەر خوتەن ۋىلايەتدە .
مەقبەرى شاھى مۇسىئى كازىم ،
دەپ رىۋايەت قىلىپدۇرۇر راۋىم .

*

نەزم تارتىپ بېرىپ مۇنى قۇربان ،
كەربە سەھراسىدا تەمام قىلغان .
ئوقۇپ ھەركىم دىلىنى شاد ئەتكەي ،
نازىمىنى دۇئادا ياد ئەتكەي .
يەتسە ھەركىمگە بىر بەلا يا غەم ،
زالىمى قىلسە يا ئىزا ۋە ئەلەم .
تۇشسە باشىغە ئاسىبى نىكبەت ،
ياكى يۈزلەنسە غۇسسەۋۇ مىھنەت ،
ئول كىشىگە بۇ ئىش ئېرۇر لازىم ،
ئول مەزارەتكە بولغاي ئول ئازىم .
ھەق تەئالاغە ئىلتىجا قىلسۇن ،
ئول ئىماملارغە كۆپ دۇئا قىلسۇن .
ساغىنىپ ھەزرەتى ئىلاھىمغە ،
يىغلاسۇن تەڭرى زۇلجەلالىمغە .

*

قىلسە ھەركىم خۇدايىغە ئىخلاس ،
قىلسۇن ئول ھەق كەلامىغە ئىخلاس .
ئەنبىيا ، ئەۋلىياغە ھەم شۇنداغ ،
قىلسۇن ئىززەت كىتابىغە ھەر چاغ .
مۇتەۋەججىھ بولۇپ ئىماملارغە ،
داد قىلسۇن بۇ پادشاھلارغە .
پاك ئەرۋاھلاردىن ئولسە مەدەد ،
ئول كىشىدىن بولۇپ بەلالار رەد ،
ھەرنە ھاجەتلەرى رەۋا بولغاي ،
ھەرنە دەردىكى بار ، دەۋا بولغاي .
ئاخىرەتدە قىلىپ شەفائەتلەر ،
قولداغايلار بۇ ئەھلى تائەتلەر .
گەر بۇلارغە كەتۇرسە ھەركىم شەك ،
قىلغان ئەئمالى بولدى مۇستەدرەك .

*

بارچەڭىزلەر بىلۇرسىز ، ئەي ياران ،
فانى دۇنيا ئىكەن بۇ بىپايان .
ئىشلارىدۇر تەمامى جەۋرۇ جەفا ،
كىمگە قىلدى قانى بۇ دەھر ۋەفا ؟
قانى شۇنداغ تۇفەيلى مەۋجۇدات ،
يەئنى ئانەزرەتىم ھەممدە سىفات ؟
ئەھلى ئەۋلادى ئۇشبۇ سۇرەتدە ،
ئۆمر ئۆتكەردىلەركى مىھنەتدە .
ئەنبىياغە ئاسىغ قاتىپدۇرمۇ ،
نەفسىنىڭ ۋەسىغە پاتىپدۇرمۇ ؟
ئۇشبۇ دۇنيانى بىز نە چاغلايمىز ،
نە ئۈچۈردىن ئەقىدە باغلايمىز ؟
ئىككى كۆنلۈك جەھان پەناھدۇر بۇ ،
ئەمما ، پۇر غۇسسە ، پۇر بەلادۇر بۇ .
ئەل مۇنىڭ لەززەتى بىلەن خورسەند ،
ئىچمەكىدۇر زەھەر ، يىمەكدۇر پەند .
چۈن بۇ دۇنيانىڭ ئەلگە پەندى بار ،
بەلكى يۈزمىڭ تۈمەن كەمەندى بار .
ھەر كىشىگە قىلىپ بۇلەك بىر كەيد ،
بارچەنى دامىغە قىلىپدۇر قەيد .
بەئزىلەر ئالىي پادشاھ بولدى ،
مىكرى دۇنياغە مۇبتەلا بولدى .
بەئزىلەر بەگ بولۇپ ھۆكۈمەتلىك ،
مالى دۇنياغە ئانچە ئۈلفەتلىك .
بىپەدەر بىۋە زەننى يىغلاتادۇر ،
زەھر ـ زەققۇمنى شەھدگە قاتادۇر .
بەئزى شەيخ ئولدى ، بەئزىلەر خولەفا ،

*

يوق ، ۋەلي ، باتىنىدە سىدقۇ ـ سەفا .
بەئزى ئاخۇندلارىم بولۇپ قازى ،
رىشۋە بەرگەن كىشىدىن ئول رازى .
«ھۇببى دۇنيا رەئىس كۈللى خەتا»
دەپ ئوقۇيدۇر قىلىپ ئەۋامغە ئەتا .
بەئزىلەر بەگ بولۇپ ھۆكۈمەتلىك .
مالى دۇنياغە ئانچە ئۈلفەتلىك .
ئۆزگە كەلگەندە يوق ھەدىسغە ئەمەل ،
پۇل تاپارغە قىلىپ ھەمىشە جەدەل .
بەئزىلەر گەنجۇ نۇقرەۋۇ تىللا ،
جەمئ ئېتىپ بولدى خاجەئى ئەئلا .
بەيئى قىلماي پۇلىغە ئەيلەدى سۇد ،
پۇلنى قىلدى جەزانەدىن مەۋجۇد .
بەئزىنىڭ قەسدى يەر ـ سۇلۇغ بولماق ،
ھەم تەكەببۇر قىلىپ ئۇلۇغ بولماق .
بەئزىلەر بولدى شىفتەئى ئىززەت ،
بەئزى ئادەم فىرىفتەئى دەۋلەت .
بارچە ئەفئالىمىز ئېرۇر ناھەق ،
بەھرى غەفلەتدە مەھزۇ مۇستەغرەق .
يوقتۇر ھېچكىمدە بۇيى خەۋفۇ رىجا ،
نەفسى شەيتان كويىدا پا بەرجا .
زەنۇ فەرزەندۇ مالىغە مەغرۇر ،
بولماق ئولدى تەمامى ئەلگە زەرۇر .
ئىلمۇ ئىمانۇ ھەججۇ سەۋمى سەلات ،
يوق ئەدا قىلماقى زەرۇرىيات .
تائەتى خالىسەن لىۋەجھۇللاھ
ئېرمەس ، ئەلنىڭ ئەزرلەرى دۇنيا .

هاسىلى ھېچ ئادەمىزادە ،
كەيدى دۇنيادىن ئېرمەس ئازادە .
شۇغىل ئالەمگە پايمال ئولدى ،
بىرسى مىلك ئىشغە ئىشتىغال ئولدى .
يوقتۇر ئىنسان جەھاندە ئاسۇدە ،

*

هاسىل ئانداغكىم ئىبتىدائى كەلام ،
ئەۋۋەلىن - ئاخىرىن قىلاي ئەئلام .
ئاتا بىرلەن ئاناغە يوق فەرزەند ،
بولغان ئېركەن تۇغارغە هاجەتمەند .
ئارزۇ - ئارمان قىلىپ ھەمىشە ئۇلار ،
تىنمايىن تەڭرىدىن تىلەپ يىللار .
«بىزگە تەڭرىم ئىيال ئەتا قىلسە ،
قالسە بىزدىن كېيىن دۇئا قىلسە .
فەيزىدىن رۇھىمىز بولۇپ خۇشنۇد ،
بولغاي ئاندىن سەۋابى ھەم مەۋجۇد ،»
دەپ بۇ نىيەت بىلەن تۈنەپ ئېرمىش ،
كۆپ مەزارەتدە ھەم تىلەپ ئېرمىش .
مېنى ئاخىر تەۋەللۇد ئەيلەپدۇر ،
ھەق تەئالاغە شۇكرلەر دەپدۇر .
شادمانلىق بىلەن قىلىپ ئىھسان ،
ئاتاپ ئېرمىش ئاتىمنى ھەم «قۇربان» .
ئول تۇغۇلغان مەھەللدىن باشلاپ ،
جانى ئىچرە ئاتام مېنى ئاسراپ .
ۋالىدەم بىرلە ياخشى تەربىيەت
قىلغان ئېرمىشلەر ئول نىكۇ نىيەت .
ئانچە ئىززەت بىلەن باقۇر ئىدىلەر ،
لەفزى «قۇربان»نى كۆپ ئوقۇر ئىدىلەر ،
ئالتە ياشغە يېتىپ ئىدى سالىم ،
تالىئىم شۇم ، قەبىھ ئىكەن ھالىم .
يەتتى ئول دەم قەزايى رەببانى ،
بولدى ئول ۋەقتىدە ئاتام فانى .
مەن يەتىملىك بىلەن ئىدىم ھەيران ،
بەردى مەكتەب ئانام مېنى بۇ زەمان .
پات يەقىن ھەم ئانام ۋەفات ئولدى ،
زەھرى غەم جامى دىلغە پۇر تولدى .
ئاتا يوق ، ئانا يوق ، ئىنىيۇ ئاغا ،
قالدىم ئاخىر غەرىب بولۇپ تەنها .
ئوقۇدۇم مەن بارىپ خوتەنلەردە ،
كۆرمەگەن ، بىلمەگەن ۋەتەنلەردە .
كەريەغە ھەم يانىپ كېلىپ ئاندىن ،
ئىلمدىن زەررە لەززەت ئالغاندىن .
چۈن ئىبارەتكە ئاشنا بولدۇم ،
كارى لېكىن تەمامى بىھۇدە .
ھەممە ئەۋقات ئارا بولۇپ تالىھ ،
قىلمادىم زەررە ئەمەلى سالىھ .
مەدرەسە ، ۋەقفۇ مەسجىدۇ لەڭگەر ،
قىلغالى قۇدرەتىم ئەمەس ياۋەر .

*

ئەمما تەھسىلدىن جۇدا بولدۇم .
تەربىيەت قىلغالى مۇرەببىم يوق ،
ئەرزى ھالىم سورارغە ھېچكىم يوق .
بەئزىدە زەيىقى مەئىشەت بار ،
خەرجى يېتىشمەگەندە مېھنەت بار .
گاھى مانىئ بولۇپ ۋەزىفە ئىيال ،
مۇنداغ ئىشلاردا بولغۇلۇقدۇر لال .
ئۇشبۇ ئىشلار سەبەب بولۇپ ماڭا ھەم ،
قالدى تەھسىلىمە يېتىپ بەرھەم .
كەسب ئېتىپ تەلبەلىك جۇنۇنلۇقنى ،
ئىزدەمەسمەن جەھاندا خۇبلۇقنى .
ھەم بۇ ئىشلاردا بار ماڭا مىننەت ،
ئانچە مەخلۇقغە قىلمادىم خىزمەت ،
يا كىشىگە تەئەللۇقۇم يوقتۇر ،
غەيرى خالىققە قۇللۇقۇم يوقتۇر .
ئەھلى دۇنياغە ئۇلفەتىم ھەم يوق ،
كۆپ كىشىگە مۇھەببەتىم ھەم يوق .
كۆپ كىشىلەردىن دوست تۇتقاندىن ،
كۇلفەتى يۈزلەنۇر ماڭا ئاندىن .
تەرك مەندىن كىشىگە دىل بەرمەك ،
كۆرگەن ئەلنىڭكىدە بارىپ - كەلمەك .
رىزق بەرسە ئەگەر يېدىم رەززاق ،
بەرمەسە ئىستەشىممۇ بار ئازراق .
ئەل بىلەن ھەم يامان كۆرۈشمەيمەن ،
نەفسنى دەپ تەمەئگە تۈشمەيمەن .
شورىدە خىزمەتىم نىشايەستە ،
كارمەن خەلق ئارا نىدانەستە .
جانۇ دىل بىرلە مەن كىشىگە ۋەفا
قىلسام ، ئاندىن يانار ئۆزۈمگە جەفا .
تالىئىم بولماسە بۇ ئالەمدىن ،
نەفئ يەتكەي ماڭا نە ئادەمدىن .
گاھى كەريە گاھى خوتەندە يۈرۈپ ،
تۇتمادىم ئۆيمۇ بىر ۋەتەندە يۈرۈپ .
شادلىق يەتسە گەر ماڭا بىر كۈن ،
كەينىدىن غەم يېتەر ماڭا يۈز كۈن .
شۇملۇغۇمنىڭ ئوتى بەھارىمنى
كۆيدۈرۈپ ، جىسمى خاكسارىمنى ،

ئۆرلەتىپ دۇدلار نىھادىمدىن ،
ساۋۇرۇپدۇر غۇبارى زارىمدىن .
تەن بۇزۇق ئۆي كەبى ئېرۇر ۋەيران ،
چۇغزىدەك رۇھ ئاندادۇر هەيران .
جان بىلەن دىل بۇ جايى غۇربەتدە ،
قالدى گويا مەقامى هەيرەتدە .
ۋادىئى فىسقىنى قىلىپمەن تەي ،
مەغفىرەت قىلسە هەم قىلۇر ئول هەي .
بار ئۇمىدىم رەهىمۇ رەهماندىن ،
شايەد ئولغاي بۇ بەهرى ئىسياندىن .
تائىلا بەندەم دەبان خۇدايى كەرىم ،
بەرسە نې باك ئەگەر لىقائى نەئىم .
خەلق ئارا ئەيلەگەچ تولا ئەبيات ،
كۆتەرىپمەن بۇ هەيندە شائىر ئات .
نەقدى ئۇمرۇم بولۇپدۇرۇر ئاخىر ،
ئەمما هېچ نۇسخە قىلمادىم زاهىر .
فىكر قىلدىم كىتابەت ئەتكەيمەن ،
ياخشى ئەلفاز ئىلە تۈگەتكەيمەن .
سۆز دېگەيمەن ئائا شەرىئەتدىن ،
قىلغامەن ئەخز هەم تەرىقەتدىن .
ئەل ئوقۇپ دىللارىنى شاد ئەتكەي ،
هەم مېنى خەير بىرلە ياد ئەتكەي .
نەفئ يەتكۈرگەي ئول كىتابى هەم ،
مائا بولغاي ئانىڭ سەۋابى هەم .
قىيلۇ قال ئاندا بىشۇمار ئولغاي ،
ئەهلى ئالەمگە يادكار ئولغاي .
مالى دۇنيا بىلە قىلىپ ئەئمال ،
بولدى مەندىن ئانىڭ ۋۇقۇئى مەهال .
دەپ مۇدەققىق بىلە نەزەر قىلدىم .

*

بەندە ئاجىز دىلىمدا پۇر تەقسىر ،
بولغاسەن مەتلەبىمدە ئۇزر فەزىر .
تەئرىخ ئىنشا هۇرۇفى غەفرىزدىن[①] ،
فەئرە مەئلۇم سەنە مۇمەييىزدىن .
قاف ، را ، فا ، ئەلىف بىلەن نۇندۇر[②] ،

ئەمما كۆپ زەبت ئەيلەبان بىلدىم .
ئىلملەر ئىنتىهاغە يەتكەن ئىكەن ،
مۇجتەهىدلەر بارىن تۈگەتكەن ئىكەن .
سۆز كىتابلاردىن ئەيلەسەم فارىق ،
روزى مەهشەردە بولغامەن سارىق .
ماتەقەددەملەر ئالدىدا ئاندە ،
بولغامەن رو سىياهى شەرمەندە .
فىكر دامىغە چىرماشىپ يانە ،
راجى بولدۇمكى تاپغامەن دانە .
بولسە بىر ياخشى تۈركى نەسرى كىتاب ،
نەزم قىلماقغە قىلدىم ئانى شتاب .
نەچچە مۇددەت بۇ فىكر ئىلە يۈردۇم ،
ئاقىبەت بىر كىتابنى كۆردۇم .
هەزرەتى جەئفەرىيۇ سادىق ئىمام ،
زىكرىدۇر ئول كىتاب فەسىهى كەلام .
بەس ، ئۇلار زىكرىنى قىلىپ تەقرىر ،
نەزم دۇرجىدا ئەيلەسەم تەهرىر .
رۇهى پاكى بولۇپ ئەگەر خۇشنۇد ،
بولسە بىزگە شەفائەتى مەۋجۇد .
ئەجەب ئېرمەس ئەگەرچە مەن گۇمراه ،
ئەمما لېكىن ئۇلار شەفائەتخاه .
دەپ تەۋەككۇل قىلىپ ئىلاهىمغە ،
تاپىنىپ بەلكى پادىشاهىمغە .
رۇهلارىدىن مەدەد بولۇپ بىسيار ،
نەزم تەزكىرە ئەيلەدىم ئىزهار .
دوستلار ئەيلەبان فەقىرغە ئەتا ،
سۆزدە يا خەتدە بولسە سەهۋ ـ خەتا ؛
قەلەمى بىرلە ئەفۋۇ مەهۋ ئېتىڭىز ،
مەن يەتىمنى دۇئادا ياد ئېتىڭىز .

*

ئىسمى نازىمغا ئۇشبۇ مەزمۇندۇر .
كوھ كەنتى مەزارەتى جەۋرۇش ،
نەزم قىلماقغە تاپغان ئاندا يۇرۇش ،
چۇن مەدەدكارى ئېردى تۈرت ئىمام ،
ماهى شەۋۋال ئىچىدە بولدى تەمام .

---

① غەفرىز (غفرز ) ئەبجەد هېسابى بويىچە هىجرىيە 1287 ـ (مىلادىيە 1870 ـ 1871 ) يىلنى كۆرسىتىدۇ .

② بۇ مىسرادىكى ئاتالغۇلار چاغاتاي ئېلىپبەسىدىكى «ق» ، «ر» ، «ب» ، «ا» ، «ن» هەرپلە-رىنىڭ نامى بولۇپ ، بۇ هەرپلەر قوشۇلسا ئاپتۇرنىڭ قۇربان (قربان ) دېگەن ئىسمى هاسىل بولىدۇ .

# نەزەرمۇفتىمغا خەت

ئەھمەدشاھ قاراقاشى

نەشرگە تەييارلىغۇچى :مۇھەممەتتوختى ئەخمەت





نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :

«نەزەر مۇفتىمغا خەت» نىڭ مۇئەللىپى ئەھمەدشاھ قاراقاشى بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1740 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاپاقلا يېزىسى ھويلا ئالدى كەنتىدە، مۇدەررىس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈر چاغلىرىدا دادىسى مۇبارەكشاھ ئۇلۇغنىڭ تەربىيىسىدە دەسلەپكى ئىلمىي مەلۇماتلارنى ئالغان. ياشلىق دەۋرىدە قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە»دە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، قاراقاش گۈزەرمەسچىتىدە ئىمام بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرىئەت ئىشلىرى ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1828ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىرنىڭ «نەزەر مۇفتىمغا خەت»، «پۇل»، «مېۋىلەر مەجلىسى»، «شاھ پولو»، «قىچىشقاق»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» ... قاتارلىق ساتىرىلىرى ۋە بىرنەچچە غەزەل، مۇخەممەسلىرى ھەمدە ئاخىرىغا نەزەر مۇفتى نامىدىكى «ياپىلاق» ناملىق ساتىرا قوشۇپ تۈپلەنگەن بىر قوليازما دىۋانى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا شائىرنىڭ چەۋرىسى ئابدۇقادىر ئاخۇن قولىدىن بۇلاپ كېتىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

كىشىلەر ئارىسىدا «نەزەرمۇفتىمغا خەت» نى ئاتمىش نەچچە كۇبلېت دەپ رىۋايەت قىلغۇچىلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئېلان قىلىنغان بىرنەچچە ۋارىيانتلاردىمۇ پەرقلەر بار. مەن تۆۋەندىكى ساتىرانى 1975 ـ يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ بوستان (ئىماملا) يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر دىنىي زاتنىڭ قوليازما كىتابىدىن كۆچۈرۈۋالغىنىم بويىچە نەشرگە تەييارلىدىم.

دۇئايى بىئەدەد، خاجەم، نەزەرمۇفتىمغە ئەلبەتتە،
تەھىيياتۇ سەلامىم ئانچۇنان ئاھۇ ـ نەدامەتتە،
ۋىسال ئولغاي دۇئا بىرلەن سەلامىم ياخشى سائەتتە،
سېنى ياد ئەيلەگۈم ھەر كۈن سەھەرلەردە ئىبادەتتە،
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.

ساڭا مەن نامە يازدىم ، نا مۇناسىپ لەفزدىن ، ئەي يار ،
بىھەمدۇللاھ ، تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلەدىم ئىزھار ،
بىلىشنى ئىستەسەڭ ، مۇندا شۆكۈركىم ، بىز ئەمەس بىمار ،
تېنىڭ ساقمۇ بۇ كۆنلەردە سېنىڭ ، ئاندا نە ھالىڭ بار ،
مۇشەققەتلىكمۇ سەن ، يا ئۆتتىمۇ ئۆمرۈڭ فەراغەتتە ؟

قارىلىق ھالىدىن سورسام ، يېتىشتى نەچچەگە ياشىڭ ،
سېنىڭ ھالا بۇ كۆنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ ،
ئايال ، ئۇششاقلىرىڭ ساقمۇ ، يەنە قەۋمۇ قارىنداشىڭ ،
نېچۈكدۇر ئىشتىھايىڭ ھەم ، سىڭەمدۇر ئابىيۇ ئاشىڭ ،
مىزاجىڭ خۇب ، چىرايىڭ تازەمۇ ھۇسنۇ مەلاھەتتە ؟

ئىشتىكىل ، ئەي رەفىقا ، سۆزنى ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن ،
بايان ئەيلەيكى ھالىمنى ساڭا ئەمدى يېڭىباشتىن .
ئەقىدەم بار ئىدى شۇنچە يەقىن تۇغقان قارىنداشتىن ،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قارا تاشتىن ،
كۆرۈپمەن ، بىلگەنىم يوق مەن ئۇنى ئەينى زەرۇرەتتە .

سېنى مەن دوستۇ يارىم دەپ ، كۆڭۈلدە ئىئتىقاد ئەتكەچ ،
مۇھەببەت رىشتەسىدىن ھەر زەمان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ ،
سىفاتىڭنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىغە ، ياد ئەتكەچ ،
ئىبەردىم ساڭا ئاتمىش تەڭگەنى ، كۆپ ئىئتىماد ئەتكەچ ،
ئىبەرگەيمۇ دەبان بىر ياخشى ئات ، ئۆتتۇم خىيالەتتە .

پۇلۇمنى توختاتىپ بىر يىل ، ئىبەرىپسەن ماڭا بىر ئات ،
ئىشەكچە يوقكى رەفتارى ، بۇ ئاتنىڭ ھەرنە فىئلى يات ،
كى يولدا توختاۋالدى قامچە بىرلەن ئۇرماسام پات - پات ،
كۆلا - ئارغامچەنى ئۈزدى قوزۇققا باغلاسام قات - قات ،
ئۆلاپ ئارغامچەنى ھاردىم ، كۆنى قالدىم ھالاكەتتە .

بايان ئەيلەي يەنە بىر - بىر بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى ، ئاڭقا ،
قىڭىر قۇيرۇق ، سىڭا سۆڭگەچ ، پۇتى مايماق ، بويى لاڭقا ،
بىرى تەپكەك ، بىر مۆڭگەك ، بۇ ئەيبلەر ئۈستىگە ماڭقا ،
ساماندىن بەش كۆشۈك يەپ ، ھەرقەدەمدە بىر تۈرۈپ ساڭقا ،
تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات بۇ قىيافەتتە .

مىنىپ چىقسام ئالىپ ئۇردى ، يىقىلدىم ، نەچچە كۈن ياتتىم ،
قويۇپ بەرسەم ، بۇزۇپ باغنى ، ھەممىشە ئەلنى قاقشاتتىم ،
سوغارغاندا قاچىپ سۆدرەپ ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم ؛
تىگىشتىم ئۇي بىلەن بەش - ئالتە نەۋبەت ، ئۇن قاتىم ساتتىم ،
قىلىپ دەئۋا كېلىۋەردى ، ماڭا ياندى شەرىئەتتە .

ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام ، تۇزۇك يۈگرەپ چاپالمايدۇ ،
ۋەيا ئۇي ھارۋىسى بىرلەن باراۋەرمۇ ماڭالمايدۇ ،
مۇبادا توختاپ ئالغاندا ئۇرۇپ قويسا چىچاڭلايدۇ ،
مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان يىرىپ يەرنى قۇچاغلايدۇ ،
خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تېپىلماس بۇ كەسافەتتە .

ئۇرۇپ مىڭ تەستە چاپتۇرسام ، سوكۇلدايدۇ ئېشەك ئوخشاش ،
قوساق سانجىق بىلەن ئاغرىپ ، كېتەر گويا زىڭىلداپ باش ،
يەنە بىر ئەيبى شولدۇر چىرقىراپ سەت ، يولدا تاپتوختاش ،
زېرىكمەي مىنسە ، بىر سائەت بېرەلمەس ھېچ كىشى بەرداش ،
شەھەر - يېزا ئارا قىلغان سەفەر ، سەيلى - ساياھەتتە .

زەرۇرەتتىن مىنىپ ، دوستلار بىلەن بارسامكى بىر سارى ،
بولالماي چۇشكەچە ، ئاش ۋاقتىلىق يەرگە بارىپ ھاردى ،
كېيىن قالدى ئېشەكتىن ، ناگەھان ئۇي بىرلە تەڭ باردى ،
پاتىققە بىر پاتىپ ئالسا ، كۆتەرسە قوپماغاي زادى ،
قايان بارسام بۇئات بىرلەن قالىپدۇرمەن فەلاكەتتە .

ئارىقنى كۆرسە ياندى ئارقاسىغە ، ئۆتمەدى ئاتلاپ ،
ئەگەر يولغە كىرىپ ئالسا مەگەركىم ، ھارمادى قاتراپ ،
غۇلاپ بوينىغە تۇشتۇم ، قاتراغانىنىڭ زەبتىدىن ساچراپ ،
ئىچىم سانجىق بىلە تولدى ، قۇۋۇرغام بەنتىدىن ئاجراپ ،
ساقايدىم ھەرزەمان پارپە بىلەن مەئجۇنى شەربەتتە .

بوغۇز يېسە باسىپ يېدى تولا ئىخلاس بىلەن چايناپ ،
خورازدىن قىزغانىپ پورقۇپ ، تېپىشلەپ پۇتلىرى ئويناپ ،
ساۋۇتقاندا تۇرار مۇگدەپ ، كۆزىدىن ھەم چافاق قايناپ ،
كى باشى ساڭگىلار يەرگە ، چىۋىنلەر بەستىنى قاپلاپ ،
قايۇ بىر جانغە خۇش كەلگەي سىياقى بۇ لاياقەتتە ؟

بۇ ئاتقە ئىستەسە ، ئالەمدە بىر ئوخشاشنى تاپماسلار ،
يىقىلسا ناگەھان مۇدرەپ ، تېپىپ - ئۇرماسا قوپماسلار ،
زورىدىن بىر يۇگۇرسۇن دەپمۇ ھەر نە قىلسا ، چاپماسلار .
سەلاملاشسام ، تۇرۇپ ئالىپ ، تاياقسىز زادى ماڭماسلار ،
دەرىغا ، قالماسۇنلار يولدا ھېچكىم ئۇشبۇ ھالەتتە .

تېپىپ قاشىغە كەلتۇرمەس كىشىلەرنى ، يەقىن بارسا ،
تۇيۇقسىزلا مۇڭگۇپ قاچقاي بىرەر شەپە تۇيۇپ قالسا ،
ساچىپ رەسۋاقىلار ئوت - چۆپ ، سامانىنى ئالدىغە سالسا ،
ئوقۇر ئۆرۈيدۇ ھەر كۇندە ئېغىل ئىچرە ئورۇن ئالسا ،
بۇ ئاتتىن بەك زېرىكتىم مەن باقىپ بىچاغ بىتاقەتتە .

ئېغىلنى توختاماي بۇزدى ، ئىشىكنى كۆپ قاتىم چاقتى ،
بوغۇپ تەخەرنى ئۆلتۇردى ، موزاينىڭ ھەم خۇنى ئاقتى ،
قاچىپ كەتسە تۇتۇق بەرمەي ، تالاي كۇن باشقىلار باقتى ،
تۆلەپ ھەق ھارمادىم مەنمۇ ، ھايات ھەركىمگە خۇش ياقتى ،
تەلافەتتىن بۆلەكنى كۆرمەدىم ، قايغۇ - نەدامەتتە .

بوشاپ چىقسا تالاغا ، توختاماي سەكرەپ چىچاڭلايدۇ ،
كىرەر بولسا چەمەننى چەيلەبان ، بوستاننى چاڭلايدۇ ،
كىشىنى كۆرسە كىشنەپ ، كەلسە چىشلەپ ، تېخى قوغلايدۇ ،
قاپاقۇ - كوزىنى چەيلەپ ، چۆگۇننى ئۆرە قويمايدۇ ،
بالا - ئۇششاقلىرىم بۇ ئات بىلەن ھەردەم ئەداۋەتتە .

بۇزۇپ ئەلفازىنى بىر كۇن قاچىپ بىر مەلىگە يەتتى ،
كى قوغۇنلۇققا كىردى ، ئىشتىھا بىرلە غاجاپ كەتتى ،
جامائەت ئاۋلاشىپ شۇدەم ئاغىز - بۇرنۇمنى قان ئەتتى ،
بەدەل بەردىم تاغار ئاشلىق ، قوساقنى دەرد - ئەلەم ئەستى ،
بۇ ئات بىرلەن قالىبدۇرمەن ھەمىشە كۆپ مەلامەتتە .

مېنى زاڭلىق ئېتىشتى خەلق ، بۇ ئات ئەھۋالى كۆپ تارقاپ ،
ئالىپ چىقماسقا بەند قىلدىم ، ئۇنى تۇۋرۇككە چىڭ باغلاپ ،
قۇماردى - يۇلدى تۇۋرۇكنى ، كېچە كىرسەم مۆڭگۇپ قۇتراپ ،
كەسافەپەتنى ئېغىل باسقاچ توكۇر بولدى پۇتى ئاقساپ ،
دېدىم مەن : ئۆلسەمۇ - ئۆلسۇن ، خۇدا قىلغان ئىرادەتتە .

ئۇرۇغ – تۇققانلىرىم قانچە قاشىمغا ئات سوراپ كەلدى ،
بۇ ئاتنىڭ ئەسلى خوي – پەيلى مېنى غەمگە ئوراپ كەلدى ،
باھانە ئەيلەسەم نەچچە ، ئۇلار يامان قاراپ كەلدى ،
ئىلاجىم يوق بېرىپ ئەردىم ، مىنەلمەي ياندۇرۇپ كەلدى ،
بۇ جانىم چىققالى تۇردى كونى يۈز مىڭ خىجالەتتە .

ئېبەرگەن بۇ ئاتىڭغا ھېچ كىشى بىر يول قاراپ باقماس ،
قەلەندەر بىرلە ھابدالدىن بۆلەكلەرگە غولى ياقماس ،
كۆتەرىپ گەز بويى ھېچ ئات ساغرىنى ئۇشبۇ رەڭ چاقماس ،
كىشىكىم ئات بەلاسىدىن بۇ ياڭلىغ بىھېساب قورقماس ،
ئالىشتىم ، غەم بىلەن قايغۇ باسىپ تائەت – ئىبادەتتە .

تولا ھەيدەۋېتىپ باقتىم ، سوراپ – ئىستەپ ئېلىپ كەلدى ،
يېدى ئات ئاشلىقىمنى دەپ نەچچە نەۋبەت زىيان ئالدى ،
زىيانىنى بەرمەسەم ، ھەيدەپ كېتىپ ، ئۈچ كۈن سۈلاپ سالدى ،
يىغىپ يۇرت خەلقىنى ، ئالدى زىيانىنى ، ئات ماڭا قالدى ،
خالايىق ئىچرە قالمىشتۇر باشىم ئانداغ شىكايەتتە .

قۇتۇلسام ئۇشبۇ ئاتتىن دەپ خەرىدارىنى ئاختاردىم ،
بېدىكنى ھەرقاچان كۆرسەم ، سۆچۈك تىل بىرلە يالۋاردىم ،
قارى ھالىم بىلەن قاتراپ ئۆيىگە كۆپ مېڭىپ ھاردىم ،
يېپىشلىك ھەم كۆچى بار دەپ ئانى مەن ئانچە ماختادىم ،
بازاردا يەتمەدى ئالغان پۇلۇمغا بۇ سەلاھەتتە .

ساتالمايىن بۇ ئاتنى مەن ، سالىپ ھەر ھەفتە بازارى ،
بۇ ئاتنىڭ ئەپتىدىن قورقۇپ يەقىن كەلمەس خەرىدارى ،
يامانلىق شۆھرەتى بولدى خوتەن بازارىدا جارى ،
بىراۋ كۆرسە ئانى ، قاچتى ، ئالىپ بارغىل دەبان نارى ،
نېتەيكىم ، مەن بۇ كۈن دوست – يار ئارا چەندان مەلامەتتە .

بىزار بولغاچ تولا ، كۈن – كۈن يەنە بازارغا ئەپ چىقتىم ،
تىلەگەنگە ساتايىن دەپ ، بۇ سۆزنى ئۆيدە دەپ چىقتىم ،
ياپىپ جۇل ھەم يەنە ئۇبدان ئىگەر ئۈستىگە سەپ چىقتىم ،
ساتىلماي قالماغىيدى دەپ تۇمەنىمىڭ غەمنى يەپ چىقتىم ،
نەدامەت ئەيلەبان ، قالدىم ئەجەب بىچاغ زەلالەتتە .

كى ئاندىن ئىككى ئاي باقتىم پىچانغە روزى - شەب باغلاپ ،
سىلاپ جىسمىنى مەن ھەر كۈندە كۈنجۈت ياغىدا ياغلاپ ،
بوغۇزنى قايناتىپ بەردىم ، يىدى ھەرچاغ ئۈزى چاغلاپ ،
يىدىكلەر ئولىشىپ يالغاننى ئايتىپ ، ئانچىنان داملاپ ،
ئەخىر ساتتىم نىسىغە ، بىر قەلەندەر ئالدى مۆھلەتتە .

شىكايەتكە ئاغىز ئاچسام ئارام ئالماي قىلارمەن داد ،
قۇتۇلدۇم ئۇشبۇ ئاتتىن ، بولدى كۆڭلۈم قايغۇدىن ئازاد ،
سۇنۇپ پۇت - قولنى ياتقۇم ئەمدى راست رۇھى رەۋانىم شاد ،
نەزەرلەردىن ھەزەرلەر ئەيلەمەككە مىلى قەسەملەر ياد ،
كى ئۇمرۇم ئۆتكۇسىدۇر دوست - يارانلارغە سەداقەتتە .

تۇشۇبدۇر ئاسماندىن ئون تۇلۇمدا لاف بىلەن يالغان ،
جەمئى ئالەمغە بىر ھەسسە ، دۇلانغا توققۇزى قالغان ،
سەرىھ يالغان ئەمەسمۇ ئاتنى ئاتمىش تەڭگەغە ئالغان ،
بۇ ئاتمىش تەڭگەدىن تەھقىقكى ئوتتۇز تەڭگەنى سالغان ،
غەنى بولغان ئىكەنسەن ئەسلىدىن شۇنداغ خىيانەتتە .

ئۆزۈڭ موللا بەرادەر ، بىنەھايەت نەفسىڭىز غالىب ،
چىرايىڭ خۇب سەلافەتلىك ، بىلۇرمەنكىم دىلىڭ قالىب ،
بولۇپدۇرسەن بىرىپ ئاندا كىشىنىڭ ھەققىغە تالىب ،
كۇنۇڭ ئوبدانىمدۇر ، ئەي يار ، مىنىڭ ھەققىمنى ئىپ قالىپ ،
كۆچۈرۈپ روزىغارىڭنى يۈرۈپسەنمۇ ھەلاۋەتتە ؟

سىنى مۇفتى دىگەن بىرلەن ، تۇزۇك - ئانچە ساۋادىڭ يوق ،
سىنىڭ ھەق بىرلە ناھەقنى بىلىش چاغلىق ئىمانىڭ يوق ،
ساداقەت يارۇ دوستلارغە ئۇمىدۇ ئىئتىقادىڭ يوق ،
قارىنداش ، ئەلگە ، تۇغقانغە تارىغچە ئىئتىمادىڭ يوق ،
ئىشەنگەي كىم ساڭا ئەمدى ، بەرادەر ، ئۇشبۇ ھالەتتە ؟

نامۇس قىل خەلقى - ئالەمدىنكى ، سالىم سەن ، ئەمەس بىمار ،
خىيانەتلىك قىلىپ شۇنچە ، خىجىللىق ئەيلەمەك دەركار ،
مىنىڭ ھەققىمنى يەپسەن ، خەير ، يىمەگىل ئۆزگەنىڭ زىنھار ،
كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ ، مىڭ ئىبادەت قىلغانىڭ بىكار ،
سەئيي بىرلە تۇنۇ كۈن ئۇخلىماي تۇرساڭمۇ تائەتتە .

ماڭا ئول ئات ئۈچۈن دائىم ئۆيۈمدە كۆپ مەلامەتتۇر ،
يىمەك بىر ئاتتا ئوتتۇز تەڭگەنى قانداق خىيانەتتۇر ،
يەقىنلاشقاچ قىيامەت ، بەد دىيانەتلىك ئەلامەتتۇر ،
مىنىڭ قالغان پۇلۇم بىرنەچچە كۈن سەندە ئەمانەتتۇر ،
بىرەدۇرسەن ئۇنى تاڭلا تولۇق روزى قىيامەتتە .




نەشرگە تەييارلىغۇچى : ۋەلى كېرىم

## ئەبۇلغازى باھادىرخان ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى

ئەبۇلغازى باھادىرخان ھەم تارىخنى ياراتقۇچىلارنىڭ، ھەم تارىخنى يازغۇچى ھۆكۈمدارلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى پائالىيەتچانلىق، ماجىرالىق ھەم باش - ئاخىرى چىقماس كەسكىن زىددىيەتلەر بىلەن تولغان. ئۇ مۇشۇنداق كەسكىن زىددىيەتلەر ئىچىدىمۇ قولغا كەلگەن ئازغىنە پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، چەكلىك ھاياتىنى ئەينى زاماندىكى ئىلىم - ئىرفان نۇرى بىلەن بېزىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنى قوماندان، ئەدەبىياتچى ۋە تارىخچى دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقتۇر.

خانلىقلار دەۋرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان قەبىلىلەر ۋە بۇ خىل ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ زىددىيەتكە تولغان تەبىئىي بىر پارچىسى ئىدى. بۇ ماجىرالارنىڭ نەتىجىسى ھېسابلانغان نۇرغۇن ھادىسىلەر ئەبۇلغازىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن باشلانغان. ئەبۇلغازى 1603 - يىلى رۇسلارنىڭ خارەزىم مەملىكىتىگە قىلغان تاجاۋۇزى ئاتىسى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇب قىلىنىپ 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن. «ئەبۇلغازى» دېگەن ئىسىممۇ ئۇنىڭغا بۇ غازاتنىڭ غەلىبىسى سەۋەبىدىن قويۇلغاندۇر.

چىڭگىزخان ئۇرۇقىدىن بولغان ئەبۇلغازىنىڭ ئاتىسى — خارەزىم ئۆزبېك خانلىرىدىن ئەرەب مۇھەممەدخاندۇر. ئانىسى مېھرىبانۇ خاتۇنمۇ ئاتىسىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، مۇھەممەدخاننىڭ تۇتىنچى بوغۇم ئاتىسى بولغان يادىكارخاندا بىرلىشىدۇ.

ئەرەب مۇھەممەدخاننىڭ دەسلەپكى پايتەختى ئۈرگەنچ ئىدى. ئەبۇلغازى 16 يېشىغا قەدەر ئۇ يەردە چوڭ بولغان. كېيىن ئاتىسى خانلىق مەركىزىنى خىۋەگە كۆچۈرگەندە، ئەبۇلغازىغا كات ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقى بېرىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، 1620 - يىلى ئىلبارس ۋە ھەبەش ئاتلىق ئاكىلىرى ئۆز ئاتىسى ئەرەب مۇھەممەدخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە، خان ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاتىسى تەرىپىدە تۇرغان ئەبۇلغازىمۇ يارىلىنىدۇ ۋە بۇخارا خانىدىن پانالىق تىلەپ، بۇخاراغا كېتىدۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاكىسى ئىسفەندىيار، سۇلتان سەفەۋىلەرنىڭ ۋە بەزى تۈركمەن قەبىلىلىرىنىڭ ياردىمى، ئەبۇلغازىنىڭ دەستىكى بىلەن تۈنجى بولۇپ خارەزىمنى ئالماقنى

تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئىككىنچى قېتىمدا خارەزمنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئىسفەندىيار 1623 ـ يىلى ئىلبارس ۋە ھەبەشنى ئۆلتۈرۈپ خارەزىم خانى بولىدۇ. ئەبۇلغازىغا ئۈرگەنج شەھىرى بېرىلىدۇ.

كۆپ زامان ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسفەندىيار سۇلتان بىلەن ئەبۇلغازى ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. خارەزىمدە ئۆزبېك ۋە تۈركمەن قەبىلىلىرى ياشايتتى ھەم ئۇلار ئارىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش ـ جېدەل بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئاخىرى چىقماس ماجىرالار ئۆز تەرەپدارلىرىنى ئۆز يانلىرىغا تارتىش كۈرىشى جەريانىدا، ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قىلىپ قويىدۇ. بۇ جەڭدە ئەبۇلغازى مەغلۇپ بولۇپ قازاق خانىغا ئىلتىجا قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ يەردىن تاشكەنت خانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككى ئايدا قالىدۇ، ئارقىدىن يەنە بۇخارا خانىنىڭ يېنىغا كېتىپ، قوشۇن توپلاپ خىۋەنى ئېلىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئىسفەندىيار سۇلتان تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، ئەبۇلغازى سەفەۋى ئۆلكىسىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

ئەبۇلغازى بۇ يەردە يۈرۈپ تۈركمەنلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىدۇ. تۈركمەنلەرنىڭ مول ئېغىز ئەدەبىياتى، داستانلىرى ۋە تارىخلىرىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇلغازى-نىڭ قەلىمىدە يېنىك، ئاممىباب، ئەھمىيەتلىك مەزمۇن ئىپادىلەيدىغان گۈزەل بىر ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ.

1642 ـ يىلى، ئەبۇلغازى قالماقلارنىڭ يېنىدىن قايتقاندا، ئىسفەندىيارخان ۋاپات بولىدۇ. ئەبۇلغازى باشتا ئۈرگەنجنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالىدۇ، كېيىن بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە پۈتۈن خارەزىم مەملىكىتىگە ھۆكۈمران بولغان خىۋە خانى بولىدۇ. يىگىرمە بىر يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 1663 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ.

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ مۇرەككەپ ھاياتىدا يۈز بەرگەن تەسادىپىيلىقلار، ئۇنىڭ ئۈر-گەنجتە بالىلىق دەۋرىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ، ئەتراپىدىكى تۈرك خەلقلىرى ۋە كىچىك قەۋملەرنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتىنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئىراننىڭ تۈرك تارىخىغا ئائىت فارسچە ماتېرىياللىرى، قالماقلار ئارىسىدىكى موڭغۇلچە ماتېرىياللار ئۇنى مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئانا تىلى تۈركچىنى ئاساس قىلىپ ئەرەبچە، فارسچە، موڭغۇلچە ماتېرىياللاردىنمۇ يېتەرلىك ئوزۇق ئالىدۇ. بۇ ئىلمىي ئەسەر-لەرنى ئۇ بارغان ھەر يەردە، ھەتتا سۈرگۈن ھاياتىدىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئەبۇلغازىنىڭ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرى تۈركمەنلەر بىلەن ئەڭ مۇناسىۋەتلىك. بۇ مۇنا-سىۋەتلەر ئىچىدە ھەم زۇلۇم ھەم دوستلۇق بار ئىدى. ھەتتا ئۇ «شەجەرەئى تەراكىمە» (تۈركمەنلەر شەجەرىسى) ناملىق تارىخ ئەسىرىنى تۈركمەن قەتلىئامىنىڭ گۇناھىغا قارشى بىر ساۋاب بولسۇن ئۈچۈن يېزىپ چىققان. ئەبۇلغازىخان تۈركمەنلەر ئارىسىدىكى مول تارىخىي داستان، رىۋايەتلەرنى توپلاپ، شۇ بويىچە ئۆز تەپەككۇرىغا سىڭدۈرۈپ ئەسەر يازغان بۈيۈك تارىخچىدۇر.

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ ئىككى مۇھىم ئەسىرى بار. بۇلارنىڭ بىرى «شەجەرەئى تەراكىمە» («تۈركمەنلەرنىڭ نەسىل شەجەرىسى»)، يەنە بىرى «شەجەرەئى تۈركى» («تۈركلەرنىڭ نەسىل شەجەرىسى»)دۇر. «شەجەرەئى تەراكىمە» 1660 ـ يىلى يېزىلغان. «شەجەرەئى تۈركى» ناملىق ئەسىرىنى تاماملاشقا ئۆمرى يار بەرمەي ۋاپات بولغان. بۇ ئەسەر ئوغلى ئانۇشەخان تەرىپىدىن 1665 ـ يىلى يېزىپ تاماملانغان.

«شەجەرەئى تۈركى» 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 1663 ـ يىلىغا قەدەر

خارەزىمدە ھۆكۈم سۈرگەن ئۆزبېك خاندانلىرىدىن يادىكار سۇلالىسى، ئۆزبېك شەيبان خانلىرىنىڭ تارىخى، تۈركىستان تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بۇ دەۋردىكى ئاساسىي ۋەقەلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەر 1726 - يىلى فىرانسۇز تىلىغا، 1770 - يىلى رۇس تىلىغا، 18 - ئەسىردىن كېيىن نېمىس، تۈركىيە تۈركچىلىرىگە تەرجىمە قىلىنغان. 1825 - يىلى ئەسلى نۇسخىسى قازاندا بېسىلغان.

«شەجەرەئى تەراكىمە» نى يېزىشتا، ئەبۇلغازى باھادىرخان فارس تارىخچىسى رەشىدىددىننىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، جانلىق تۈركمەن رىۋايەتلىرىنى توپلاپ، ئۆزىگە خاس يېنىك ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر 1897 - يىلى ئاشخابادتا رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەبۇلغازى باھادىرخان ئەسەرلىرى ئەينى زاماندا 17 - ئەسىر چاغاتايچىسىنىڭ پارلاق نەمۇنىسىدۇر. ئۇنىڭ باي، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىلى ۋە ئۇسلۇبى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى تەشكىل قىلغان. مۇنداقچە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى داستان ئارقىلىق تارىخنى بايان قىلىپ، تىل ۋە ئەدەبىيات ئېتىبارىدىن قارىغاندىمۇ بۈيۈك بىر پەللىنى ياراتقان.

## بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

شۈكۈر ۋە مەدھىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ئىگىمىزگە مەنسۇپتۇركى، ئۇنىڭ ھېچ ئەۋۋەلى ۋە ئاخىرى يوق ھەم يۇرتىنىڭ زاۋالى يوقتۇر؛ ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى يوق، خوتۇنى ۋە ئوغلى ھەم قىزى، شۇنداقلا مەسلىھەت بېرىدىغان بىرەر كىشىسى يوقتۇر؛ ئۇنىڭ ئېشىنى ۋە سۈيىنى ئۈلەشتۈرگۈچىسى يوقتۇركى، قۇلدىن تا پادىشاھقا قەدەر، چۈمۈلىدىن تا پىلغا قەدەر ھەم چىۋىندىن تا سۇمرۇغقا قەدەر ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىغا لايىق نەرسە بېرۇر، ھەرقايسىسىنىڭ ھەققىنى بىر كۈنمۇ كەم قىلماستۇر. ئەگەر يەر يۈزىدە كۆكەرگەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولسا ۋە دېڭىزلار سىياھ بولسا، بارچە ئىنسان پەرزەنتى پۈتكۈچى بولسا، تەھقىقكى، يۈز مىڭ ۋە يۈز مىڭ يىل ئۇنىڭ سۈپىتىنى يازسا، دېڭىزدىن بىر قەترە ۋە تاغدىن بىر زەررە تاشنى پۈتكەندىن ئازراق بولغاي. بەس، ئارتۇق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

سانسىز دۇرۇت ۋە دۇئالار ئۇ پەيغەمبىرىمىزگە مەنسۇپتۇركى، ئۇ بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ياخشىسى ۋە خۇدانىڭ دوستى، شۇنداقلا بارچە ئادەم پەرزەنتىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر. ئۇنىڭ ياران ۋە ئوغلانلىرىغا خۇدا رەھمىتى كۆپتىن - كۆپ بولغاي.

ئاخىرىدا چىڭگىز ئەۋلادىدىن ئۆرگەنجى ئەرەب مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى ئەبۇلغازىخان ئېيتىدۇركى، كۆپ زەخمەتلەر چەككەندىن كېيىن، يېشىم ئوتتۇز توققۇزغا يەتكەندە، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1051 - يىلى (يىلان يىلىدا) خارەزىم مەملىكىتىدە ئاتامنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ يۇرت ئىشىغا مەشغۇل بولدۇم. ئۇ چاغلاردا تۈركمەنلەر ماڭغىشلاق، ئەبۇلخان، ۋە ئەجەن سۈيىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. خارەزىمدە ئولتۇرغانلىرى بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ يۇرتقا قېچىپ كەتتى. كېيىن، بىر قانچىسى كۆچۈپ، بىر قانچىسى بەزى يوللارنى مېڭىپ، ئۈچ يۇرتتىن بىر ئۆيلۈك قالماي ھەممىسى خارەزىمگە كەلدى. ياخشىلىرى نۆۋكەر بولدى، يامانلىرى خىزمەتكار بولدى.

مۇشۇ تەرىقىدە كۆپ يىللار ئۆتتى. تۈركمەنلەرنىڭ موللىلىرى، شەيخلىرى ۋە بەگلىرى مېنىڭ تارىخنى ياخشى بىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلىغان ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى

كېلىپ مەلۇم قىلدىكى، بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئوغۇزنامە ئىنتايىن كۆپ. ئەمما ياخشىسى يوق، ھەممىسى خاتا ھەم بىرسى ـ بىرسىگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تۈرلۈك، دۇرۇس ۋە ھەممە ئېتىبار قىلغۇدەك تارىخ بولسا ئىنتايىن ياخشى بولاتتى، دەپ ئىلتىماس قىلدى. مەن بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلدىم.

بۇ كىتابچىكلەر يېزىلىشتىن ئون يەتتە يىل ئىلگىرى تۈركمەنلەر بىزگە دۈشمەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىز ئۇلارنى كۆپ ئۇردۇق، چاپتۇق. بىر كۈنى خوراساندا دۇرۇنغا يېقىن بۇرما دېگەن جايدىكى سۇ ياقىسىدا ئۇلار سەپ تارتىپ بىز بىلەن ئۇرۇشتى. ئاللا تائالا باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىزگە يار بولدى. بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن تۈركمەنلەردىن يىگىرمە مىڭ كىشى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە گۇناھكارلىرىمۇ بار ئىدى، گۇناھسىزلىرىمۇ بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئېيتقانكى: «ئىدھالۇسسۇرۇرى فى قەلبى مۇئمىنى خەيرۇن مىن ئىبادەتىس سەقەلەينى» بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: «ئەگەر بىر كىشى بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلسا، ئۇنىڭ ساۋابى بارچە ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ ۋە جىنلارنىڭ خۇداغا بەندىلىك قىلغان ساۋابىدىنمۇ ئارتۇقتۇر». دېمەك، نەچچە مىڭ كىشى مېنىڭ بۇ سۆزلىگەنلىرىمدىن بىلمىگەنلىرىنى بىلىپ خوش بولار. ئاللا تائالادىن ئۈمىدىم شۇكى، بۇنىڭ ساۋابى، ئەگەر ئۇ قەتلىئامدا گۇناھ ئىشىم بولسا، بۇ كىتاب ئۇنىڭدىن غالىب كەلگەي؛ ئاخىرى ئويلىغىنىم، بىر كۈنى بىرەر كىشى بۇ كىتابنى ئوقۇپ بىلمىگىنىنى بىلسە، روھىمغا پاتىھە ئوقۇپ قويسۇن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى سۆزلەشكە باشلىدىم. بۇ كىتابقا «شەجەرەئى تەراكىمە» دەپ ئات قويدۇم.

ھەممە بىلىدۇكى، بىزدىن ئىلگىرى تۈركچە تارىخ يازغانلار ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەردىن پايدىلىنىپ سۆزلەپتۇ ھەم تۈركچىنىمۇ قوشۇپ ئىشلەپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى ۋە ئۇستاتلىقلىرىنى خەلققە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىپتۇ. بىز بۇلارنىڭ ھېچقايىسىسىنى قىلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئاڭلىغۇچىسى ئەلۋەتتە تۈرك بولۇشى كېرەك. تەبىئىيكى، تۈركلەرگە تۈركچە سۆزلىمەك كېرەك. تاكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسۇن. بىزنىڭ سۆزلىگەن سۆزىمىزنى بىلمىسە، ئۇنىڭدىن نېمە ھاسىل بولار؟ ئەگەر ئۇلار ئىچىدە بىر ۋەيا ئىككى ئوقۇرمەن ئەقىللىق بولسا، ئۇ بىلسە، بىلمىگەن كۆپىنىڭ قايسى بىرسىگە ئېيتىپ بىلدۈرۈپ كېتەر؟ بەس، شۇنداق ئېيتماق كېرەككى، ياخشى ۋە يامان ھەممە كىشى بىلىپ، كۆڭۈللىرىدە ماقۇل بولغاي.

ئەمدى، ئادەم ئاتىدىن تا بۇزامانغا قەدەر تارىخ مىڭ يەتمىش بىردۇر. تۈركمەنلەرنىڭ ۋە كېيىن تۈركمەن نامىنى قوللىنىپ تۈركمەنلەرگە قوشۇلغان ئەللەرنى بىلگىنىمگە قەدەر بىرمۇبىر سۆزلىدىم. بىلمىگەنلىرىمگە نېمە چارە؟

## ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانى

ئاللاتائالا پەرىشتىلەرگە: «تۇپراقتىن كىشى ياساپ ئۇنىڭغا جان بېرىپ، يەر يۈزىدە ئۆز ئورنۇمغا ئىگە قىلۇرمەن» دەپ ئېيتتى. بۇنىڭغا جاۋابەن پەرىشتىلەر: «ئۇلار يۇقىرى تۆشۈكى بىلەن ئاستىنقى تۆشۈكىگە ئىگە بولالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ساڭا ئاسىيلىق قىلىدۇ. ياراتمىغىنىڭ ياخشى بولارمىكىن» دېدى. خۇدايى تائالا ئېيتتىكى: «مەن بىلگەننى سىلەر بىلمەيسىلەر، بېرىڭلار، تۇپراقتىن بىر كىشىنىڭ سۈرىتىنى ياساڭلار» دېدى. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ھەر تۈرلۈك تۇپراقتىن ئېلىپ، مەككەئى ـ مۇئەززەمە بىلەن تايىفنىڭ ئارىسىدا تۇپراقنى پالچىق قىلىپ، ئادەمنىڭ سۈرىتىنى

ياساپ ياتقۇزدى . بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاللا تائالا ئۇنىڭغا جان بەردى ۋە مىڭ يىل بۇ دۇنيادا تۇرغۇزدى . «ئادەم» دېمەك ئەرەب تىلىدۇر . ئەرەبلەر دەريانى «ئادەم» دەيدۇ . ھەر نەرسىنىڭ تېشىنى «دەريا» دەپ ئاتايدۇ . پەرىشتىلەر يەردىن تۇپراقنى قېزىپ ئىچىدىن ئالماي تېشىدىن ئېلىپ ئادەمنىڭ سۇرىتىنى ياسىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن «ئادەم» دەپ ئاتالغان . ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى ھەم جەننەتتىن چىققان چاغدىكى ، شۇنداقلا يەر يۈزىدىكى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر خەلق ئىچىدە مەشھۇردۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرمىدۇق .

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆلەر چېغىدا شىس ئىسىملىك ئوغلىغا : «مەندىن كېيىن قالغاندا مېنىڭ يېرىمدە ئولتۇرۇپ بالىلىرىمغا باش بولغىن» دەپ كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ ، بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كەتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللا تائالادىن شىسقا كىتاب ئېلىپ كەلدى . شىس ھەم پەيغەمبەر ھەم پادىشاھ بولۇپ ، ئەلنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپ ، توققۇز يۈز ئون ئىككى يىل بۇ دۇنيادا تۇرۇپ جەننەت سارىيىغا كەتتى . «شىس» نىڭ مەنىسى «ئاللانىڭ ھەيۋىتى» دېمەك بولىدۇ . شىس ئۆلەر چېغىدا ئوغلى ئانۇشنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ كەتتى . «ئانۇش» نىڭ مەنىسى «سادىق» دېمەكتۇر . ئانۇش ئۆلەر چېغىدا ئوغلى قىينانىنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ كۆپ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەت قىلدى . ئۇ سەككىز يۈز قىرىق يىل ئاتىسى يۈرگەن يولدا يۈرۈپ ، ئوغلى مېھلائىلنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئاللا يېنىغا كەتتى . مېھلائىل زامانىدا ئادەم پەرزەنتى كۆپ بولدى ، ئولتۇرغان يەرگە سىغمىدى ، شۇ سەۋەبتىن مېھلائىل بابىل ئىقلىمىغا بېرىپ بىر شەھەر سالدى ، «سۇس» دەپ ئاتىدى . كۆپلىگەن ئۆي ۋە كەنتلەرنى بىنا قىلدى . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شەھەر ۋە كەنت – ئۆيلەر يوق ئىدى . ئادەملەر تاغلارنىڭ باغرىلىرىدا ۋە ئورمانلاردا ئولتۇراتتى . مېھلائىل «يەر يۈزىگە يېيىلىڭلار» دەپ ھۆكۈم قىلدى . ئادەم پەرزەنتلىرى مېھلائىلنىڭ ئەمرى بىلەن بېرىپ ، قەيەردە مۇناسىپ يەر بولسا شۇ يەرگە كەنتلەر سالدى . مېھلائىل توققۇز يۈز يىگىرمە يىل بۇ ئاددى شەھەردە تۇرۇپ ، ئوغلى بەردنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، نەپەس ئالماس شەھەرگە كەتتى .

بەرد توققۇز يۈز ئاتمىش يىل بۇ يۇرتتا ئولتۇرۇپ ، ئوغلى ئاخنۇخنى ئورنىغا قويۇپ ، كۆچمەس ۋە قونماس يۇرتقا كەتتى . ئوغلىنىڭ ئېتى ئاخنۇخ ، لەقىمى ئىدرىس ئىدى . ئاللاتائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلدى ، سەكسەن ئىككى يىل پەيغەمبەرلىك قىلدى . خەلقنى توغرا يولغا ئۈندىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئەزرائىل كېلىپ ، جايىدىن كۆتۈرۈپ بېھىشقا ئېلىپ باردى . ئۇ شۇ كۈندىن ھازىرغىچە بېھىشتا تۇرماقتا . ئىدرىس بېھىشقا بارغاندىن كېيىن ، ئوغلى ماتوشالەخ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى . توغرىلىق ۋە ئادىللىقلارنى قىلدى . يېشى مەلۇم ئەمەس ، ئۇمۇ ئاتىسى بارغان يەرگە كەتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ، ماتوشالەخنىڭ ئوغلى لەيمەك ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ كۆپ يىللار ئادالەت يولىنى تۇتتى . ئاخىرى ئاتىسى كەتكەن يولغا چۈشۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ ھەم ئۆمرى مەلۇم ئەمەس .

ئۇنىڭدىن كېيىن نۇھ پەيغەمبەر ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى . ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ئىككى يۈز ئەللىك ياشقا يەتكەندە پەيغەمبەرلىك بەردى . يەتتە يۈز يىل خەلقنى توغرا يولغا ئۈندىدى . ئەر ۋە خوتۇندىن سەكسەن كىشىنى ئىمانغا كەلتۈردى . يەتتە يۈز يىل ئىچىدە سەكسەندىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىمانغا كەلمىگىنىگە ئاچچىقلىنىپ خەلققە بەددۇئا قىلدى . جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلدى ، ئۇ ئېيتتىكى ، «ئاللاتائالا دۇئايىڭنى قوبۇل قىلدى . پالان ۋاقىتىدا

خەلقنى سۇغا غەرق قىلۇر بولدى ، سەن كېمە ياسىغىن » دەپ كېمىنى قانداق ياسايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى .

يەردىن سۇ چىقتى ، ئاسماندىن يامغۇر ياغدى ، يەر يۈزىدىكى جانلىقنىڭ ھەممىسى غەرق بولدى . نۇھ پەيغەمبەر ئۈچ ئوغلى ۋە ئىمان كەلتۈرگەن سەكسەن كىشى بىلەن كېمىگە چۈشتى . بىرنەچچە ئايدىن كېيىن يەر ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن سۇنى ئۆزىگە تارتتى . كېمە مۇسۇل دېگەن شەھەرگە يېقىن يەردىكى جۇددى دېگەن تاغدىن چىقتى . كېمىدىن چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىمار بولدى . نۇھ پەيغەمبەر ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە ئۈچ كېلىنى ساقايدى . ئاندىن ئۆزگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن نۇھ پەيغەمبەر ئۈچ ئوغلىنىڭ ھەربىرىنى بىر يەرگە ئەۋەتتى . ھام ئاتلىق ئوغلىنى ھىندىستان يېرىگە ئەۋەتتى ، سام ئاتلىق ئوغلىنى ئىران زېمىنىغا ئەۋەتتى ، يافەس ئاتلىق ئوغلىنى شىمال قۇتۇپ تەرەپكە ئەۋەتتى ھەم ئۈچ ئوغلىغا دېدىكى ، «ئادەم پەرزەنتلىرىدىن سىلەر ئۈچىڭلاردىن ئۆزگە كىشى قالمىدى ، ئەمدى ئۈچىڭلار ئۈچ يۇرتتا تۇرۇڭلار» دېدى . يافەسنى بەزىلەر پەيغەمبەر ئىدى ، دەپ ئېيتىدۇ ۋە بەزىلەر پەيغەمبەر ئەمەس ، دەپ ئېيتىدۇ . يافەس ئاتىسىنىڭ ھۆكمى بىلەن جۇددى تېغىدىن كېتىپ ئېتىل ۋە يايىق سۇيىنىڭ ياقىسىغا باردى . ئىككى يۈز ئەللىك يىل ئۇ يەردە تۇرۇپ ، ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ سەككىز ئوغلى بار بولۇپ ، ئەۋلادى بەك كۆپ ئىدى . ئوغۇللىرىنىڭ ئاتلىرى مۇنۇلار : تۈرك ، ھازار ، ساقلاپ ، رۇس ، مىڭ ، چىڭ ، كىمەرى ، تارىغ . يافەس ئۆلەر ۋاقتىدا چوڭ ئوغلى تۈركنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، باشقا ئوغۇللىرىغا ئېيتتىكى : «تۈركنى ئۆزۈڭلارغا پادىشاھ بىلىپ ، ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماڭ-لار» دېدى . تۈرككە «يافەس ئوغلى» دەپ لەقەم قويۇلدى . تۈرك بەك ئەدەبلىك ۋە ئاقىل كىشى ئىدى . ئاتىسىدىن كېيىن گۈزەل يەرلەرنى كەزدى ۋە كۆردى . كېيىن بىر جايغا قارار تېپىپ شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق بولدى . بۇگۈنكى كۈندە ئۇ يەرلەر «ئىسسىق كۆل» دېيىلىدۇ . جېدىر ئۈيىنى ئۇ ياساپ چىقاردى . تۈركلەر ئارىسىدىكى بەزى ئادەتلەر شۇنىڭدىن قالدى .

تۈركنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى . بىرىنچىسى تۈتەك ، ئىككىنچىسى چىگىل ، ئۈچىنچىسى پارسچاك ، تۆتىنچىسى ئەملاق ئىدى . تۈرك ئۆلەر چېغىدا تۈتەكنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ ئۇزاق سەپەرگە كەتتى . تۈتەك ئەقىللىق ۋە دۆلەتلىك ياخشى پادىشاھ ئىدى . تۈرك تارىخىدا كۆپ رەسىم ـ قائىدىلەرنى ئۇ پەيدا قىلدى .

تۈتەك ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ تونجىلىرى كەيۇمەرس بىلەن ئەسىرداش ئىدى . كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ ئوۋغا چىقىپ كىيىك ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇراتتى . قولىدىن بىر توغرام گۆش يەرگە چۈشۈپ كەتتى ، ئۇنى ئېلىپ يېدى . ئاغزىغا كارامەت خۇش مەززىلىك تېتىدى ، چۈنكى ، ئۇ يەر تۇزلۇق ئىدى . ئاشقا تۇز سېلىشنى ئۇ چىقاردى ، بۇ تۇز ئادىتى ئۇنىڭدىن قالدى . ئىككى يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر سۈرگەندىن كېيىن ، ئوغلى ئاملىجەخاننى ئۆز ئورنىغا چىقىرىپ ، بارسا كەلمەس شەھەرگە كەتتى . ئاملىجەخان كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپ ، يەيدىغان ئېشىنى يەپ ، ياشايدىغان يېشىنى ياشاپ ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى . ئۆلەر چېغىدا ئوغلى باقوي دىپ خاننى ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى . «دىپ» نىڭ مەنىسى «تەخت يېرى» دېگەنلىك بولىدۇ ؛ باقوينىڭ مەنىسى «ئەل چوڭى» دېگەنلىك بولىدۇ . ئۇ كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپ دوستلىرىنىڭ كۆلگىنىنى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ ، ئۆلەر چېغىدا ئوغلى كۆكخاننى تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆلۈپ كەتتى . ئوغلى كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلدى . ۋىلايەتلىرى ، ئۇلۇسلىرى ئاتىلىرىنىڭكىدىن كۆپ بولدى . ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولدى ، بىرىنىڭ ئېتى تاتار ۋە بىرىنىڭ ئېتى موڭغۇل ئىدى . ئاتىسى قېرىغاندىن كېيىن

يۇرتنى ئىككىگە بۆلۈپ ، ئىككى ئوغلىغا بېرىپ ۋاپات بولدى . ئالىنجە خان ئۆلگەندىن كېيىن تاتار ۋە موڭغۇللار ھەرقايسىسى ئۆز يەرلىرىدە پادىشاھلىق قىلدى . موڭغۇل خاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى . بىرىنچىسىنىڭ ئېتى قاراخان ، ئىككىنچىسىنىڭ كۆرخان ، ئۈچىنچىسىنىڭ قىرخان ، تۆتىنچىسىنىڭ ئورخان ئىدى . موڭغۇل خان چوڭ ئوغلى قاراخانغا يۇرتىنى بېرىپ ، ھەر كىشى كېتىدىغان يۇرتقا كەتتى .

قاراخان ئور تېغى ۋە كۆر تېغىنى يايلاق قىلدى . ھازىرقى زاماندا بۇلار ئۇلۇغ تاغ ۋە كىچىك تاغ دېيىلىۋاتىدۇ . قىش بولغاندا ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى ۋە قاراقۇمنىڭ ئايىغىدا قىشلايتتى .

## ئوغۇزخاننىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

قاراخاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بولدى . گۈزەللىكتە ئايدىن ، كۈندىن ئارتۇقراق ئىدى . بالا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئانىسىنى ئەممىدى . ھەر كېچىسى ئۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ چۈشىگە كىرىپ :

ئەي ئانا ، مۇسۇلمان بول ؛ ئەگەر مۇسۇلمان بولمىساڭ ئۆلسەم ئۆلۈمەنكى ، سېنىڭ ئەمچىكىڭنى ئەممەيمەن ، — دەيتتى . ئانىسى ئوغلىغا قىيالماي ، خۇدانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمدى . ئانىسى كۆرگەن چۈشىنى ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى ، مەخپىي تۇتتى . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى ، تۈرك خەلقى يافەستىن تا ئالىنجەخان زامانىغا قەدەر مۇسۇلمان ئىدى .

ئالىنجەخان پادشاھ بولغاندىن كېيىن ، خەلقىنىڭ نوپۇسى ۋە مېلى كۆپەيدى . دۆلەتمەن بولغاندىن كېيىن خۇدانى ئۇنۇتتى ۋە پۈتۈن ئەل كاپىر بولدى . قاراخان زامانىدا كاپىرلىق شۇنداق مەھكەم ئىدىكى ، ئەگەر ئاتىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىسا ، ئوغلى ئۇنى ئۆلتۈرەتتى ، ئوغلىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىسا ، ئاتىسى ئۇنى ئۆلتۈرەتتى .

ئۇ چاغدا موڭغۇللارنىڭ رەسىم ـ قائىدىسى شۇنداق ئىدىكى ، ئوغلان بىر ياشقا يەتمىگۈچە ئۇنىڭغا ئات قويمايتتى . ئوغلان بىر ياشقا كىرگەندە ، قاراخان مەملىكىتىگە يارلىق ئېلان قىلىپ چوڭ توي بەردى .

توي كۈنى قاراخان ئوغلىنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈپ ، بەگلىرىگە :

— بۇ ئوغلىمىز بىر ياشقا كىردى ، ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە ئات قويۇسىلەر ؟ — دېدى .

بەگلەر جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ئوغلى :

— مېنىڭ ئېتىم ئوغۇزدۇر ، — دېدى . بېيىت :

شۇ ھالدا بىر ياشلىق ئوغلان ئاندا راۋان ،    ئېتىمدۇر ئوغۇز ، نامىلىق پادىشاھ
كىرىپ تىلغا دېدى : بىلىڭلار ئايان .    بىلىڭلار ياخشىلىقچە ئەھلى جاھان .

تويغا كەلگەن ئۇلۇغ ـ كىچىك ھەممە ، كىشى بۇ سۆزگە تاڭ قالدى . ھەم شۇنداق دېيىشتى ، «بۇ ئوغۇل ئۆزى ئېتىنى ئېيتىۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن ياخشى ئات بولۇرمۇ ؟» ئۇنىڭ ئېتىنى ئوغۇز دەپ قويدى ۋە يەنە مۇنداق دېيىشتى : «بۇ بىر ياشلىق ئوغۇلنىڭ مۇنداق سۆزلىگىنىنى ھېچ زاماندا ھېچ كىشى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئەمەس .» ئاخىرىدا مۇنۇ

سۆزلىرىنى ئايرىم ئېيتتىكى : «بۇ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك ، ئۇلۇغ دۆلەتلىك ۋە ئالدىغا ئۇزارغان ھەم ئەتراپىغا يېيىلغان بولغۇسىدۇر .»

ئوغۇزنىڭ تىلى چىققاندا ھەمىشە «ئاللا ، ئاللا» دەپ سۆزلەيتتى . بۇ سۆزنى ھەركىم ئاڭلىسا ، بۇ ئوغۇلنىڭ تىلى كەلمىگەچكە نېمە دەيدىغىنىنى بىلمەي سۆزلەۋاتىدۇ ، دەيتتى . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، «ئاللا» ئەرەب تىلىدۇر ، موڭغۇلنىڭ ھېچ بىر ئاتىسى ئەرەب تىلىنى ئاڭلاپ باققان ئەمەس . ئوغۇزخاننى ئاللاتائالا توغما ئەۋلىيا ياراتقانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىگە ۋە دىلىغا ئۆزىنىڭ ئېتىنى كەلتۈرەتتى .

ئوغۇزخان يىگىت بولغاندا ، قاراخان كىچىك ئىنىسى كۈرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى . ئوغۇزخان ھېچكىم يوق يەردە قىزغا : «ئاللەمنى ، سېنى بىزنى ياراتقان ئىگىمىز بار ، ئۇنىڭ ئېتى ئاللادۇر ، ئۇنى بار دەپ بىلگىن ۋە بىر دەپ بىلگىن ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنىدىن باشقا ئىشنى قىلمىغىن» ، دېدى . قىز بۇنى پەقەت قوبۇل قىلمىدى . ئوغۇخان شۇ زامان چىقىپ كەتتى ، قىزدىن باشقا جايدا ياتتى . ئۇ كېچىلىرى ئايرىم يېتىپ ، كۈندۈزلىرى قىز بىلەن سۆزلەشمەيتتى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن قىز قاراخانغا : «ئوغلىڭىز خوتۇنىنى سۆيمەيدىكەن ، سۆيمەنلىكىدىن ئالغاندىن بۇيان بىر يەردە ياتمايۋېتىپتۇ ،» دەپ ئېيتتى . قاراخان بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئوغۇزخانغا يەنە بىر ئىنىسى قىرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى . ئوغۇزخان ئۇنىڭغىمۇ «ئىمان ئېيتقىن» ، دېدى . ئۇ قىزمۇ قوبۇل قىلمىدى ، ئوغۇزخان ئۇنىڭ بىلەنمۇ بىر يەردە ياتمىدى .

بۇ ۋەقەلەر بولۇپ بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوغۇزخان ئوۋغا چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى . كۆردىكى ، بىرنەچچە ئاياللار سۇ ياقىسىدا كىر يۇيۇۋېتىپتۇ . ئاتىسىنىڭ ئىنىسى ئورخاننىڭ قىزى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ ، قىزغا ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلەشسەم سىرىم ئاشكارا بولۇپ قالارمۇ ، دەپ قورقتى . كېيىن قىزنى خىلۋەت جايغا چاقىرىپ ۋەدە بېرىپ تۇرۇپ : «ئاتام ماڭا ئىككى قىز ئېلىپ بەردى ، ئۇلارنى سۆيمەسلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى ، مەن مۇسۇلمان ، ئۇلار كاپىر . مۇسۇلمان بولۇڭ ، دېسەم قوبۇل قىلمىدى . ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ ئىدىڭ ، مەن سېنى ئالغان بولاتتىم» دېدى . قىز : «سەن قايسى يولدا بولساڭ ، مەن [illegible] بولدىمەن» دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئاتىسىغا ئېيتتى . ئاتىسى ئورخاننىڭ قىزىنى چوڭ توي قىلىپ ئوغۇزخانغا ئېلىپ بەردى . ئۇ قىز مۇسۇلمان بولدى . ئوغۇزخان ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى .

ئاردىن كۆپ يىللار ئۆتتى . بىر كۈنى ئوغۇزخان يىراق يەرگە ئوۋغا كەتتى . قاراخان ھەممە خوتۇنلىرى ۋە كېلىنلىرىنى چاقىرىپ تائام بەردى ھەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچ خوتۇنىدىن :

— ئوغۇز كېيىن ئالغان خوتۇنىنى سۆيىدۇ ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئالغان خوتۇنلىرىنىڭ يېنىغا يولىمايدۇ ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى . خوتۇنى :

— مەن بىلمەيمەن ، كېلىنلەر بەك ياخشى بىلىدۇ ، — دېدى . خان كېلىنلىرىدىن سورىدى ، چوڭ كېلىنى :

— ئوغلىڭىز مۇسۇلمان بولغان ، بىز ئىككىمىزنى مۇسۇلمان بول ، دېدى ، قوبۇل قىلمىدۇق . كىچىك كېلىنىڭىز مۇسۇلمان بولدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلىڭىز ئۇنى بەك سۆيىدۇ ، — دېدى . قاراخان بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بەگلىرىنى چاقىرىپ كېڭەشتى ۋە :

— ئوغۇزخاننى ئوۋدا يۈرگەن يېرىدىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار دەپ پەرمان بەردى .

قاراخان ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ «تېز كەلسۇن، ئۇۋغا چىقارمەن» دەپ سۆز بەردى. بۇ سۆزنى ئوغۇزخاننىڭ كىچىك خوتۇنى ئاڭلاپ، قاراخاننىڭ قىلغان كېڭەشىنىڭ هەممىسىنى ئېيتىپ ئوغۇزخانغا ئادەم ئەۋەتتى. ئوغۇزخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەل ئارىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئاتام لەشكەر تارتىپ مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ. مەن تەرەپتە تۇرىدىغانلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، ئاتام تەرەپتە تۇرىدىغانلار ئاتامنىڭ يېنىغا كېتىڭلار» دېدى. ئەلنىڭ كۆپى قاراخان تەرەپكە باردى، ئازراقى ئوغۇزخاننىڭ يېنىغا باردى. قاراخاننىڭ ئىنىلىرىنىڭ كۆپ ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قاراخاندىن ئايرىلىشىنى هېچكىم ئەقلىگە كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئوغۇزخاننىڭ يېنىغا كەلدى. ئوغۇزخان ئۇلارغا «ئۇيغۇر» نامىنى بەردى. «ئۇيغۇر» تۈرك تىلىدۇر، مەنىسىنى هەممە كىشى بىلىدۇ، «يېپىشقاق» دېگەن مەنىگە ئىگە. «سۈت ئۇيىدى» سۈت ئىرىگەندە بىر - بىرىدىن ئايرىم تۇرىدۇ. قاتقاندىن كېيىن بىر - بىرىگە يېپىشىدۇ. «ئىمامغا ئۇيۇدۇم» دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئىمام ئولتۇرسا ئولتۇرىمىز، تۇرسا تۇرىمىز. بەس، بۇ يېپىشقانلىق بولماسمۇ؟ ئۇلار كېلىپ ئوغۇزخاننىڭ ئېتىكىگە ئىككى قوللىرى بىلەن مەھكەم يېپىشتى، شۇڭا ئوغۇزخان ئۇلارنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىدى. «يېپىشقاق» دېگەنلىك بولىدۇ.

قاراخان بىلەن ئوغۇزخان سەپ تارتىپ ئۇرۇشتى. ئاللاتائالا ئوغۇزخاننى غالىب قىلدى. قاراخان قاچتى. ئۇرۇشتا قاراخاننىڭ بېشىغا ئوق تەگدى. كىم ئاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى، قاراخان شۇ يەردىلا ئۆلدى، ئوغۇزخان ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى.

## ئوغۇزخاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئوغۇزخان بارچە ئەلنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. مۇسۇلمان بولغانلارنى مۇكاپاتلىدى ۋە بولمىغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈردى، بالىلىرىنى ئەسىر قىلدى.

ئۇ چاغدا قاراخانغا تەئەللۇق ئەلدىن باشقا ئەللەر كۆپ ئىدى. هەربىر ئۇلۇغ ئەلنىڭ باشقا پادىشاهى بار ئىدى، كىچىك ئەللەر ئۇلارغا قوشۇلۇق ئىدى. قاراخاننىڭ مۇسۇلمان بولغان ئەللىرى ئوغۇزخانغا قوشۇلدى. ئوغۇزخان هەر يىلى موڭغۇل يۇرتىدا ئولتۇرغان ئەللەر بىلەن ئۇرۇشاتتى ۋە غالىب كېلەتتى. ئاخىرى هەممىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، قېچىپ قۇتۇلغانلىرى تاتار خانغا بېرىپ سېغىندى.

تاتار خەلقى ئۇ چاغدا جۇرجىت خەلقىگە يېقىن ئولتۇراتتى. جۇرجىت دېگەن بىر ئۇلۇغ يۇرت بولۇپ، شەهەرلىرى ۋە كەنتلىرى كۆپ ئىدى. خىتاينىڭ تۆمۈر قوزۇق تەرىپىدە ئىدى. هىندى ۋە تاجىكلار ئۇلارنى «چىن - ماچىن» دەپ ئاتايتتى.

ئوغۇزخان بېرىپ تاتارلارغا هۇجۇم قىلدى، تاتار خانى كۆپ چېرىك بىلەن كېلىپ ئۇرۇشتى، ئوغۇزخان ئۇلارنى باستى ۋە لەشكەرلىرىنى قىردى. ئوغۇزخان لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا شۇ قەدەر كۆپ غەنىمەت مال چۈشتىكى، يۈكلىمەككە هايۋان ئازلىق قىلدى. بەك ئەقىللىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى ئويلىنىپ هارۋا ياسىدى، ئۇنى كۆرگەن هەممە كىشى هارۋا ياساپ، ئولجىلارنى يۈكلەپ قايتتى. هارۋىغا «قانىق» دەپ ئات قويدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق نام يوق ئىدى، ئۆزىمۇ يوق ئىدى. ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن «قانىق» دەپ ئاتىدىكى، ئۇ يۈرگەندە «قانىق - قانىق» دەپ ئاۋاز چىقىراتتى. ياسىغان كىشىنى «قانقلى» دەپ ئاتاشتى. بارچە قانقلى ئېلى ئۇ كىشىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر.

ئوغۇزخان يەتمىش ئىككى يىلغىچە ئۆز ئۇرۇقىدىن بولغان موڭغۇل ۋە تاتارلارنىڭ بېشىدا

تۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى . يەتمىش ئۈچ يىل بولغاندا ھەممىنى ئۆز ئاغزىغا قارىتىپ مۇسۇلمان قىلدى .

ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىپ خىتاينى ئالدى ، جۇرجىتنى ئالدى ۋە تاڭغۇتنى ئالدى . تاڭغۇتنى تاجىكلار «تىبەت» دەپ ئاتايتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىپ قاراختاينى ئالدى . ئۇ يەرمۇ چوڭ يۇرت ئىدى . كىشىلىرىنىڭ چىرايى ھىندىلارنىڭكىدەك قارا بولاتتى . ھىندىستان بىلەن خىتاينىڭ ئارىسىدا ئوكيان قىرغىقى بار . تاڭغۇتتا قىش ۋە ياز بولسۇن كۈن جەنۇبتىنراق چىقىدۇ .

خىتاينىڭ باشقا يەرلىرىدە ، دېڭىز تەرەپلىرىدە ئېگىز تاغلار ئىچىدە كۆپ ئەل بار ئىدى . پادىشاھىنىڭ ئېتىنى ئىت بىراقخان دەپ ئاتايتتى . ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاتلىنىپ باردى ، ئۇرۇشتى ، ئىت بىراقخان غالىب كەلدى . ئوغۇزخان قاچتى . ئۇرۇشقان يەرنىڭ بىر تەرىپىدە ئېقىپ تۇرىدىغان ئىككى ئۇلۇغ ئېقىن بار ئىدى . شۇ ئىككى ئېقىن ئارىسىدا تۇرۇپ ، قاچقان لەشكەرلىرىنى ئالدىدىن ۋە كەينىدىن يىغدى .

ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى ، ئۇزاق سەپەرگە ماڭغاندا ئائىلىلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى ؛ نۆۋكەرلەرنىڭمۇ بەزىلىرى ئائىلىسىنى ئېلىپ ماڭاتتى . ئوغۇزخاننىڭ بىر بېگى ئايالىنى بىرگە ئېلىپ بارغانىدى ، بەگ ئۇرۇشتا ئۆلدى ، ئايالى قۇتۇلۇپ ئىككى ئېقىن ئارىسىدا خاننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى . ئايال ھامىلىدار ئىدى ، تولغىقى تۇتتى ، كۈن سوغۇق ئىدى ، كىرىدىغان ئۆي يوق ئىدى . بىر كاۋاك دەرەخ ئىچىدە ئوغلىنى تۇغدى . بۇ ئىشنى خانغا مەلۇم قىلىشتى . خان ئېيتتىكى :

— ئۇنىڭ ئاتىسى ئالدىمىزدا ئۆلدى ، غەمخورى يوق ، دەپ ئۇنى ئوغۇللۇققا ئالدى ۋە ئېتىنى «قىپچاق» دەپ قويدى . كونا تۈرك تىلىدا ئىچى كاۋاك دەرەخنى «قىپچاق» دەپ ئاتايدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوغۇلنى دەرەخ ئىچىدە تۇغۇلدى ، دەپ ئېتىنى قىپچاق قويدى . بۇ زاماندا ئىچى كاۋاك ياغاچنى ئاۋام خەلق چىپچاق دەپ ئاتايتتى . قارا خەلقنىڭ تىلى كەلمەسلىكىدىن «قاف» نى «جىم» دەپ ئوقۇغانلىقتىن ، «قىپچاق» سۆزى «چىپچاق» دېيىلىپ قالغان .

ئۇ ئوغۇلنى خان ئۆز يېنىدا چوڭ قىلدى ، يىگىت بولغاندىن كېيىن ، ئورۇس ، ئۇلاق ، ماجار ۋە باشقىرىت ئەللىرى خانغا دۈشمەن ئىدى ، قىپچاققا كۆپ ئەل ۋە لەشكەر بېرىپ ، دۈشمەن تەرەپكە ـ تىن ۋە ئېتىل دەرياسىنىڭ ياقىسىغا ئەۋەتتى . قىپچاق ئۈچ يۈز يىل ئۇ يەرلەردە پادىشاھلىق قىلىپ ئولتۇردى . ھەممە قىپچاق خەلقى ئۇنىڭ نەسلىدىندۇر . ئوغۇزخان زامانىدىن تا چىڭگىزخان زامانىغىچە تىن ، ئېتىل ۋە يايىق بۇ ئۈچ دەريانىڭ ياقىسىدا قىپچاقتىن باشقا ئەل يوق ئىدى ، ئۇلار تۆت مىڭ يىلغىچە شۇ يەرلەردە ئولتۇرۇشتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرلەر «دەشتى قىپچاق» دەپ ئاتىلىپ قالغان .

چىڭگىزخان ئىران ۋە تۇران ئۈستىگە كەلگەندە ، بۇ يۇرتلارنىڭ پادىشاھى سۇلتان مۇھەممەد خارەزىم شاھ ئىدى . ئۇنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچ ئىدى . چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇشماستىن قېچىپ مازەندىرانغا كەتتى . چىڭگىزخان بۇخارا ، سەمەرقەنت ۋە تاشكەنتنى ئېلىپ ، ئىراق ، گىلان ، مازەندىران ، ئەزەربەيجان ۋە گۇرجىستانغا جەتەنويان ، سۇبۇتاي باتۇر دەپ ئاتالغان ئىككى بېگىنى باش قىلىپ ، ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن ماڭدۇردى . كىچىك ئوغلى تولى خاننى ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن خوراسانغا ماڭدۇردى . سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھنىڭ پايتەختىنى نۆۋكەر ، خەزىنە تۇرغان يەر ، دەپ چوڭ ئوغلى جۇجى خان ، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان ۋە ئۈچىنچى ئوغلى ئوگداي خاننى سەكسەن مىڭ لەشكەر بىلەن ئۈرگەنجكە

ئەۋەتتى .

ئۆرگەنجدە پادشاھ يوق ئىدى . سۇلتانلار دۇنيا ۋە دىنى ئۈچۈن سەككىز ئاي شەھەرگە قامىلىپ ئۇرۇش قىلدى . توققۇزىنچى ئايدا چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى شەھەرنى ئالدى . خەلقنى قەتلىئام قىلدى . چاغاتاي بىلەن ئوگداي تىرمىزغا ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە باردى .

جۇجى خان ئۆزىگە تەئەللۇق نۆكىرى بىلەن ئۆرگەنجدىن دەشتى قىپچاققا باردى . قىپچاق خەلقى يىغىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى . جۇجى خان ئۇلارنى باستى ، قىپچاقلارنىڭ قولغا چۈشكەنلىرىنى ئۆلتۈردى ، قۇتۇلغانلىرى ئىشتەككە كەتتى . ئىشتەكنىڭ كۆپ ئاھالىسى بۇ چاغدا شۇ قىپچاقلارنىڭ نەسلىدىن ئىدى . ئېتىل بىلەن تىن دەرياسىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇر-غان قىپچاقلار تۆت تەرەپكە قېچىپ كەتتى . كۆپرەكى چەركەس ۋە تۇمان يۇرتىغا باردى . جۇجى خان قىپچاقنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششىقىنى ئولجا قىلىپ قىپچاق يۇرتىدا ئولتۇردى . موڭغۇلنىڭ ئۆيىنى ۋە ئاتىسى بەرگەن قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈردى . ئۆزبەكنىڭ ھەر ئۇرۇغىدىن قىپچاق يۇرتىغا كۆچۈپ كېلىشتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن جۇجى خان ئۆلدى ، يۇرت ئوغلى سايىن خانغا قالدى . جۇجى خاننىڭ ئەۋلادىدىن يىگىرمە تۆت كىشى بۇ يۇرتقا پادشاھلىق قىلدى . ئۇلارنىڭ زامانىدا ، بۇ يۇرت «سايىن خان يۇرتى» دەپ ئاتىلاتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ يۇرت ماڭغىت خاننىڭ قولىغا چۈشتى . ماڭغىت خاندىن ئىلگىرى-كىسى ئاق ماڭغىت ، يەنى قۇتلۇق قايالىنىڭ ئوغلى ئىدۇگبېك دېگەن زات ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن «ماڭغىت يۇرتى» دەپ ئاتالدى . تارىخي ھىجرىيە 1040 - يىلى ئارقا تەرەپ قالماق ئېلىدىن بولغان پادشاھنىڭ ئېتى ئۆرلۈك بولۇپ ، ئون مىڭ ئۆيلۈك خەلق كېلىپ ماڭغىت يۇرتىدا ئولتۇردى . بۈگۈن تارىخي ھىجرىيە 1071 ۋە چاشقان يىلىدۇر . ئەمدى بۇ يۇرت «قالماق يۇرتى» دەپ ئاتالماقتا .

ئەلقىسسە ، بۇ دۇنيا بىر قونالغۇغا ئوخشايدۇ ، ئادەم پەرزەنتلىرى كارۋانغا ئوخشايدۇ ، بىرى كۆچىدۇ ، يەنە بىرى قونىدۇ .

ئوغۇزخان ئىت بىراقخاندىن يېڭىلىپ ئون يەتتە يىلدىن كېيىن ، ئىت بىراقخان بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىپ ، ئىت بىراقخاننى ئۆلتۈرۈپ ، يۇرتىنى ئېلىپ ، مۇسۇلمان بولغانلارغا چېقىلماي ، خۇداغا ئىمان كەلتۈرمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، بالىلىرىنى ئەسىر قىلىپ ، ئۆيىگە قايتىپ باردى .

## ئوغۇزخاننىڭ تۇران ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى

ئوغۇزخان پۈتۈن موڭغۇل ۋە تاتار ئېلىنىڭ ئەسكىرىنى توپلاپ تالاس ۋە سايرامغا كەلدى . تاشكەنت ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا پادشاھلىرى سەپ تارتىپ ئۇرۇش قىلالمىدى . بەلكى چوڭ شەھەرلەرگە ۋە مەھكەم قەلئەلەرگە بېكىندى . ئوغۇزخان سايرام ۋە تاشكەنتنى ئۆزى مۇھاسىرە قىلىپ ئالدى . تۈركىستان ۋە ئەندىجانغا ئوغۇللىرىنى ماڭدۇردى . ئوغۇللىرى ئالتە ئايدا تۈركىستان ۋە ئەندىجاننى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە كەلدى .

ئوغۇزخان يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىگە باشقۇرغۇچى قويۇپ ، سەمەر-قەنت تامان يۈرۈپ كەتتى ۋە سەمەرقەنتنى ئېلىپ ، باشقۇرغۇچى قويۇپ ، بۇخاراغا باردى . بۇخارانىمۇ ئېلىپ ، باشقۇرغۇچى قويۇپ ، بەلىخكە باردى . بەلىخنى ئېلىپ ، باشقۇرغۇچى

قويۇپ ، گور ۋىلايىتى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى .
قىش ئىدى . كۆللەر مۇدھىش سوغۇق ئىدى . گورنىڭ تاغلىرىغا قار كۆپ چۈشكەننىدى . لەشكەرلەر يۈرۈشتە قىيىنلىپ قالدى . خان : «ھېچكىم مەندىن قالمىسۇن» دەپ ئەمر قىلدى ، ھېرىپ گورنى ئالدى .
يىل ئۆرۈلۈپ ياز كەلدى ، خان لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى ئالدى . بىرنەچچە كىشى كەم چىقتى ، ئۇلارنى سۈرۈشتۈردى ، ھېچكىم بىلمىدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ كىشىلەر خان خىزمىتىگە كەلدى . خان ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى . ئۇلار : «بىز بىرنەچچە كىشى لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتۇق ، تاغ ئىچىدە بىر كېچە قاتتىق قار ياغدى ، يۈرەلمەي شۇ يەردە ياتتۇق ، ئاتلىرىمىز ۋە تۆگىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلدى . باھار بولغاندىن كېيىن ياياق كېلىۋاتىمىز» دېيىشتى . خان : «بۇ جامائەتنى ‹قارلۇق› دەپ ئاتاڭلار» دەپ ئەمر قىلدى . بارچە قارلۇق ئەھلى ئۇلارنىڭ نەسلىدىندۇر .
ئاندىن ئۆتۈپ كابۇل ۋە غەزنىنى ئالدى ، ئاندىن كەشمىر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى . ئۇ چاغدا كەشمىر پادشاھىنىڭ ئېتى ياغما ئىدى . كەشمىرنىڭ ئېگىز تاغلىرى ، ئۇلۇغ ئېقىنلىرى كۆپ ئىدى . ياغما ئۇلارغا ئىشىنىپ ئوغۇزخانغا ئىتائەت قىلمىدى . بىر يىل ئۇرۇشتى . ئىككى تەرەپتىن كۆپ كىشى ئۆلدى . ئاقىۋەت ئوغۇزخان كەشمىرنى ئالدى ، ياغمانى ئۆلتۈردى ، لەشكەرلىرىنى قەتلىئام قىلدى . بىرنەچچە ۋاقىت ئۇ يەردە تۇرۇپ ، بەدەخشان ئارقىلىق قايتىپ سەمەرقەنتكە كەلدى . ئاندىن موغۇلىستانغا بېرىپ ئۆيىگە چۈشتى .

## ئوغۇزخاننىڭ ئىران ، شام ۋە مىسىر تامان يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى

ئوغۇزخان بىر يىل يۇرتىدا ئولتۇرۇپ ، ئىككىنچى يىلى خەلققە : «ئىرانغا يۈرۈش قىلماقچىمەن ، نەچچە يىللىق تەييارلىقنى پۈتتۈرۈڭلار» دەپ جاكار قىلدى . ئىككىنچى يىلى ئاتلىنىپ تالاش شەھىرىگە كەلدى .
خان لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدە ھارغان ، ئاغرىغان ، ئاچ قالغان ، ئاداشقان ۋە كەينىدە قالغانلارنى ئېلىپ كېلىڭلار ، دەپ قويغان ئادەملىرى بار ئىدى . خاننىڭ ئادەملىرى لەشكەرلەرنىڭ كەينىدە قالغان بىر ئۆيلۈك كىشىنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . خان ئۇ كىشىدىن : «نېمە ئۈچۈن كەينىدە قېلىپ يۈردۈڭ ؟» دەپ سورىدى . ئۇ كىشى : «ئۇلىقىمنىڭ ئازلىقىدىن لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتىمەن . خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى . تۇغۇپ قويدى . ئاچلىق سەۋەبىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى ئوغۇلغا يېتىشمىدى . كېلىۋېتىپ سۇ ياقىسىدا كۆردۈمكى ، بىر چاكال بىر قىرغاۋۇلغا يېقىنلىشىپ ئۇنى ئالدى . كالتەك بىلەن چاكالنى ئۇردۇم ، قىرغاۋۇلنى تاشلاپ قاچتى . ئۇنى ئېلىپ كاۋاپ قىلىپ خوتۇنۇمغا بېرىپ تۇراتتىم . لەشكەرلەر كەينىدە قويغان ئادەملىرىڭىز يولۇقۇپ مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى» دېدى . خان بۇ پېقىر كىشىگە گۆش ، ئوزۇق ۋە مال بېرىپ ، لەشكەرلەر بىلەن بىللە بارمىغىن ، ‹قال ئاچ ،› دېدى . بارچە قالاچ ئېلى شۇ كىشىنىڭ نەسلىدىندۇر ، بۇ زاماندا «ھالاچ» دېيىلىۋاتىدۇ . ئۇلار ماۋەرا ئۇننەھردە كۆپ بولۇپ ، ئايماق ئېلىگە قوشۇلۇپ كەتتى . خۇراسان ۋە ئىراقتىمۇ كۆپ بولۇپ ، ئۇلار چاغاتاي ئېلىگە قوشۇلۇپ كەتتى .
بەلىخكە تەئەللۇق گور شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق قالاچلاردىن ئېتى مۇھەممەد ، لەقىمى بەختىيار دەپ ئاتىلىدىغان بىر پالۋان يىگىت بار ئىدى . ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە

قۇتبىددىن ئاتلىق مۇسۇلمان بىر پادىشاھ بار ئىدى . مۇھەممەد بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىردى . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلۇغ بەگ بولدى . ھىندىستان دېگەن يەر بۆك - باراقسادلىق كۆپ يۇرت ئىدى . بەھار ئاتلىق بىر يۇرت بولۇپ ، كەشمىرگە يېقىن ئىدى . قۇتبىددىن مۇھەممەد بەختىيارنى لەشكەر بېشى قىلىپ ئۇ يەرگە ئەۋەتتى . مۇھەممەد بەختىيار بەھارنى ئالدى .

بەھارنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر يۇرت بار ئىدى . ئۇنىڭ چوڭ شەھىرىنىڭ ئېتى لەكمىر ئىدى . ئۇ يەرنىڭ توقسان ياشلىق پادىشاھى بار ئىدى . بوۋىسىدىن ئاتىسىغىچە شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ئىدى . بېرىپ ئۇ يۇرتنىمۇ ئالدى ، نەچچە يىلدىن بېرى توپلىغان خەزىنىنى قولىغا چۈشۈردى .

لەكمىرنىڭ تۆمۈر قوزۇق تەرىپىدە بىر چوڭ شەھەر بار ئىدى . لەكتونى دەپ ئاتىلاتتى . بېرىپ ئۇ يۇرتنى ئالدى ۋە خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتۇپ ، پۇلىغا ئۆز ئېتىنى باستۇرۇپ ، لەكتونى شەھىرىنى پايتەختى قىلىپ ئولتۇردى . قالاچ ئېلىدىن ئون مىڭ كىشى ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلدى . كۆپ يىللار ئۇ يەردە تۇردى .

لەكتونى بىلەن تىبەتنىڭ ئارىسى ئاتلىق كىشى بىر قونۇپ بارىدىغان يەر ئىدى ، ئەمما بىر ئېگىز تاغ ۋە بىر تاغ يولى بار ئىدى . بىر ئاتلىق ئادەم ئاران يۈرەلەيتتى ، ئىككى ئاتلىق ياندىشىپ يۈرەلمەيتتى . مۇھەممەد بەختىيار ئون مىڭ ئاتلىق ۋە ئوتتۇز مىڭ پىيادە لەشكەر بىلەن شۇ يولدىن بېرىپ تىبەتنى چېپىپ كەلدى .

نەھايەت ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋاپات بولدى ، پارچە قالاچ ئەھلى يىغىلىپ شىران دېگەن كىشىنى پادىشاھ قىلدى ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن مەردان دېگەن كىشىنى پادىشاھ قىلدى .

مەردان چاققان ۋە مەرگەن يىگىت ئىدى . ئەمما ئەقىلسىز ئىدى ، ئەقىلسىزلىقتا شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، بىر كۈنى مەجلىستە ئولتۇرغان بەگلىرىگە قاراپ دېدى : «ئىسفىھاننى ، پالانى ، ساڭا بەردىم ، قەزۋىننى ساڭا بەردىم . . .» شۇ بويىچە دەپ كېلىۋېتىپ خۇراسان ، ئىراق ۋە رۇم قاتارلىق ھەممە بىلىدىغان شەھەرلەرنىڭ نامىنى بىر - بىر ئاتاپ نۆكەرلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى . «خۇدا بەرسە ، سىزلەرگە بەردىم» دېمىدى ، شۇنداق دېسە خاتا بولماس ئىدى . «مېنىڭ ۋىلايەتلىرىمدۇر ، سىزلەرگە بەردىم» دەپ تازىم قىلدۇردى .

بىر كۈنى بىر شىكايەتچى كېلىپ تىز چۆكۈپ :

— سودىگەرمەن ، بۇ كېچە شۇقەدەر كۆپ پۇلۇمنى ئوغرى ئېلىۋاپتۇ ، — دەپ دات ئېيتتى . پادىشاھ ئۇنىڭدىن :

— «قەيەرلىكسەن ؟ — دەپ سورىدى . سودىگەر :

— ئىسفىھانلىقمەن ، — دېدى . ئۇنىڭغا ، — پۇلۇڭ ئۇچۇن ساڭا ئىسفىھاننىڭ ۋالىيلىقىنى بەردىم ، — دېدى ۋە دىۋان بېگىگە ، — ئەمىر ياز ، — دېدى . دىۋان بېگى ئىسفىھاننىڭ ۋالىيلىقىنى سودىگەرنىڭ نامىغا يېزىپ ، مۆھۈر بېسىپ قولىغا بەردى . سودىگەر قورقىنىدىن سۆز قىلالمىدى . پەرماننى ئېلىپ بېشىغا تەگكۈزدى . مەجلىستە ئولتۇرغان خەلقمۇ قورقىنىدىن ھېچ نەرسە دېيەلمىدى ، بىر ئەقىللىق بېگى بار ئىدى . ئۇ : «پادىشاھىم ، بۇ كىشىگە ئىسفىھاننىڭ ۋالىيلىقىنى بەردىڭىز ؛ بۇ كىشى ئەگەر بۇ يەردىن ئىسفىھانغا يالغۇز كەتسە ، سىزنىڭ نامىڭىزغا يامان بولىدۇ ، بۇ كىشىگە كۆپ نەرسە بېرىڭكى ، ئەركانلىق ۋە نۆكەرلىك بولۇپ كەتسۇن» دېدى ، ئۇ بەدبەختنىڭ ئەقلىگە بۇ سۆز ياخشى كېلىپ ، سودىگەرگە يۈز مىڭ تەڭگە ئىنئام قىلدى .

بۇ پادىشاھنىڭ يەنە بىر يامان يېرى شۇكى ، قالاچ خەلقىنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈشكە

باشلىدى . ئەل ياخشىلىرى يىغلىشىپ كېڭەش قىلىپ ، مەردانىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئەۋەز دېگەن زاتنى لەكتونىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ، ئۇمۇ ئون ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرت قالاچلارنىڭ قولىدىن چىقتى ، باشقا كىشىنىڭ قولىغا چۈشتى ، شۇنىڭدىن كېيىن قالاچلار نۆۋكەر بولدى ، قالاچلارنىڭ پادشاھلىقى ئەۋۋەلىدىن تا ئاخىرىغىچە ئەللىك تۆت يىل بولدى . ئەمدى ، قالاچلار ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزىمىزنى يىغىشتۇرايلى ، مۇشۇنچىلىك ئېيتتۇق ، يېتەر .

ئوغۇزخان تالاشتىن ئۆتۈپ سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا كېلىپ ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇراسانغا باردى . ئۇ ۋاقىتتا ، ئىران يۇرتىدا ياخشى بىر پادشاھ يوق ئىدى . كەيۇمەرس ئۆلۈپ كەتكەنىدى . ھۇشەڭنى پادشاھلىققا كۆتەرمەي تۇراتتى . شۇنداق زامانىنى ئەرەبلەر «مەلەكۇت - تەۋايىف» دەپ ئاتايدۇ . مەنىسى «ھەربىر توپ ئەلدە بىر تۆرە بولۇر» دېگەنلىك بولىدۇ . تۈركلەر بۇنداق زامانىنى «ئۆي بېشىغا قاراخان» دەپ ئاتايدۇ . مەنىسى «ھەر ئۆيدە قارا كىشى بىرخان بولۇر» ، «ھەر ئۆيدە بىر خان» دېمەكتۇر . ئۇ ۋاقىتتا ئىران يۇرتى شۇنداق ئىدى .

ئوغۇزخان خۇراساننى ئالدى . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئىراقى - ئەجەم ، ئىراقى - ئەرەب ، ئەزەربەيجان ، ئەرمەن ، شام ۋە مىسىرغا قەدەر ئالدى . بۇ ئېيتىلغان ۋىلايەتلەرنىڭ بىر نەچچىسىنى ئۇرۇشۇپ ئالدى ۋە ھەممىسىنى بېقىندۇرۇپ ئۆزىگە تەئەللۇق قىلدى .

ئوغۇزخان شام ۋىلايىتىدە تۇرغاندا ، بىر نۆۋكىرىگە يوشۇرۇنچە بىر ئالتۇن ياي ۋە ئۈچ ئوقنى بەردى ۋە : «يايىنى كۈن چىقىشتىكى بىر چۆلدە ئىنسان ئايىغى يەتمەس يەرگە تۇپراققا بىر ئۇچىنى چىقىرىپ كۆمۈپ قويغىن ۋە ئوقلارنى كۈن پېتىش تەرەپكە ئەكېتىپ ، يايىنى قانداق قويغان بولساڭ ئوقنى شۇنداق قويغىن» دېدى . ئۇ كىشى خاننىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى .

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۈچ چوڭ ئوغلى كۈن ، ئاي ۋە يۇلتۇزنى چاقىرىپ : «ياتنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ، ئىشىم كۆپ ، ئوۋ ئوۋلاشقا چولام تەگمەي تۇرىۋاتىدۇ ، كۈن چىقىش تەرەپتە پالان جايدا ئوۋ كۆپ دەپ ئاڭلىدىم . ئۆز نۆۋكەرلىرىڭلەر بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىڭلار» دېدى . ئاندىن كېيىن ، ئۈچ كىچىك ئوغلى كۆك ، تاغ ۋە دېڭىزنى چاقىرىپ كېلىپ ، ئاكىلىرىغا ئېيتقان سۆزنى ئېيتىپ ، كۈن پېتىش تەرەپكە ئەۋەتتى .

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۈچ چوڭ ئوغلى بىر ئالتۇن يا بىلەن كۆپ ئوۋنى خاننىڭ ئالدىغا كەلتۈردى . ئۈچ كىچىك ئوغلىمۇ ئۈچ ئالتۇن ئوق بىلەن كۆپ ئوۋنى كەلتۈردى . ئوۋ گۆشلىرىگە كۆپ گۆشلەر قوشۇپ ۋە تۈرلۈك ئاشلارنى تەييارلاپ ، خەلقنى چاقىرىپ ياي ۋە ئوقنىڭ تېپىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ ، ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى .

ئۈچ چوڭ ئوغلى يايىنى سۇندۇرۇپ بۆلۈشتى ، ئۈچ كىچىك ئوغلى ھەرقايسىسى بىردىن ئوق ئالدى . ئالغان ۋىلايەتلەردە كۆپ يىللار تۇرۇپ ، دۈشمەنلىرىنى يوق قىلىپ ، دوستلىرىنى كۈلدۈرۈپ ، بېشى سايرام ، ئايىغى مىسىرغىچە بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىگە باشقۇرغۇچى قويۇپ قايتىپ كېلىپ ، ئۆز يۇرتىغا چۈشتى .

## ئوغۇزخاننىڭ يۇرتىغا قايتىپ توي بەرگەنلىكىنىڭ بايانى

ئوغۇزخان ، ئوغۇللىرىم ۋە خەلقىم بىلەن ساق ، ئامان - ئېسەن بېرىپ كەلدىم ، دەپ

چوڭ توي ھازىرلىقىنى قىلىپ ، بىر ئوتاق (ئۆي ) ياساتتۇردى . ھەممە ياغاچلىرىنىڭ ئىشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاتقۇزدى . لەئل ـ ياقۇت ، زۇمرەت ، پىرۇزا ۋە ئۇنچە بىلەن بېزىدى ، بۇ بېيىتنى ئاشۇ ئۆينىڭ تەرىپىدە ئېيتىشقان ئىدى . بېيىت :

بىر ئۆي سالدى ئالتۇندىن ئۇ شەھرىيار ،
كى ئۇ ئۆي پەلەك ئۆيىدىن قىلدى ئار .

توققۇز مىڭ قوي ۋە توققۇز يۈز يىلقا ئۆلتۈرگۈزدى ، ئىرىسىدىن توقسان توققۇز تۇلۇم قىلدۇردى . توققۇزىغا ھاراق ۋە توقسىنىغا قىمىز تولدۇرتتى . ھەممە لەشكىرىنى يىغىپ كەلتۇردى . ئۇ ئالتە ئوغلىغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ ۋە بەگلەرنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى ۋە ئۇلارغا ، يۇرتلارنى ، شەھەرلەرنى ، ئەللەرنى ئىنئام قىلىپ بەردى . بۇ بېيتلار شۇنىڭ تەرىپىدە ئېيتىلغان . بېيىت :

ئوغۇز قىلدى ئول تويدا جىرغامىشى ، ئاتا بىلەن كۆپ تۇرلى فەرزانىلىق .
بۇ ئالتە ئوغۇلغە سۇيۇرغامىشى . ئاتاغە ئۇلار قىلدىلار يارلىق ،
بۇلار كۆرسىتەر ئىدى مەردانىلىق ، ئۇرۇش كۆنلەرى بارچەسى بارلىق .

ئاندىن ھەممە نۆكەرلىرىنىڭ ئاتقان ، چاپقان ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە لايىق شەھەرلەر ، سەرھەدلەر ، كەنتلەر ۋە ئىنئاملار بەردى .

كېيىن ئوغۇللىرىغا دېدى :

ــ سىز ئۈچ چوڭىڭىز ئالتۇن يايىنى تېپىپ كەلتۇردىڭىز ، ئۇنى بۇزۇپ ئۈلەشتىڭىز ، سىزلەرنىڭ نامىڭىزلار «بۇزۇق» بولسۇن ، سىزلەردىن بولغان ئوغۇللارنىمۇ تا قىيامەتكىچە بۇزۇق دەپ ئاتاشسۇن . ئۈچ ئوق كەلتۇرگەن ئۈچ كىچىك ئوغۇلنى ۋە ئۇلاردىن بولغانلارنى بۇ كۈندىن تا دۇنيا ئاخىر بولغۇچە «ئۈچ ئوق» دېيىشسۇن . ياي ۋە ئوقنى تېپىپ كەلتۇردىڭىزلەر ، بۇ ئىنسانىنىڭ ئەمەس بەلكى تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدىن بولدى . بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن خەلقلەر يايىنى پادىشاھ ئورنىدا بىلىپ كەلگەن . ئوقنى ئەلچى دەپ بىلگەن . شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ياي ئوقنى قايسى تەرەپكە تارتسا ، ئوق شۇ يەرگە بارىدۇ . ئەمدى مەن ئۆلگەندىن كېيىن كۈن خان مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرسۇن . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇزۇق نەسلىدىن كىم قابىل بولسا ، خەلق ئۇنى پادىشاھ قىلسۇن . دۇنيا ئاخىر بولغۇچە بۇزۇقنىڭ بىر ياخشىسى پادىشاھ بولسۇن ، باشقىلىرى ئوڭدا ئولتۇرسۇن . ئۈچئوقلار سول بولسۇن ، ئۇلار ئۆينىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرسۇن ۋە دۇنيا ئاخىر بولغۇچە نۆكەرلىككە رازى بولسۇن ، ــ دەپ ئېيتتى ھەم يۈز ئون ئالتە يىل پادىشاھلىق قىلىپ ھەق رەھمىتىگە باردى .

## ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى كۈن خاننىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئوغۇزخاننىڭ «ئۇيغۇر» دەپ ئات قويغان جامائەتنىڭ ئۇلۇغى ۋە ئاقساقىلىنىڭ ئارقىل خوجا ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى . ئوغۇزخان ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ تا ئۆلگۈچە ئۇنىڭ ۋەزىرى ، ۋەكىلى ئاشۇ كىشى ئىدى . ئۇ ئەقىللىق ، دانىشمەن ۋە بىلىملىك كىشى ئىدى .

كۈن خانمۇ ئۇنى ۋەزىر قىلىپ تا ئۆلگۈچە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغان ئىدى . ئارقىل خوجا ئۇزاق ئۆمۈر سۈردى .

كۈنلەردىن بىر كۈنى كۈن خان يالغۇز ئولتۇرغاندا ئۇ شۇنداق دېدى :

— ئاتىڭىز يۈز ئون ئالتە يىل يازنىڭ ئىسسىقىدا سايىدا ئولتۇرماي ۋە قىشنىڭ سوغۇقىدا ئۆيدە ئولتۇرماي قىلىچ ئۇرۇپ كۆپ يۇرتلارنى ئېلىپ ، سىز ئالتىڭىزگە قالدۇرۇپ كەتتى . ئەگەر سىز ئالتىڭىزنىڭ ۋە سىزلەردىن بولغان ھەممىڭىزنىڭ كېپى بىر بولسا ، ئۇزاق يىللار ۋە كۆپ كۈنلەر بۇ يۇرتلار قولىڭىزدىن چىقماس ؛ ئەگەر ئېغىزلىرىڭىز (كېپىڭلەر ) بىر بولمىسا ، ئالغان يۇرتىڭىزمۇ قولدىن كېتەر ، ئەسلى يۇرتىڭىزمۇ ھەم قولدىن كېتەر ، ھەتتا مېلىڭىزمۇ ، جېنىڭىزمۇ كېتەر ، — دېدى . كۈن خان دېدى :

— ئاتامنىڭ مۇشاۋىرى ئىدىڭىز ، ئاتامنىڭ ئورنىدا ئەمدى سىز ئاتامسىز . سىز قايسى ئىشنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ، مەن شۇ ئىشنى قىلاي ، — دېدى . بۇنىڭغا جاۋابەن ئارقىل خوجا :

— ئوغۇزخاندىن كۆپ يۇرتلار ، شەھەرلەر ، ئەللەر ، ئۆلۈك ۋە تىرىك ماللار قالغاندۇر . سىزلەر ئالتە ئوغۇلنىڭ ھەربىرىڭىزلارنىڭ تۆتتىن ئوغۇل بولۇپ ، ھەممىسى يىگىرمە تۆت پادىشاھزادە باردۇر . سىز ئالتىڭىزدىن باشقىلارنىڭ مال - دۇنيالىق ئۈچۈن ئېغىزلىرى ئالا بولۇپ قالارمۇ ؟ دەپ قورقىمەن .

كۈنخان ئارقىل خوجىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ، چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى .

ياخشى ۋە يامان خەلقنىڭ ھەممىسى كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ ئوغۇزخاندىن قالغان ۋىلايەتلەر ، ئەللەر تىرىك مال ۋە ئۆلۈك ماللارنىڭ ھەممىسنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوتتۇز پادىشاھزادىنىڭ چوڭىغا چوڭچە ، كىچىككە كىچىكچە ئۈلەشتۇرۇپ بەردى . بۇ يىگىرمە تۆت ئوغۇل چوڭ خوتۇنلىرىدىن بولغان ئىدى . ئۇلاردىن باشقا كىچىك خوتۇنلىرىدىن بولغان ئوغۇللارمۇ كۆپ ئىدى . ئۇلارغىمۇ ئەھۋالىغا لايىق نەرسىلەر بەردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئوغۇزخان ياساتقان ئالتۇن ئۆيىنى تىكتۈردى . ئوڭ تەرەپكە ئالتە ئاق چېدىر ، سول تەرەپكە ئالتە ئاق چېدىر تۇرغۇزدى ۋە ئوڭ تەرەپكە بېشىغا ئالتۇن تاۋاق تۇتقان قىرىق غۇلاچ ياغاچ تىكتۈردى ، سول تەرەپكە بېشىغا كۈمۈش تاۋاق تۇتۇپ تۇرغان قىرىق غۇلاچ ياغاچ تىكتۈردى . ئاندىن خاننىڭ ئەمرى بويىچە بۇزۇق ئوغۇللىرى لەشكەرلىرى بىلەن ئالتۇن تاۋاقنى ، ئۈچ ئوق ئوغۇللىرى لەشكەرلىرى بىلەن كۈمۈش تاۋاقنى ئاتتى . تاۋاقنى ئاتالىغانلارغا كۆپ ئىنئام بەردى . كۈن خان ئاتىسىنىڭ قىلغىنىغا ئەمەل قىلىپ توققۇز يۈز ئات ۋە توققۇز مىڭ قوينى ئۆلتۈرگۈزدى . توققۇز تېرە تۇلۇمغا هاراق تولدۇرتتى . توقسان تېرە تۇلۇمغا قىمىز قۇيغۇزدى . قىرىق كېچە - كۈندۈز يېدى ، ئىچتى .

## ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ بايانى

ئەمدى ئۇلار ئىچىپ ، يەپ تۇرسۇن ، بىز ئوغۇزخاننىڭ ئېتىكىدىن يېيىلغان ئوغۇللىرىنىڭ ئاتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتەيلى ، ئەۋۋەل ھەم ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق . ئەمدى بولسا ئوغۇللىرىنى ، نەۋرىلىرىنى ۋە ھەممىسىنى بىر يەردە سۆزلەشنى مۇناسىپ كۆردۇق .

ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى كۈن خان ، ئۇنىڭدىن كىچىكىنىڭ ئېتى ئاي خان ، ئۇنىڭدىن كىچىكىنىڭ ئېتى يۇلتۇزخان ، ئۇنىڭدىن كىچىكىنىڭ ئېتى كۆك خان ، ئۇنىڭدىن

كىچىكىنىڭ ئېتى تاغ خان ۋە ئۇنىڭدىن كىچىكىنىڭ ئېتى دېڭىزخان.

بۇ ئالتىسىنىڭ ھەربىرسىنىڭ نىكاھلىق خوتۇنلىرىدىن بولغان تۆت ئوغلى بار ئىدى.

كۈن خاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى قايى، ئىككىنچىسى بايات، ئۈچىنچىسى ئالقە ئۆيلى ۋە تۆتىنچىسى قارا ئۆيلى.

ئاي خاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى يازىر، ئىككىنچىسى ياسىر، ئۈچىنچىسى دودۇرغا، تۆتىنچىسى دوكىر.

يۇلتۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى ئاۋشار، ئىككىنچىسى قىزىق، ئۈچىنچىسى بېگدە-لى، تۆتىنچىسى قارقىن.

كۆك خاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى بايىندىر، ئىككىنچىسى بەجەنە، ئۈچىنچىسى چاۋۇل-دۇر، تۆتىنچىسى چەپنى.

تاغ خاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى سالۇر، ئىككىنچىسى ئىمىر، ئۈچىنچىسى ئالا يونتلى، تۆتىنچىسى ئۈرەگىر.

دېڭىزخاننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى ئىگدىر، ئىككىنچىسى بۇگدۇز، ئۈچىنچىسى ئاۋا، تۆتىنچىسى قىنىق.

ئوغۇزخاننىڭ بۇ ئالتە ئوغلىنىڭ كىچىك خوتۇنلىرىدىن بولغان ئوغۇللىرىنىڭ ئاتلىرىنى سۆزلەيلى. ئەمما قايسى ئوغلىدىن بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. كەنە، كۆنە، تۇرباتلى، گىرەي-لى، سۇلتانلى، ئوقلى، كۆكلى، سۇچلى، خوراسانلى، يۇرتچى، جامچى، تۇرۇمچى، قومى، سورقى (بۇ ۋاقىتتا ئۇنى سەرخى دەپ ئاتايتتى)، قورچىق، سوراچىق، قاراچىق، قازغۇرت، قىرغىز، تىگىن، لالا، مۇردەشۇي، سايىر.

ئەمدى بىرنەچچە قەۋملەرگە ئوغۇزخان ئات قويغان ئىدى. بۇلار ئوغۇزخان نەسلىدىن ئەمەستۇر، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار بۇ تويدا بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاتلىرىنى كىتابقا يېزىپ قويدۇق. ئاتلىرى بۇلاردۇر: قانقلى، قىپچاق، قارلۇق ۋە قالاچ.

## كۈن خاننىڭ ئىنىلىرى ۋە ئوغۇللىرىغا ئورۇن بەرگەنلىكىنىڭ بايانى

ئەمدى ئون ئىككى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۈلۈش ئالغان كىم، ئۈلۈشنى بۆلۈشتۈرگەن كىم، تاشقىرىدا ئاتلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان كىم، ئۇلارنى بايان قىلايلى.

ئالتۇن چېدىرنىڭ تۆرىدە كۈن خان ئولتۇردى. پۈتۈن ئەلنىڭ ياخشىلىرى بىرلىكتە قوينىڭ بېشىنى ۋە دۈمبىسىنى، قۇيرۇقىنى ۋە باغرىنى سىرتىدىن كېسىپ كۈن خاننىڭ ئالدىغا قويدى. ھەركىم خان بولسا ئۈلۈشى شۇ بولسۇن، دېيىشتى.

چېدىرنىڭ ئىچكى ئىشىكىدە ئارقىل خوجا ئولتۇردى. تۆشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇشتى ۋە «كىم ۋەزىر بولسا ئۇنىڭ ئۈلۈشى بۇ بولسۇن،» دېيىشتى.

ئوڭ قول بىرىنچى چېدىردا كۈن خاننىڭ چوڭ ئوغلى قايىنى ئولتۇرغۇزۇشتى. ئوڭ قول يىلىكىنى ئۈلۈش قىلىپ بەردى. بايات ئۇنى توغرىدى. سورقى ئاتلىرىنى تۇتتى. بۇ چاغدا ئۇنى سورخى دېيىشەتتى.

ئىككىنچى چېدىردا ئالقۇ ئۆيلىنى ئولتۇرغۇزۇشتى. ئوڭ قارا يىلىكىنى ئۈلۈش قىلىپ بەردى. قارا ئۆيلى ئۇنى توغرىدى. لالا ئاتلىرىنى تۇتتى.

ئۈچىنچى چېدىردا ئاي خاننىڭ چوڭ ئوغلى يازىرنى ئولتۇرغۇزۇشتى. ئوڭ يانپاشنى

ئۆلۈش قىلىپ بەردى . ياسىر ئۆنى توغرىدى . قومى ئاتلىرىنى تۇتتى .

تۆتىنچى چېدىردا دودۇرغانى ئولتۇرغۇزۇشتى . ئوڭ ساغرىسىنى ئۆلۈش قىلىپ بەردى . دوكەر ئۆنى توغرىدى . مۇردەشۈي ئاتلىرىنى تۇتتى .

بەشىنچى چېدىردا يۇلتۇزخانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇشارنى ئولتۇرغۇزۇشتى . ئوڭ پۇتىنى ئۆلۈش قىلىپ بەردى . قىزىق ئۆنى توغرىدى . تورۇمچى ئاتلىرىنى تۇتتى .

ئالتىنچى چېدىردا بىگدىلىنى ئولتۇرغۇزۇشتى . دۇمبىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئۆلۈش قىلىپ بەردى . قارقىن ئۆنى توغرىدى . قاراچىق ئاتلىرىنى تۇتتى .

سول ياندىكى بىرىنچى چېدىردا كۆك خانىنىڭ چوڭ ئوغلى بايىندىرنى ئولتۇرغۇزۇشتى . سول پۇتىنى ئۆلۈش قىلىپ بەردى . بەجەنە ئۆنى توغرىدى . قازغۇرت ئاتلىرىنى تۇتتى .

ئىككىنچى چېدىردا چاۋۇلدۇرنى ئولتۇرغۇزۇشتى . سول يانپاشىنى ئۆلۈش قىلىپ بەر-دى . چىبنى ئۆنى توغرىدى . قانقلى ئاتلىرىنى تۇتتى .

ئۈچىنچى چېدىردا تاغ خانىنىڭ چوڭ ئوغلى سالۇرنى ئولتۇرغۇزۇشتى . سول قول يىلىكىنى ئۆلۈش قىلىپ بەردى . ئىمىر ئۆنى توغرىدى . قالاچ ئاتلىرىنى تۇتتى .

تۆتىنچى چېدىردا ئالا يۇنتلىنى ئولتۇرغۇزۇشتى . سول ساغرىسىنى ئۆلۈش قىلىپ بەر-دى . ئۈرەگىر ئۆنى توغرىدى . تىگىن ئاتلىرىنى تۇتتى .

بەشىنچى چېدىردا دېڭىزخانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىگدىرنى ئولتۇرغۇزۇشتى . سول قول يىلىكىنى ئۆلۈش قىلىپ بەردى . بۈگدۈز ئۆنى توغرىدى . قارلۇق ئاتلىرىنى تۇتتى .

ئالتىنچى چېدىردا ئاۋانى ئولتۇرغۇزۇشتى . دۇمبىنىڭ سول تەرىپىنى ئۆلۈش قىلىپ بەردى . قىنىق ئۆنى توغرىدى . قىپچاق ئاتلىرىنى تۇتتى .

## ئون ئىككى يۈزلۈك ۋە يىگىرمە تۆت ئايماقنىڭ مەنىسىنىڭ بايانى

ئەي ، تىڭشىغۇچى قېرىلار ۋە ئەي ، ئاڭلىغۇچى يىگىتلەر ! كۆڭلىڭىزنى بۇ سۆز تەرەپكە تۇتۇڭ ۋە قۇلاق سېلىڭ ھەم بۇ سۆزۈمنى چۈشىنىڭ .

تۈركمەنلەرنىڭ بۇرۇن ئۆتكەن ياخشىلىرى ۋە ئۆمرىنى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن ياخشىلىرى شۇنداق ئېيتىدۇكى : ئوغۇزخانىنىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان نەۋرىلىرى يىگىرمە تۆت كىشى ئىدى . كۈن خان ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىردىن چېدىردا ئولتۇرغۇزدى . ئون ئىككى بۆلەك بولدى ، بۇ ئون ئىككىسىدىن تۇغۇلغانلارنى يۈزلۈك ، دەپ ئاتاشتى . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ھەرنەرسىنىڭ يۈزى ئارقىسىدىن ياخشى بولۇر . ئەلنىڭ ۋە خەلقنىڭ يۈزىنى تۇتقۇچىلار يۈزلۈكلەردۇر ، دېگەنلىك بولۇر .

ئوغۇزخانىنىڭ ئات قويغان بىرنەچچە كىشىلىرى ۋە كىچىك خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان نەۋرىلىرى يىگىرمە تۆت كىشى ئىدى . ھەممىسىنىڭ ئاتلىرىنى يۇقىرىدا بىرمۇ بىر ئېيتىپ ئۆتتۇق . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆينىڭ تېشىدا ئولتۇرۇشتى . ئون ئىككىسى ئات تۇتۇپ ئۆلتۇر-دى ۋە ئون ئىككىسى ئىشىكتە ئولتۇردى . بۇ يىگىرمە تۆتىدىن تۇغۇلغانلارنى «ئايماق» دەپ ئاتىدى . ئەسلى «ئوماق» دېمەكتۇر . ئادەت شۇكى ، ئاۋام تەبىقىسىنىڭ ھەممىسى سۆزنى پۈتۈن سۆزلىيەلمەيدۇ ، يېرىم ئېيتىدۇ . شۇ چاغدا بىر كىشى بىر كىشىدىن سورىسا ، ئېلىڭنىڭ ئوماقى قايسى؟ دەپ سورايدۇ . «ئوماق» موڭغۇل تىلىدۇر . بۇ زاماندا «قالماق» دېگەن نام «ئوماق» دەپ ئېيتىلاتتى . «ئوماق» نىڭ مەنىسى «ئۇرۇغ» دېمەك بولۇر .

تۈركمەنلەرنىڭ ئون ئىككى يۇزلۇك ۋە يىگىرمە تۆت ئۇماق (ئايماق) دىگەنلىرىنىڭ مەنىسى مۇشۇنداقتۇر .

## ئوغۇزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ مەنىسى ، تامغىلىرى ۋە قۇشلىرىنىڭ بايانى

تۈركمەنلەرنىڭ تارىخ بىلگۈچى بىلىملىك قېرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوغۇزخاننىڭ ئون ئىككى چېدىردا ئولتۇرغان يىگىرمە تۆت نەۋرىسىنىڭ ئاتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ۋە تامغىلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ، قۇشلىرىنىڭ ناملىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى شۇنداق سۆزلەيدۇ .

قايىنىڭ مەنىسى «مەھكەم» دىمەكتۇر ، تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : شۇڭقار .

باياتنىڭ مەنىسى «دۆلەتلىك» دىمەكتۇر ، تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئۈگە (بايقۇش) .

ئالقەئۇيلىنىڭ مەنىسى «مۇۋاپىق» دىمەكتۇر ، تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : كۆكۈنەك (چاقىر) .

قارا ئۇيلىنىڭ مەنىسى «ھەر جايدا ئولتۇرسا چېدىرى بىلەن ئولتۇرغۇچى» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : چايلاق .

بازىرنىڭ مەنىسى «ئەللەر ئاغىسى» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : تورۇمتاي .

ياسىرنىڭ مەنىسى «ئالدىغا ھەر نىمە ئۇچرىسا ئۇنى مەغلۇپ قىلغۇر» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئاتماجا .

دودۇرغانىڭ مەنىسى «يۇرت ئېلىش ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىشنى بىلگۈچى» دىمەكتۇر ، تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : قىزىل بۈركۈت .

دۆكەرنىڭ مەنىسى «ئەتراپ» ، «دائىرە» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئاتماجا .

ئاۋشارنىڭ مەنىسى «ئىشنى ئىلدام ئىشلىگۈچى» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئاق قارچىغا .

قىزىقنىڭ مەنىسى «قەھرىمان» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : سارىجا .

بىگدىلىنىڭ مەنىسى «سۆزى ھۆرمەتلىك» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : بىھرى .

قارقىننىڭ مەنىسى «ئاش - نانلىق» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : سۇربۈكتى .

بايىندىرنىڭ مەنىسى «نىمەتلىك» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : لاچىن .

بەجەنەنىڭ مەنىسى «قىلغۇچى» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئالا توغناق .

چاۋۇلدۇرنىڭ مەنىسى «نومۇسلۇق» دىمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئەنقا .

چەپنىنىڭ مەنىسى «چەسۇر» دېمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ھۇما .

سالۇرنىڭ مەنىسى «قىلچىلىق» دېمەكتۇر. تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : بۇركۇت .

ئىمىرنىڭ مەنىسى «بايلارنىڭ بېيى» دېمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئانجارى .

ئالا يۇنتلىنىڭ مەنىسى «ئالا ئاتلىق» دېمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى بۆشۈككە ئوخشاي-دۇ ، مۇنداق :  ، قۇشى : ياغىلباي .

ئۇرەگىرنىڭ مەنىسى «ئىشنى ياخشى قىلغۇچى» دېمەكۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئاتماجا .

ئىگدىرنىڭ مەنىسى «ئۈلۈق» دېمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : بۇركۇت .

بۈگدۈزنىڭ مەنىسى «خىزمەتكار» دېمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : لاچىن .

ئاۋانىڭ مەنىسى «مەرتىۋىسى يۇقىرى» دېمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇن-داق :  ، قۇشى : ئاق لاچىن .

قىنىقنىڭ مەنىسى «ئەزىز» دېمەكتۇر . تامغىسىنىڭ شەكلى مۇنداق :  ، قۇشى : ئاق بۇركۇت .

## ئوغۇز خەلقىنىڭ ئەھد قىلغانلىقىنىڭ بايانى

خان باشلىق پۈتۈن خەلق ، بىر ، يا ئون ، يا يۈز ياكى قانچىلىك قوي ئۆلتۈرسەكمۇ ، گۆشىنى يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك بۆلۈشۈپ ئالسۇن ، يەنى ھەربىرى ئۆز باللىرى ۋە نۆكەرلە-رى بىلەن يېيىشسۇن ، دېيىشتى . ئۇلار كېيىن يەنە شۇنداق دېيىشتىكى : بىر ئىنسان گۇناھكار بولسا ، ئۇن ئىنسان پادشاھ ئۆلتۈرغان جايغا يېقىن بولسۇن ياكى يىراق بولسۇن ، ئۇ گۇناھكار ئىنسان پادشاھ ئۆرۈقىدىن بولسۇن ياكى باشقا ئۆرۈقتىن بولسۇن ، خاننىڭ بىرەر ئادىمى بېرىپ ئۇنى ياقىلىسا ، ئۇنى خاننىڭ ئىنىسى ، ئوغلى ۋە بەگلىرى «مېنى دەپ كېلىپتۇ» دەپ ھېمايە قىلماي ، ئۇ كىشىنى ئەل قاتارى كۆرمىسۇن . ئەگەر بىر كىم ئارقا تىرەك بولسا ، ئۇ ئارقا تىرەك بولغان كىشىنى پادشاھنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ، ئارقىسىدىن قىلىچ ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلماق كېرەك . تاكى كۆرگۈچى كۆز ، ئىشتكۈچى قۇلاق بولسۇن ، يەنە شۇ نەرسە باركى ، ئوغۇز نەسلىدىن ۋە بۇزۇق ئوغۇللىرىدىن بىر كىشىنى پادشاھ قىلىشقا بولىدۇ ، ئىككى كىشىنى تەڭ كۆتۈرۈپ چىقىشقا بولمايدۇ . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، خان بىر بولسا ئەل تۈزىلەر ، ئىككى بولسا بۇزىلار . ئۆتمۈشنى باشتىن كەچۈرگەن بىلىملىكلەر دەيدۇكى ، بىر قىنىغا ئىككى قىلىچ سىغماس ، بىر خوتۇننى ئىككى ئەركەك ئېلىپ ئۆلتۈرماس ۋە بىر يۇرتتا ئىككى تۆرە سىغماس .

بىر چوڭ قەغەزگە ئەھدىنامە يېزىپ ، كۈن خان باشلىق ئىنىلىرى ، ئوغۇللىرى ، بەگلىرى ۋە خەلقىنىڭ ياشانغانلىرىنىڭ ياخشىلىرى ، يىگىتلەرنىڭ ياخشىلىرى ، ھەممىسى يېزىقتا ئاتلىرىنى يېزىپ شۇنداق قەسەم ئىچىشتى :

«تىرىكلا بولىدىكەنمىز ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سۆزلەردىن يانمايمىز ، ئەگەر بىزدىن

بولغان ئوغۇللار ھالالزادە بولسا، تا دۇنيا ئاخىر بولغۇچە بۇ ئەھدىنامىنى ئوقۇپ ئەمەل قىلغاي، ئەگەر ھارامزادە بولسا، يۇرتنى بۇزايلى دېسە ئەمەل قىلمىغاي،» دېيىشتى. ئاتلىرىنى يېزىپ، مۆھۈرلىرىنى بېسىپ، ئەھدىنامىنى كۈن خاننىڭ خەزىنىسىگە قويۇشتى. ئوغۇزخان ئۆلگەندە كۈن خان يەتمىش ياشتا ئىدى، يەنە يەتمىش يىل ئاتىسى ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئادالەت بىلەن خانلىق قىلدى ۋە كېيىن ھەق رەھمىتىگە كەتتى.

## كۈن خاننىڭ چوڭ ئوغلى قاينىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

كۈن خان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇزخاننىڭ پۈتۈن نەۋرىلىرى ۋە ئەل ياخشىلىرى يىغىلىپ قاينى خان قىلىپ كۆتۈردى. ئۇ ھەم ئاتىسىدەك خەلققە ئادالەت قىلىپ، يىگىرمە ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلىپ، ھەق رەھمىتىگە كەتتى.

## دىپ باقۇينىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

قايى خاننىڭ ئوغۇللىرى كۆپ ئىدى. بىر ئوغلىغا بوۋىلىرى دىپ باقۇينىڭ ئېتىنى قويغان ئىدى. چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئىتتىپاق بولۇپ دىپ باقۇينى خانلىققا كۆتۈردى.

كۈنلەردىن بىر كۈن دىپ باقۇي خەلقتىن: مۇشۇ زاماندا ئوغۇزخاننى كۆرگەن بىرەر ئىنسان بارمۇ؟ دەپ سورىدى. سالۇر ئېلىدىن ئۇلاش ئاتلىق بىر كىشى قالدى، دېيىشتى.

خان ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلاشنى كەلتۈرۈپ، ئوغۇزخاننىڭ يۇرتىدا نېمە ئىش قىلغانلىقىنى، دوستلىرىغا قانداق ياخشىلىق قىلىپ، دۈشمەنلىرىگە قانداق ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىر - بىر سورىدى. ئۇلاشمۇ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاشقا كۆپ ئىنئاملار بېرىپ ئۆيىگە كەتكۈزدى.

دىپ باقۇي خاننىڭ چوڭ بەگلىرى يازىر خەلقىدىن ئالان ۋە ئارلان، دۈكەر خەلقىدىن چەكەش، باشبىك ۋە بايغۇبىك، بايىندىر خەلقىدىن قابىل خوجا ئىدى.

خان بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاپ كېتىۋاتقاندا ئاتتىن يىقىلىپ، يان باش سۆڭىكى سۇندى ۋە ئۆلۈپ كەتتى.

دىپ باقۇي خاننىڭ قۇزى ياۋى ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇنى پادىشاھ قىلدى. ئوتتۇز يىل پادىشاھلىق قىلىپ، ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئەمما قۇزى ياۋى خان بولغاندا، ئۇنىڭ كېڭەش بەگلىرى ئىمىر ئېلىدىن كەرۈنچەك، سالۇر ئېلىدىن تاباك ئىدى. يەنە سالۇر ئېلىدىن ئەنگەشنىڭ ئوغلى ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قول سارى ئۈچ ئارقا ۋەزىر بولغانىدى. يۈز يىگىرمە يىل خانلىق قىلدى ۋە كېيىن ئۆلدى.

## ئوغۇز خەلقىنىڭ يۇرتلىرى، ئۇ يەردە قانچە يىل ۋە قانداق شەكىلدە ئولتۇرغانلىقلىرى «تۈركمەن» دېگەن نامىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى

ئوغۇزخاندىن تا قۇزى ياۋى خانغا قەدەر قانداق سۆزلەپ ئۆتكەن بولساق، ھەممىسى سۆزلىگىنىمىزدەك بولغاندۇر. ئەمدى ئىنال خاننى سۆزلەيمىز. تەڭرىم بۇيرۇسا، ئىنال

خاننىڭ زامانىدىن تا بىزنىڭ بۇ كىتابنى سۆزلىگەن چېغىمىزغىچە بىر - بىر سۆزلەپ ئۆتۈمىز ، ھەممىسى توغرىدۇر . ھېچ خاتاسى يوقتۇر . ئەمما قوزى ياۋى خان بىلەن ئىنال خان ئارىسىدا قانچە يىل ئۆتكەنلىكىنى جەزم قىلىپ ئېيتالمايمىز . شۇنداق بولغاچقا بۇ توغرىدا ئاز سۆزلەيلى . نىھايەت كۆپ سۆزلىسەك يالغان بولغاي ، تۆت مىڭ يىل باردۇر . مۇشۇنىڭدىن بىلەلەيمىزكى ، ئوغۇزخان كەيۇمەرس زامانىدا ئىدى . ئىنال ياۋى خاننىڭ ۋەزىر ۋەكىلى قايى ئېلىدىن قۇرقۇت ئاتا ئىدى . ئۇ بىزنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئانىسىنىڭ ئىنىسى ، ئابباس ئەۋلادىنىڭ ئوغۇللىرى باغداد شەھرىدە بەش يۈز يىل پادىشاھلىق قىلدى . قۇرقۇت شۇلارنىڭ زامانىدا ئىدى . كەيۇمەرس بىلەن ئابباس ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسى بەش مىڭ يىلدۇر . قوزى ياۋى خان ئوغۇز خاننىڭ بەشىنچى ئوغلىدۇر . بەس ، قوزى ياۋى بىلەن قۇرقۇت ئاتىنىڭ خانى ئىنالنىڭ ئارىسى قانچە يىل بولىدۇ ، بۇنى ئۆزىڭىز ھېسابلاپ كۆرۈڭ .

ئەمدى بىز بۇ سۆزلىگەن تۆت مىڭ يىلدا بىر - بىر ، ئات - ئېتى بىلەن كىمنىڭ بولغىنىنى ، كىمنىڭ بولمىغىنىنى بىلمەيمىز . كۆڭلۈك ۋەقەلەرنى بىلمىسەكمۇ ، باشتىن - ئاخىرىغا قەدەر ئومۇمىي شەكلىنى بىلىمىز . شۇنى سۆزلەيلى .

ئوغۇز ئېلىنىڭ يۇرتلىرىنىڭ كۈن تۇغۇشى ئىسسىق كۆل ۋە ئالمىلىق ، قىبلىسى سايرام ، قازغۇرت تېغى ۋە قاراجىك تېغى ، تۆمۈر قوزۇق تەرىپى ئۇلۇغ تاغ ۋە كىچىك تاغ بولۇپ ، ئۇ يەر مىس كېنىدۇر ؛ كۈن پېتىشى سىر سۇيىنىڭ ئايىغى بولغان ياڭگىكەنت ۋە قارا قۇرۇمدۇر . يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يەرلەرنىڭ ئىچىدە تۆت مىڭ ۋە بەش مىڭ يىل ئولتۇردى . قايىسىنىڭ قەبىلىسى كۆپ بولسا شۇلاردىن پادىشاھ كۆتۈردى .

شۇ بويىچە قايى ئېلىدىن بىر كىشىنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى . قايى قەبىلىسى ۋە بايات قەبىلىسى ، يەنە بەش - ئالتە كىچىك قەبىلە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئىدى .

كېيىن سالۇر ئېلىدىن بىر كىشىنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى . سالۇر قەبىلىسى ، ئىمىر قەبىلىسى ۋە يەنە بىرقانچە كىچىك قەبىلە ئۇنىڭغا قوشۇلدى .

كېيىن يازىر ئېلىدىن بىر كىشىنى پادىشاھلىققا كۆتۈردى . يازىر قەبىلىسى ۋە يەنە بىر قانچە كىچىك قەبىلە ئۇنىڭغا قوشۇلدى .

مۇشۇلاردىن قىياس قىلىڭ : چوڭ قەبىلىدىن پادىشاھ كۆتۈرۈپ ، كىچىك قەبىلىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، گاھ ئالتە - يەتتە توپ بولاتتى ؛ گاھ ئۈچ - تۆت توپ بولاتتى ۋە كېيىن بىر - بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇپ ئۇرۇشاتتى ، ئەسىر ئالاتتى . ئۆزلىرىدىن ئاشقان ئەسىر-لەرنى ماۋەرائۇننەھر بازىرىدا ساتاتتى .

ئۇ زاماندا ئىراق ، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھلىرى ، سىپاھلىرى ۋە نۆكەر-لىرىنىڭ ھەممىسى تات ئىدى . تاتلاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى .

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ ئاتىسى سەبۇق تېكىن قايى خەلقىدىن ئىدى . ئۆزىنى تۈركمەنلەر ئەسىر ئېلىپ سودىگەرلەرگە سېتىۋەتكەن ئىدى .

يەنە بەجەنە خەلقىمۇ ئۆزلىرى ئىچىدىن تۆرە كۆتۈرۈپ ، سالۇر خەلقى بىلەن ئۇرۇشقان ئىدى . بەش - ئالتە ئەۋلادقىچە بۇ ئىككى ئەل ئارىسىدا دۈشمەنلىك بار ئىدى . بەجەنە ئېلى سالۇر ئېلىدىن غالىب كەلگەن ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن سالۇر ئېلى بەجەنە ئېلىنى «ئىت بەجەنە» دەپ ئاتايتتى .

بەجەنە ئېلىنىڭ تويمادۇق ئاتلىق بىر پادىشاھى بار ئىدى . ئۇ قوشۇن تارتىپ كېلىپ ، سالۇر ئېلىنى چاپقۇن قىلىپ ، سالۇر قازان ئالىپنىڭ ئانىسى چەچەكلىنى ئولجا قىلىپ ئېلىپ كەتتى . ئۈچ يىلدىن كېيىن كەدخۇداسى (ئېرى) ئەنكەشنى كۆپ مال بىلەن ئەۋەتىپ ،

چەچەكلكنى قايتۇرۇپ كەلدى .

بۇ سۆزلەردىن مەقسەت شۇكى ، چاپقۇن قىلغانلىرى يۇرتلىرىدا ئولتۇرۇپ ، چاپقۇن قىلىنغان ئەلنىڭ دۈشمەندىن قۇتۇلغانلىرى ماۋەرائۇننەھرگە قېچىپ بارغان ئىدى . شۇنداق قىلىپ بارا - بارا تۈركمەننىڭ كۆپى بۇ ۋىلايەتكە كەلدى ، ئازلىرى قالدى . ئۇ چاغدا تۈركمەننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان قەۋملەر كۆپ ئىدى . ئۇلاردىن قايسى بىرىنى سۆزلەيلى ؟ پۈتۈن ئەللەردىن تۈركمەنلەرگە يېقىنراق ئولتۇرغانلىرى ختاي ، قانقلى ۋە نايمانلار ئىدى . ئۇ ئەللەر تۈركمەنلەرنىڭ قالغانلىرىنى چاپقۇن قىلىشقا باشلىدى . تۈركمەنلەر ئىسسىق كۆل ، ئالمالىق ، سايرام ، ئۇلۇغ تاغ ۋە كىچىك تاغلارنىڭ ھەممىسىنى تەرك ئېتىپ ، سىر دەرياسىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ، پادىشاھلىرىنى ياڭگىكەنتتە ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆزلىرى سىر دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يايلاپ ۋە قىشلاپ ، ئۇن ئەۋلادقىچە ئولتۇردى . ماۋەرائۇننەھرگە چۈشكەن تۈركمەنلەرنى تاجىكلار «ئەسلى تۈرك» دەپ ئاتايتتى . بەش - ئالتە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەرگە ، سۇغا تارتتى . يەنى چېكىلىرى قىسىق ، كۆزلىرى چوڭ ، يۈزلىرى كىچىك ۋە بۇرۇنلىرى چوڭ بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى . تۈركمەن يۇرتىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئەللەردىن ئەسىرلەر ۋە سودىگەرلەر ماۋەرائۇننەھرگە كېلىشكە باشلىدى . بۇنى كۆرگەن تاجىكلار ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتاشتى . بۇرۇنقى تۈركلەرگە «تۈركمانەند» دەپ ئات قويۇشتى . ئۇنىڭ مەنىسى «تۈركلەرگە ئوخشايدىغان» دېگەنلىك بولىدۇ . قارا خەلق «تۈركمانەند» دەپ ئېيتالمايتتى . ۋە «تۈركمەن» دەپ ئېيتىدىغان بولدى .

## ئىنال ياۋىنىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

قايى قارا خوجىنىڭ ئوغلى قۇرقۇت ئاتا ، سالۇر ئەنكەش خوجا ۋە ئاۋاشبان خوجا باشلىق پۈتۈن ئوغۇز ئېلى توپلىنىپ قايى خەلقىدىن ئىنال ياۋىنى پادىشاھلىققا كۆتۈردى .

ۋەزىرى قۇرقۇت ئاتا ئىدى . قورقۇت ئاتا ھەر نېمە دېسە ، ئىنال ياۋى ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى . قۇرقۇت ئاتىنىڭ كارامەتلىرى كۆپ ئىدى . ئىككى يۈز توقسان بەش يىل ئۆمۈر كۆردى ، ئۈچ پادىشاھقا ۋەزىر بولدى .

ئىنال ياۋى يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدى . ئىككى ئوغلى بار ئىدى . چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى ئال ، كىچىك ئوغلىنىڭ ئېتى دۈيلى قايى ئىدى .

ئىنال ياۋى خان ئۆلەر چېغىدا دۈيلى قايىنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ كەتتى .

دۈيلى قايىمۇ قورقۇت ئاتىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلاتتى ۋە قورقۇت ئاتىدىن باشقا يەنە ئىككى كېڭەش بېگى بار ئىدى . بىرى بايىندىر ئېلىدىن بۈگدۈز ۋە يەنە بىرى ئىگدىر ئېلىدىن دۈنكە ئاتلىق ئىدى . ئۇمۇ يەيدىغىنىنى يەپ ، ياشايدىغىنىنى ياشاپ ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ۋاپات بولدى .

## دۈيلى قايىنىڭ ئىنىسى ئىركىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى ۋە ئوغلى تۈماننىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

دۈيلى قايىنىڭ ئىركى ئاتلىق بىر يېقىن قېرىندىشى بار ئىدى . ئۇ ھازا ئىگىسى بولۇپ ئولتۇردى . بارچە ئوغۇز ئېلى ھازىغا يىغىلىپ كەلدى . قورقۇت ئاتا باشلىق ھەممە بەگلەر :

— خاننىڭ خانىشلىرىنىڭ ھويىدا قالغانلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. بىر ئىنىكئانا كېلىپ:

— خاننىڭ بىر ھەرىمى ھامىلىدار بولغاندۇر. ئۈمىدىمىز، چاپسان بولساڭلار، — دەپ مەلۇم قىلدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خاننىڭ ئەزىرىسىنى بېرىپ ئولتۇرۇشاتتى. «خاننىڭ ئوغلى بولدى» دەپ سۆيۈنچە تىلەشتى. ئىركى باشلىق ھەممە بەگلەر سۆيۈنچە بېرىشتى.

ئىركى خەلققە مۇراجىئەت چىقاردى. ھەركىم ھىممىتىگە لايىق نەرسە قۇربانلىق كەلتۇردى. تۆت يۈز يىلقا ۋە تۆت مىڭ قوي ئۆلتۇرگۈزدى. تېرىسىدىن ئۈچ تولۇم تىكتۈردى. بىرىنى ھاراق بىلەن، بىرىنى قېمىز بىلەن ۋە بىرىنى قېتىق بىلەن تولدۇرغۇزدى. بىر ئاي كېچە - كۈندۈز توي - تۆكۈن بولدى، تويدا ياخشى ۋە يامان ھەممىسى ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپ، قېرىلار يېشىنى، پېقىرلار پېقىرلىقىنى ۋە بايلار ئۆلۈمنى ئۇنتۇشتى.

ئوغۇز ئېلى قورقۇت ئاتىغا:

— بۇ ئوغۇلغا بىر ياخشى ئات قويغىن، — دېيىشتى. قورقۇت ئاتا:

— ئۇنىڭ ئېتى تۇمان خان بولسۇن، — دېدى. خەلق:

— بۇنىڭدىن ياخشىراق ئات قويغىن، — دېيىشتى. قورقۇت ئاتا:

— بۇنىڭدىن ياخشى ئات بولماس، ئۇ كۈنى دۇيلى قايى خان ئۆلدى. بىزنىڭ يۇرتىمىزنى تۇمان قاپلاپ قاراڭغۇ بولدى. بۇ ئوغۇل تۇماندا تۇغۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇمان، دەپ ئات قويدۇق. ئىككىنچىسى، كۆڭلۈمدىن ياخشى ئۈمىد ۋە نىيەت قىلىپ «تۇمان» دەپ ئات قويدۇق. تۇمانلىق كۈن قويۇمكى، تۇمان ئۇزۇن زامان تۇرماس، تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىدۇر. تۇمانلىق كۈن ئاپتاپ بولۇر، تۇماننىڭ ئاخىرى يورۇق بولماي قالماس، ئازغىنە تۇرغان تۇماننى بۇ ئوغۇلنىڭ ياشلىقىغا ئوخشىتىمەن؛ كېيىنكى ئاپتاپنى بۇ ئوغۇلنىڭ يىگىت بولۇپ ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ، دۆلەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولغىنىغا ئوخشىتىمەن، — دېدى.

بارچە خەلق بۇنى ئاڭلاپ قورقۇتقا «ئاپىرىن، ئاپىرىن» دېيىشىپ، خۇشال بولۇپ، تۇمانغا كۆپ دۇئالار قىلىشتى. ئاخىرىدا قورقۇت باشلىق پۈتۈن خەلق ئىركىگە:

— بىر ئاي توي قىلدىڭ، ئىشىڭ تامام بولمىدى، تولۇملارغا قۇيغان قېمىز ۋە ئايرانلىرىڭ كۆلنىڭ سۈيىدىن كۆپ بولدى. ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ سېنى كۆل ئىركى خان، دەپ ئاتايمىز. تۇمان ئۆز ئوغلۇڭدۇر. ئاغاڭ دۇيلى قاينىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ خانلىق قىل ۋە ھەرقاچان تۇمان يىگىت بولسا، ئۇنىڭغا نېمە بېرىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ ياخشى بىلۇرسەن، — دېيىشتى ۋە كۆل ئىركىنى خان قىلىشتى.

كۆل ئىركى خان خەلق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ ئولتۇردى. تۇمان يىگىت بولدى. دۇيلى قايى خاننىڭ ئەمەكلىرى تۇمانغا شۇنداق سۆز بېرىشتى:

— پادىشاھلىق ئاتاڭدىن ساڭا مىراس قالغان ئىدى، پۈتۈن خەلق ئىتتىپاق بولۇپ كۆل ئىركىگە ئامانەت قويغانىدى. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، ھەرقاچان سەن بالاغەتكە يەتسەڭ، ئامانەتنى ساڭا تاپشۇرماقچى ئىدى، — دېيىشتى.

تۇمان بۇ سۆزلەرنى بىر كىشىدىن ئېيتقۇزدى، كۆل ئىركى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېزلىكتە قورقۇتقا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئەلنىڭ ياخشىلىرىنى چاقىرىپ چوڭ توي قىلدى.

قورقۇتنى ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپ، كۆل ئىركى خان يۈكۈنۈپ قېمىز تولدۇرۇلغان قەدەھنى ئۇنىڭغا سۇندى. قورقۇت ئاتا ئىچىپ، بارچە خەلق ئاش يېگەندىن كېيىن، كۆل

ئىركى خان ئېيتتى:

— ئەي ئەل ۋە خەلق، ھەممىڭلار بىلىسىلەر، پادىشاھلىق تۇماننىڭ ھەققى، تا بۇ ۋاقىتقىچە تۇمان ياش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئىشنى قىلغان ئىدىم. ئەمدى تۇمان چوڭ يىگىت بولدى، ئاتىسىنىڭ تەختىنى ئۆزىگە تاپشۇرماقچىمەن.

پۈتۈن خەلق قۇرقۇت ئاتىغا:

— خاننىڭ ۋە پۈتۈن ئوغۇز ئېلىنىڭ ئىختىيارى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. قايسى ئىشنى مۇناسىپ كۆرسەڭ شۇنى قىلغىن، — دېيىشتى. قۇرقۇت ئاتا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىشى ئەۋەتىپ تۇماننى كەلتۈرۈپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئاتاڭ ئۆلدى، سەن ياش قالدىڭ، كۆل ئىركى ھەم ئاتاڭدۇر ھەم ئاكاڭدۇر. سېنى، دۇنياغا كەلگىنىڭدىن تا بۇ چاغقا قەدەر كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ياخشى ئاسراپ چوڭ قىلدى. تاج - تەخت ۋە ئەل پۈتۈن يۇرت سېنىڭ ھەققىڭدۇر. سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىمىز: بىر مۇددەت سەۋر قىلغىن، ئاغاڭنىڭ ئۆمرى ئاز قالدى، — دېدى. تۇمان:

— پۈتۈن ئوغۇز ئېلىنىڭ ياخشىسى، ئاتامنىڭ ۋەزىرى ۋە مېنىڭ بوۋامدۇرسەن. سۆزۈڭنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

كۆل ئىركىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. بەك گۈزەل، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ياردەمدە بولاتتى. قورقۇت ئاتا كۆل ئىركى بىلەن بۇ قىزنى تۇمانغا سۆزلىشىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، پادىشاھلارغا لايىق ئەسۋاپ، مال - مۈلۈك بىلەن قىزنى تۇمانغا بەردى.

ئۇ زاماندا ئاۋشار ئېلىنىڭ ئاينا ئاتلىق خانى بار ئىدى. ئىركى خاننىڭ قىزىنى ئوغلىغا لايىق تاپقان ئىدى. كۆل ئىركى بۇنى قوبۇل قىلىپ، قىزىنى بەرمەكچى بولغان ئىدى. ئاينا خان قىزنى تۇمانغا بەرگەننى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەشكەر تارتىپ كۆل ئىركىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. كۆل ئىركى ھەم چوڭ قوشۇن بىلەن قارشى بېرىپ ئۇرۇشۇپ، ئاينانى مەغلۇپ قىلدى. ئاينانىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ئاينانى قوغلاپ يۇرتىغىچە باردى. ئۇنىڭ يۇرتىنى ئېلىپ ئالتە ئاي شۇ يەردە تۇردى. ئاينا خان قېچىپ باشقا ئەلگە باردى. كۆل ئىركى قەسەم بېرىپ، ئايناغا كىشى ئەۋەتىپ:

— بۇ يامانلىقنى قىلغان سەن ئەمەس، ئوغلۇڭ ئىدى. ئۇ جازاسىنى تارتتى. ئەمدى سېنىڭ بىلەن قېرىنداش تۇرۇمىز، كەل، يۇرتۇڭغا ئىگە بول، مەن قايتىپ كېتىمەن، — دەپ ئېيتتى. ئەلچى بېرىپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى. ئاينا ئىشىنىپ كېلىپ كۆل ئىركىنى كۆردى. كۆل ئىركى ئۇنىڭغا يۇرتىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، قايتىپ ئۆز يۇرتىغا چۈشتى.

## تۇماننىڭ ئوغلى بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا «ياۋلى» دەپ ئات قويغانلىقى، يىگىت بولغاندىن كېيىن «قانلىق ياۋلى» دەپ ئات قويغانلىقىنىڭ بايانى

تۇماننىڭ كۆل ئىركىنىڭ قىزىدىن بىر ئوغلى بولدى. ئېتىنى «ياۋلى» دەپ قويدى. تۇغۇشلۇق، باتۇر يىگىت بولۇپ يېتىلدى.

بىر كۈنى سۇ ياقىسىدا يىگىتلىرى بىلەن ئويناپ تۇراتتى. بىر يىگىت بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنى ئۇراي دەپ بىرنەرسە ئىزدىدى. يېقىن يەردە بىر تۈپ ئۈژمە دەرىخىدىن باشقا

ھېچنېمە يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ يۇلۇپ ئېلىپ ، ئۇ يىگىتنىڭ بوينىغا ئۇردى . يىگىتنىڭ بوينى ئۈزۈلۈپ ئۆلدى . كۆل ئىركى خان ، تۇمان ۋە قورقۇت ئاتا باشلىق ھەممە بەگلەر ئولتۇراتتى . ياۋلىنىڭ بۇ قىلغان ئىشىنى ئۇلارغا ئېيتتى . ئۇلۇغ ۋە كىچىك ، ياخشى ۋە يامان ، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلاردىن تارتىپ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى . تۇمان :

— بۇ ئوغۇلنىڭ ئېتىنى بۇ ۋاقىتقىچە ياۋلى دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدۇق . ئەمدى قانلىق ياۋلى دەپ ئاتاش كېرەك ، — دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن خەلق «قانلىق ياۋلى» دەپ ئاتايدىغان بولدى .

كۈنلەردىن بىر كۈن كۆل ئىركى خان چېدىردا ئولتۇراتتى . تۇمانمۇ ئۇ يەردە بار ئىدى . قانلىق ياۋلى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ۋە ئوتتۇرىدا ئولتۇردى . ئۇ كۆل ئىركى خانغا بېقىپ :

— ئەي بوۋا ، بۇ ئولتۇرغان تەختىڭ بوۋام دۈيلى قايىنىڭدۇر . بۇ ۋاقىتقىچە ئاتام تۇماننى ياش ، دەپ بەرمىدىڭ ، ئەمدى يەنە نېمە ئۈچۈن بەرمەيسەن ؟ — دېدى . كۆل ئىركى خان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كۆپ ئولتۇردى . بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دېدى :

— بۇ سۆزنى مەن سەندىن بۇرۇن سۆزلەي ، دېگەن ئۈمىدىدە ئىدىم : بولۇپمۇ ، شۇ كۈنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ بىر كىشىنىڭ بوينىنى ئۈزدۈڭ . راست ئېيتىسەن ، ئوبدان بولىدۇ ، ياخشى بولىدۇ ، ئەمدى ئاتاڭغا تەختنى تاپشۇرۇش كېرەك .

## تۇماننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

كۆل ئىركى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قورقۇت باشلىق پۈتۈن ئوغۇز خەلقىگە ئادەم ئەۋەتىپ كەلتۈرۈپ ، چوڭ توي ئۇيۇشتۇرۇپ ، تۇماننى خانلىققا كۆتۈرۈپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى . كۆل ئىركى ئاياغتا تۇرۇپ ، تۇمان خانغا :

— ئاتاڭ ئۆلۈپ ، مەن بۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ، ئەلنى سوراپ تۇرغىلى ئوتتۇز بەش يىل بولدى . سەندىن ئۈمۈدۈم مۇنداق ، مەن ئەلنىڭ ياخشى ۋە يامىنىنى قانداق سوراپ ، قايسى يول بىلەن پادىشاھلىق قىلىپ يۈرگەن بولسام ، سەن ھەم شۇ يول بىلەن يۈرگەيسەن ، — دېدى . تۇمان :

— ياخشى ئېيتتىڭىز ، ئەگەر مېنىڭ دۆلىتىملا بولىدىكەن ، سىزنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىڭىزنى قوبۇل قىلغايمەن ، — دېدى . يۇرت سۆزلىرى تامام بولغاندىن كېيىن ، كۆل ئىركى خان قانلىق ياۋلىنىڭ يۈزىگە بېقىپ :

— ئەي قىزىمنىڭ ئوغلى ، قىزدىن بولغاننىڭ دوستلۇقى بولماس ، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم . بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى يالغانغا چىقارمىدىڭ ، — دېدى .

تۇمان خان تۆت ئاي خانلىق قىلغاندىن كېيىن ، قورقۇت ئاتا باشلىق پۈتۈن خەلق تۇمانغا :

— تەڭرىگە شۈكۈر قىلغىن ، قانلىق ياۋلىدەك ئوغلۇڭ بار . مۇناسىپ كەلگىنى شۇدۇركى ، پادىشاھلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپ ، ئۆزۈڭ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولغايسەن ، — دېيىشتى . تۇمان قوبۇل قىلدى . پادىشاھلىقنى ئوغلىغا بېرىپ تېنچ كۆڭۈل بىلەن تەڭرىنىڭ بەندىچىلىكىنى قىلىپ ئولتۇردى .

## قانلىق ياۋلىنىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئۇ ئاجايىب مەرگەن ۋە باتۇر ئىدى . تۆت ئەتراپىدىكى يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى پەتھە قىلىپ ئېلىپ ئۆزىگە بېقىندۇردى . ئۇنىڭ زامانىدا بۆرە قويغا ، يولۋاس كىيىككە ، بۈركۈت توشقانغا ، قارچىغا كەكلىككە زورلۇق قىلىشقا پېتىنالمايتتى . ئەللەرنى تۈزەپ ، دۈشمەنلەرنى بۇزۇپ ۋە ئۆز زامانىدىكى پادىشاھلاردىن ئۈزاپ ، توقسان يىل پادىشاھلىق قىلىپ ۋاپات بولدى .

## مۇر ياۋىنىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

قانلىق ياۋلىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى . چوڭىنىڭ ئېتى مۇر ياۋى ، كىچىكىنىڭ ئېتى قارا ئالپ ئارسلان ئىدى ، ئۇلەر چېغىدا يۇرتنى ئىككىگە بۆلۈپ ، تۈركىستان ۋە ياڭگىكەنتنى مۇر ياۋىغا بەردى . تالاش بىلەن سايرامنى قارا ئالپ ئارسلانغا بەردى . بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن قارا ئالپ ئارسلانخان ئاغىسى مۇر ياۋى بىلەن دۈشمەن بولدى . ئەل ياخشىلىرى ئارىدا يۈرۈپ كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ ، ياراشتۇرۇپ قويايلى ، دېيىشتى . قارا ئالپ ئارسلان رازى بولمىدى . ئاخىرى ئىككىسى لەشكەر تارتىپ سايرام ئۈستىدە ئۇرۇشتى . مۇر ياۋى غالىب كەلدى . قارا ئالپ ئارسلان ئۇرۇشتا ئۆلدى . مۇر ياۋى پۈتۈن ئەلنى چاپقۇن قىلىپ ، بىر يىل ئۇ يەردە تۇرۇپ ، قايتىپ ئۆيىگە چۈشتى .

قارا ئالپ ئارسلاننىڭ بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى . ئۇنى ۋە خوتۇنلىرىنى مۇر ياۋى ئېلىپ كەلدى .

بىرنەچچە يىللار ئۆتتى . بىر كۈنى مۇر ياۋى ئولتۇراتتى . قارا ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى كەلدى . مۇر ياۋى ئۇنىڭ يۈزىگە بېقىپ :

— ئەگەر ئاتاڭ نادانلىق قىلىپ مېنىڭ بىلەن دۈشمەن بولمىغان بولسا ، مۇنداق يېتىم بولۇپ سارغىيىپ يۈرمەس ئىدىڭ . خەير ، تەقدىرگە نېمە قىلغۇلۇق ؟ — دەپ كۆپ يىغلىدى ۋە يەنە :

— سېنىڭ ئېتىڭ ئالپ توغاچ بولسۇن ، — دېدى . ئاتىسىدىن قالغان ياخشى كىشىلەرنى كەلتۈرۈپ ، ئالپ توغاچنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ ، ئاتىسىنىڭ يۇرتىنى بېرىپ ، كۆچۈرۈپ ئېلىپ باردى . خەلققە ، «قارا ئالپ ئارسلاننىڭ ئېلىدىن ئولجا قىلىپ كەلتۈرگەن كىشىلەرنى قايتۇرۇپ ئەۋەتسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى . ئالپ توغاچ بېرىپ ئاتىسىنىڭ يۇرتىدا ئولتۇردى . تۆت ياقتا كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە يىغىلدى . مۇر ياۋى خان يەتمىش بەش يىل پادىشاھلىق قىلىپ ئۇ دۇنياغا كەتتى .

## مۇر ياۋىنىڭ ئوغلى قارانىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

مۇر ياۋىنىڭ خوتۇنلىرىدىن ئوغلى يوق ئىدى . ئۇرجاخان دېگەن زاتنىڭ ئېلىنى بېسىپ ئالغان ۋاقىتتا بىر خوتۇننى ئولجا قىلىپ ، بىر مۇددەت بېقىپ قايتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ خوتۇن يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن ، مۇر ياۋى خاندىن ھامىلدار بولدۇم ، دەپ يۈردى . بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى . ئېتىنى «قارا» دەپ قويدى .

تاغىلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولدى . يىگىت بولغاندىن كېيىن قېچىپ مۇر ياۋى خانىنىڭ قېشىغا كەلدى . مۇر ياۋىمۇ ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالدى .
مۇر ياۋى ئۆلگەندىن كېيىن پۈتۈن خەلق يىغىلىپ ، ئۇنى خانلىققا كۆتۈردى . خەلق بىلەن ياخشى كۈن كۆچۈرۈپ ، قىرىق يىل خانلىق قىلىپ ۋاپات بولدى .

## بۇغرانىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

قاراخانىنىڭ بۇغرا ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى . پۈتكۈل خەلق ئىتتىپاقلىشىپ ، قاراخان ئۆلگەندىن كېيىن بۇغرانى پادشاھلىققا كۆتۈرۈشتى .
بۇغراخان ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاتىلىرىدىن ئۈستۈن بولدى . كۆپ لەشكەر بىلەن كېلىپ بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى ئالدى . قېرىنداشلىرى يۇرتىدا دۈشمەن بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇ يەردە تۇرالماي قايتىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىپ خارەزم مەملىكىتىنى ئېلىپ ، كۆپ يىللار ئۇ يەردە پادشاھلىق قىلدى .
بىر قېتىم شىمال تەرەپكە لەشكەر تارتىپ كېتىۋاتقاندا ، بىر كۈنى خان : «كۆڭلىمىز بۇغداي ئۇنىدىن ئەتكەن ئاشقا تارتىپ تۇرىدۇ ،» دېدى . ئۇگرە ۋە ئاش ئېتىدىغان كىشى ھەم ئاشقا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەر يوق ئىدى . خان ئۇن كەلتۈرگۈزدى ۋە خېمىر يۇغۇرتتى . خان ئۆز قولى بىلەن چۆپ قىلىپ قازانغا سالدى . ئولتۇرغان نۆكەرلىرىمۇ خانغا ياردەمدە بولۇشتى . ئاشنى پىشۇرۇپ ئىچىشتى . خان : بۇ ئاشنىڭ ئېتى «بۇغراخان ئېشى» بولسۇن ، دەپ ئېيتتى . بۈگۈنگىچە خەلق ئىچىدە «بۇغرا» دەپ پۇشۇرۇلۇۋاتقىنى ئاشۇ ئاشتۇر .
بۇغراخانىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . چوڭىنىڭ ئېتى ئېل تېكىن ، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى قۇزى تېكىن ۋە ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتى بېك تېكىن ئىدى . «تېكىن» نىڭ مەنىسى قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ياخشى سۈپەتلىك» دېگەنلىك بولىدۇ . خان ياشانغاندىن كېيىن ، پادشاھلىقنى قۇزى تېكىنگە بەردى . ئۇزى تىنچ ياشاشقا باشلىدى .
بۇغراخانىنىڭ بابۇر ئاتلىق خوتۇنى بار ئىدى . بەك ئەقىللىق ، ئىخلاسمەن ، ئىبادەتتە شۇنداق ياخشى ۋە مۇكەممەل ئىدى . ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسى شۇ ئىدى . ئايالى ۋاپات بولغاندا ، بۇغراخان چوڭ ھازا تۇتتى . بىر يىلغىچە بىر كىم بىلەن سۆزلەشمىدى ۋە ئۆيىدىن چىقمىدى .
بىر كۈنى قۇزى تېكىن ئاتىسىغا : «قاچانغىچە ھازا تۇتۇپ غەمكىن ئولتۇرىسىز ، ئوۋغا چىقىڭ ، بەلكىم كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالار» دەپ ئاتىسىنى ھەر كۈنى بىر تەرەپكە ئوۋغا ۋە سەيلىگە ئېلىپ چىقتى .
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، ئەمدى خانىنىڭ كۆڭلىدە ئارزۇ ـ ھەۋەس پەيدا بولدى بولغاي ، دەپ خانغا :
— بەگلەر خانغا مۇناسىپ بولغىنى شۇدۇركى ، ئۇ ئۆيلىنىۋالسۇن ، دېيىشىۋاتىدۇ ، — دېدى . خان :
— ئۇنداق خوتۇن قەيەردىن بولسا ، كېلىپ ئاناڭنىڭ يېرىنى تۇتقاي ، — دېدى . قۇزى تېكىن :
— ئانامدەك بولمىسا ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولسۇن ، — دېدى . خان قەتئىي ئۆيلەنمەيمەن ، دېدى . ئەمما قۇزى تېكىن ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويمىدى . ئاۋشار ئېلىدە ئەكرىنچە دېگەن زاتنىڭ يۇرتتا نامى چىققان گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى . ئاشۇ قىزنى خانغا ئېلىپ بەردى .

ئۇ بەدبەخت قىزنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق بىر پىكىر كەلدىكى ، «قوزى تېكىننىڭ ماڭا مەيلى بار ، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئاتىسىغا باھانە بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ، تا ئۇزى مەن بىلەن پىنھان ئەيش ـ ئىشرەت قىلغاي ، ئۇنداق بولمىسا ، قېرى كىشىگە مەندەك ساھىبجامال قىزنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ بېرەتتى ؟» دەپ ئويلىدى .

بىر كۈنى ، قوزى تېكىن ئاتىسىنى كۆرگىلى كەلدى . قارىسا خان ئۇخلاپ قالغان ، ئۇ خوتۇن ئولتۇرغانىكەن . ئۇ خوتۇن قوزى تېكىننىڭ قېشىغا كېلىپ يۈزىنى ۋە كۆزىنى سىلاپ كەتتى . ئاشنىسى بىلەن ئوينىغان خوتۇنلار قانداق قىلغان بولسا شۇنداق قىلىشقا باشلىدى . قوزى تېكىن كۆڭلىدە ، بۇ ئانام ئورنىدا بولۇپ ماڭا مېھرىبانلىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىدى .

يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، يالغۇز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزى تېكىنگە :

ــ مېنىڭ ھالىمدىن ھېچ خەۋىرىڭ يوقمۇ ؟ مەن ساڭا ئاشىق بولدۇم ، كېچىلىرى ئۇيقۇم ۋە كۈندۇزلىرى قارارىم يوق . مېنىڭ ھالىمغا قارىماس بولساڭ ، نېمە ئۈچۈن مېنى قېرى كىشىگە ئېلىپ بەردىڭ ، ــ دېدى . قوزى تېكىن :

ــ سەن مېنىڭ ئانامسەن ، ئەگەر بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئىشىڭنى قويمىساڭ ، سېنى پارچە ـ پارچە قىلىپ ، ھەر پارچەڭنى بىر يەرگە تاشلارمەن ، ــ دېدى .

خوتۇن بولغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ قېرىنداش خوتۇنلىرىغا ئېيتىپ كېڭەشتى . ئۇلار قوزى تېكىن بۇ سۆزنى خانغا ، خەلققە ئېيتماستىن بۇرۇن ئېيتىپ بولۇش كېرەك . ئۇنداق بولمايدىكەن ئۆلۈمگە كېتەرسەن ، دېيىشتى . ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ ، بىر خوتۇننى قوزى تېكىننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى . ئۇ خوتۇن بېرىپ قوزى تېكىننىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈكنى ئوغرىلاپ ، بۇغراخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، كېيىن قايتىپ كېتىپ ئۆتۈكنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ كەلدى .

ئۇ كېچىسى خان ئۆيىدە يوق ئىدى . ئوۋغا كەتكەنىدى . يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئازراق قار ياغقانىدى . سەھەر ۋاقتىدا خوتۇن ۋارقىراشقا باشلىدى . تاڭ ئاتقاندىن كېيىن خەلق ئاڭلىدىكى ، ئۆيدىن يىغلىغان ئاۋاز چىقىۋاتاتتى . ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۆينىڭ ئىشكىگە كېلىشتى . كۆردىكى ، خانىم يۈزىنى تاتىلاپ ، ھەممە يېرىنى قان قىلىپ ، يىغلا. تۇرۇپ شۇنداق دەۋاتاتتى :

ــ بۇ كېچە ، سەھەر ۋاقتىدا ئۇخلاپ ياتاتتىم . بىر كىشى كېلىپ قوينۇمغا كىردى . ئۇنى كۆردۈم . قوزى تېكىن «ۋارقىرىما ، بۇ مەن ، ساڭا ئاشىق بولۇپ ئاتامغا ئېلىپ بەردىم ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزى ئاتامنىڭكى بولساڭ ، كېچىسى مېنىڭكى بولغايسەن ، ئۇنداق بولمىغاندا ئاتام خوتۇننى نېمە قىلاتتى» . دېدى . مەن : «ئانىسىغا بۇنداق ئىشنى قىلىش قەيەردە بار ؟» دەپ ۋارقىردىم . مەندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى ، ــ دېدى . يېنىدا ياتقان ئاياللار بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىشتى . خانىم :

ــ بۇنىڭدىن ئارتۇق گۇۋاھچى بولماس ، يەر قار تۇرىدۇ ، ئىزىنى كۆرۈڭلار ، ــ دېدى . ھەممە كىشى ئىزنى كۆرۈشتى . ئىز قوزى تېكىننىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ، بۇ ئۆيگە كېلىپ ، قايتىپ قوزى تېكىننىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى . قوزى تېكىن كېلىپ ئىزنىڭ قېشىغا ئايىغىنى قويدى . ئىككىسى بىردەك چىقتى .

بۇغراخان ئوۋدىن قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭغىمۇ مەلۇم قىلىشتى . خان باشلىق ھەممە بەگلەر قوزى تېكىننى چاقىرىپ كېلىپ ،

ــ بۇ نېمە ئىش ، كېچە سەن قىلىپسەنغۇ ؟ ــ دەپ سوراشتى . قوزى تېكىن ئۇ خوتۇندىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى ، ــ يەنە ، مەن ئۇيالغىنىمدىن

ئېيتالمىدىم ، ئىككىنچىسى شۇكى ، ئۇ خوتۇننى ئاتامغا مەن ئېلىپ بەردىم . خەلق ئىچىدە رەسۋا بولمىسۇن ، دېدىم . ئۇ مەندىن بۇرۇن داۋراڭ كۆتۈردى ، — دېدى .

خەلق ئىككى بۆلەك بولۇشتى . يېرىمى خوتۇننىڭ سۆزىگە ئىشىنىشتى ، يېرىمى قۇزى تېكىننىڭ سۆزىگە ئىشىنىشتى . ئاخىرى ھەممىسى بىرلىككە كېلىپ ، خانىم يېنىدا ياتقان خوتۇنلارنى خان ئالدىغا كەلتۈرۈپ سوراق قىلدى . ئۇلار ئېيتمىدى . تەھدىت سالدى ، شۇنىڭ بىلەن باشتىن تا ئاخىرغىچە قىلغان كېڭەشلىرىنى ، ئاۋ شارىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ۋە ئۆتۈك ئوغۇرلىغانلىرىنى بىر - بىر سۆزلىدى .

بۇغراخان قۇزى تېكىنگە :

— مەن مۇشۇنداق پىتنە بولۇرمىكىن دەپ بۇ خوتۇننى ئالغىلى ئۇنىمىغانىدىم . سەن مېنى ئىختىيارىمغا قويمىدىڭ . ئەمدى ئۇنى نېمە قىلىشىڭنى ئۆزۈڭ ياخشى بىلۇرسەن ، — دېدى . قۇزى تېكىن شۇ ھامان بۇيرۇق قىلدى . شاش بايتاللارنى كەلتۈرۈپ ، ئايالنىڭ ئىككى پۇتى ، ئىككى قولىنى ۋە بويىنىنى ، ھەر بىرىنى بىر بايتالنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىتىپ ، بايتاللارنىڭ پۇتلىرىغا نەيزە سانجىدى . بايتاللار يۈگرە - يۈگرە ئۇ خوتۇننى بەش پارچە قىلىپ ، ھەربىر پارچىسىنى ئۆز يايلىقىغا ئېلىپ كەتتى .

بۇغراخان كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلدى ۋە توقسان يېشىغا كېلىپ ئۆلۈپ كەتتى .

## بۇغراخاننىڭ ئوغلى قۇزى تېكىننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

قۇزى تېكىن ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ، دۈشمەنلىرىنى يىغلىتىپ ، دوستلىرىنى كۈلدۈرۈپ ، خەلققە ئادالەت قىلىپ ، پېقىر - مىسكىنلەرگە خەير ۋە ئېھسان قىلىپ ، قىرىق يىل خان بولۇپ ، يەتمىش بەش يېشىغا كەلگەندە ئوغلى ئارسلاننى ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ۋاپات بولدى .

## قۇزى تېكىننىڭ ئوغلى ئارسلاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئارسلان ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ، ئۇلۇغ خان بولدى . كۆپ يىللاردىن كېيىن سوراجىك ئېلى دۈشمەن بولدى . ئارسلانخان بېرىپ ، سوراجىك ئېلىنى بېسىپ ، قالغىنىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلدى .

ئۇ يەردىن بىر كىچىك ئوغۇلنى ئولجا ئېلىپ كەلدى ، ئېتىنى سۇۋار قويۇپ ئۆز قولىدا ئۆستۈردى . ئۇ ئەقىللىق ، تۇغۇشلۇق ، مەرگەن ۋە چېچەن ھۈنەرلىك ، ھەر مۇقامغا ۋە ھەر يولغا مېڭىشنى بىلىدىغان ، خاننىڭ ياردەمچىسى بولدى . پۈتۈن ئەشىك خەلقى كۆرەلمەسلىكىدىن ئۇنىڭ بىلەن يامان بولۇشتى . سۇۋارنىڭ غەيۋىتىنى خانغا قانداق قىلىپ ئېيتىشنى بىلمەي يۈرەتتى .

بىر كۈنى مەيداندا خان سۇۋارنىڭ قولىقىغا سۆز ئېيتىپ تۇراتتى . ساقىلى خاننىڭ يۈزىگە تەگدى . سۇۋار كەتكەندىن كېيىن ، خان بەگلەرگە قاراپ :

— سۇۋار كۆپ كىشىلەرنى سۆيگەندەك قىلىدىغۇ ؟ — دېدى . بەگلەر :

— بىز ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى خىلۋەترەك تۇرۇپ ئەرز قىلايلى ، — دېيىشتى . خىلۋەت بولغاندا :

— پالان ۋاقىتتا پالان مېلىڭىزغا مۇنداق خىيانەت قىلدى ۋە پالان سىرىڭىزنى خەلققە

پاش قىلدى. ئۇنى دۈشمەندىن ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭىز، ئەسلىگە تارتىۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن يامانلىقلىرىنىڭ قايسى بىرىنى ئېيتىپ بولالايتتۇق. ھەممە ئىشلىرىدىن يامانراقى شۇكى، سىزنىڭ خوتۇنلىرىڭىز بىلەن بىرگە بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، — دېيىشتى.

ئارسلانخان:

— سۇۋارنى ياڭگىكەنتكە خىزمەتكە ئەۋەتتىم. كەلگەندىن كېيىن سىزلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەي، قانداق ئۆلتۈرۈشىڭىزلەرنى سىزلەر ياخشى بىلۈرسىزلەر، — دېدى. ئاندىن يەنە:

— پالان يەردە كىيىك كۆپمىش، ئۆزۈم باراي دېگەنىدىم، كېچىدىن باشلاپ ھەر يېرىم ئاغرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، سىزلەر باش بولۇپ بېرىپ ئوۋ ئوۋلاڭىزلار، پېقىر - مىسكىنلەر قىش ئوزۇقى تەييارلىۋالسۇن، — دېدى.

بەگلەر خەلقنى باشلاپ ئوۋغا كېتىشتى. خان خوتۇنى بىلەن كېڭىشىپ، كېسەل بولدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۆيدە قالغان بەگلەر ئوۋغا كەتكەن بەگلەرگە ۋە سۇۋارغا: «خاننىڭ ھالى يامان بولدى، يېنىغا كېلىپ كۆرۈۋېلىڭلار»، دەپ ئادەم ئەۋەتتى. بەگلەر ئوۋدىن كېلىدىغان كۈنى خان ئۆلدى. بەگلەر كېلىپ كۆرسە، خان ئۆلۈپ كەتكەن. ھەممە بەگلەر كېڭەشتى. خاننىڭ ئۆلۈك ۋە تىرىك ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشتى. شۇ چاغدا سۇۋارمۇ كېلىپ قالدى. سۇۋارغا:

— خاننىڭ ئۆلۈكىنى قاچان چىقىرىدىغانلىقىنى، قايسى يەردە قويىدىغانلىقىنى ۋە ماتەمنىڭ ھەممە تەييارلىقىنى خانىم بىلەن سەن بىلۈرسەن، سېنىڭ بىلەن خانىم قىلىڭلار. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تىرىكلىكىدە ئىككىڭلار ھەممە ئىشنى قىلىۋاتقان. ئۆلگەندىمۇ ئىككىڭلار قىلىڭلار، — دېيىشتى. سۇۋار ئۆلۈك ئۈستىگە كەلمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى تاشلىدى. سۇۋار خاننىڭ پۇتىنىڭ ئۇچى تەرەپتە تۇرۇپ ساقلىنى كېسىپ، بىر تاشنى ئېلىپ بېشىغا ۋە كۆكسىگە ئۇرۇپ، ھەممە يېرىنى يارا - يارا قىلدى، يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئۆلگىنىڭدە بولمىدىم، بىر ئاياق سۇ بېرەلمىدىم ۋە خىزمىتىڭگە يارىمىدىم، ئەمدى سېنى بىر يەردە قويۇش ئۈچۈن تۇرۇپتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن، سەنسىز بۇ دۇنيادا يۈرمەك ماڭا ھارامدۇر، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرەرمەن، سېنىڭ پۇتۇڭ ئۇچىدا ياتارمەن، — دەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

خان ياتقان يېرىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، سۇۋارنى قۇچاقلاپ يۈزىدىن سۆيدى ۋە ئېيتتى:

— سېنىڭ ۋە سېنى چېقىشتۇرغان بەگلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۆلۈك قىلىپ كۆرسەتكەنىدىم، — دېدى.

خاننىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھەممە خەلق كېلىشتى. خاننىڭ ماللىرىنى ئېلىپ، ئۆلۈككە قارىماي تاشلاپ كەتكەن بەگلەرنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى كور قىلىپ، قوللىرىنى كەستۈردى. ئارسلانخان يەتمىش يىل پادىشاھلىق قىلىپ ۋاپات بولدى.

## بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئېل تېكىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوسماننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئارسلان خاننىڭ ئوغلى كىچىك ئىدى. چوڭ ئاغىسى ئېل تېكىننىڭ ئوسمان ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇنى خان قىلىشتى. ئۇن بەش يىل پادىشاھلىق قىلىپ ۋاپات بولدى.

## ئېل تېكىننىڭ ئوغلى ئىسلىننىڭ خان بولغانلىقىننىڭ بايانى

ئوسماننىڭ ئىسلى ئاتلىق بىر ئىنىسى بار ئىدى . ئۇنى پادشاھ قىلىشتى ، ئۇمۇ ئۈچ يىل خان بولۇپ ، ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى .

## ئىسلىننىڭ ئوغلى شىباننىڭ خان بولغانلىقىننىڭ بايانى

ئىسلىننىڭ شىبان ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى . ئۇنى خانلىققا كۆتۈرۈشتى . ئۇمۇ ئاتىلىرىنىڭ يۈرگەن يولىدىن يۈرۈپ ، ياخشىغا ياخشى ، يامانغا يامان بولۇپ ، يىگىرمە يىل ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ، ئۇلۇغ ئاتىلىرىنىڭ كۆچكەن يېرىگە چۈشۈپ كۆچۈپ كەتتى .

## شىباننىڭ ئوغلى بۇراننىڭ خان بولغانلىقىننىڭ بايانى

شىباننىڭ بۇران ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇنى خان قىلىشتى . بۇران ئەل بىلەن ياخشى كۈن كەچۈرۈپ ، ئوغۇز ئەھلىنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىنى بىتەرەپ ئەتمەي ، ئون سەككىز يىل پادشاھلىق قىلىپ ۋاپات بولدى .

## ئەلىننىڭ خان بولغانلىقىننىڭ بايانى

ئۇ زاماندا ئوغۇز ئېلى سىر سۇيىننىڭ ئىككى تەرىپىدە ، ئايىغىغا يېقىن ئولتۇراتتى . موغۇل كېلىپ كۆپ چاپقۇن قىلدى . ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغانلارنىڭ كۆپرەكى كۆچۈپ كەتتى ، ئۈرگەنجىكە باردى . قالغانلىرى ئەلى دېگەن كىشىنى خان قىلىپ كۆتۈرۈشتى .

ئەلىننىڭ بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى . ئېتى قىلىچ ئارسلان ئىدى . ئۇنىڭغا شاھ مەلىك دەپ لەقەم قويىدى . بۇگدۇز ئېلىدىن قۇزىچى بېك دەيدىغان يۈز ياشلىق بىر ئادەم بار ئىدى . ئۇ زاماندا ئوغۇز خەلقىننىڭ يۇرتى سىر سۇيىننىڭ يايىقى ، ئۈرگەنج بىلەن سىر سۇيىننىڭ ئارىسى ، ئامۇ دەرياسىننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈرگەنج بىلەن مەرۋىننىڭ ئارىسىدىكى قۇمنىڭ ئىچى ، تا مۇرغاپ سۇيىننىڭ ئايىغىغا قەدەر ئىدى . ئەلى خان ئۆزى ياڭگىكەنتتە ئولتۇرۇپ ، شاھ مەلىكنى قۇزىچىغا ئامانەت قويۇپ ، ئوغلىغا قۇزىچىننىڭ سۆزىدىن چىقما ، دېدى . قۇزىچە- غا :

— شاھ مەلىكنى ئوغۇز خەلقىننىڭ ئىچىگە ئېلىپ كەت ، ئۇ يەردە چوڭ بولسۇن ، بۇ خەلققە ، خەلق بۇنىڭغا ئارىلاشسۇن ، ئەلىنىڭ بىر چېتىدە مەن بولاي ۋە بىر چېتىدە ئوغلۇم بىلەن سەن بولغىن ، — دەپ ئۇزاتتى .

شاھ مەلىك خەلق ئىچىگە كەلدى . خەلق ئۇنى پادشاھ قىلدى .

كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ، شاھ مەلىك يىگىت بولۇپ يېتىشتى ، ئەمما زالىم بولدى . كىشىلەرنىڭ چىرايلىق قىزى ۋە خوتۇنى بولسا يامان كۆزدە قارىدى . قۇزىچى كۆپ نەسىھەت قىلدى ، قوبۇل قىلمىدى . خەلق شاھ مەلىككە بىدادگەر (زالىم) دەپ ئات قويىدى .

بارا - بارا ئەل ياخشىلىرىنىڭ قىزلىرى ۋە خوتۇنلىرىغا زورلۇق قىلىشقا باشلىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇز خەلقى توپلىنىپ ، شاھ مەلىكنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى . ئۇ بۇنى ئاڭلاپ

ئاتىسىنىڭ يېنىغا قاچتى . قۇزىچى بەگمۇ ئارقىسىدىن كەتتى ۋە ئەلى خاننىڭ يېنىغا شاھ مەلىكتىن بۇرۇن يېتىپ باردى . ھەممە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى .

ئۇنىڭدىن كېيىن شاھ مەلىك يېتىپ باردى . ئەلى خان شاھ مەلىكنى تۇتۇپ قامچىلاتتى . كېيىن قولىنى باغلىتىپ قويدى . بۇنى ئاڭلاپ قۇزىچى كەلدى ۋە خانغا :

— بۇنى باغلىتىپ قويۇپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى . خان :

— ئوغۇز ئېلىگە ئەۋەتىمەن ، دەپ تۇرۇۋاتىمەن ، تا ئۇلارنىڭ كۆڭلى مەندىن رازى بولسۇن ، — دېدى . قۇزىچى :

— ئەگەر شاھ مەلىكنى ئەۋەتسەڭ ئۆلتۈرۈشىدۇ ، مەغرۇرلىنىپ سەن بىلەن دۈشمەن بولۇشىدۇ ، ھەم ئوغلۇڭدىن ، ھەم ئېلىڭدىن ئايرىلارسەن ، — دېدى .

ئەلى خان :

— ئەلىنىڭ ئەھۋالىنى سەن كۆرۈپ كېلىپسەن ، ياخشى بىلۇرسەن ، ئۆزۈڭ ئۇيغۇن كېلىدىغىنىنى ئېيتقىن ، — دېدى . قۇزىچى :

— مۇۋاپىقى شۇدۇركى ، مەن ئالدىن كېتىپ ، خەلققە سېنىڭ تىلىڭدىن ئەلى خان ئوغلىنى ئۇردى ۋە قولىنى ، پۇتىنى باغلاپ سىلەرگە ئەۋەتتى ، نېمە قىلىشنى خەلق ياخشى بىلىدۇ ، دەيدۇ . مەن مۇشۇ ئىشنى دەپ قوياي ، دەپ ئالدىن كەلدىم ، دەيمەن ، ئۇ مېنىڭ ئارقامدىن ھامان كېلىدۇ ، دەيمەن ، سەن پۇتۇن ئەسكىرىڭنى ئوغلۇڭغا بېرىپ ، مېنىڭ ئارقامدىن ماڭدۇر ، مەن ئۇلارنى سۆزگە تۇتۇپ تۇرغاندا ، شاھ مەلىك بېرىپ ياخشىلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرسۇن ، تا يامانلىرى ھۆكۈمىگە بويۇن قويغاي ، — دېدى . ئەلى خانمۇ بۇ ئىشنى ئۇيغۇن كۆرۈپ ، شۇنداق قىلماقچى بولدى .

## ئوغۇز ئېلىنىڭ ئەلى خانغا دۈشمەن بولۇپ ، شاھ مەلىكنى ئۆلتۈرۈپ ، «ئۆي بېشىدا قاراخان» بولۇپ تۆت تەرەپكە كەتكەنلىكىنىڭ بايانى

ئەمدى شاھ مەلىك قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، خەلقنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سۆزلەيلى :

ئۇ زاماندا ئۈرگەنچ ، مۇرغاب ۋە تەجەندە ئولتۇرغان ئەلىنىڭ چوڭ بېگى قايى ئېلىدىن قىرقۇت دېگەن زات ئىدى . خەلق ئىچىدە بىر دەللە بار ئىدى . كىشىلەر ئۇنى مىران كاھىن دەپ ئاتايتتى . قىرقۇت بەگ ئۇنى چاقىرىپ :

— شاھ مەلىك بىلەن قۇزىچى بەگ بىزدىن زەربە يەپ ئەلى خاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى . ئەجىبا ، خەلق بىلەن خاننىڭ ئىشى قانداق بولار؟ — دەپ سورىدى . مىران كاھىن بىر سائەت سۆزلىمەي ئولتۇردى . كېيىن :

— ھامان ئوغۇز ئېلىنىڭ ئىچىدە سوقۇش بولۇپ ، قىزىل قان ئۇلۇغ سۇ كەبى ئاقىدۇ . ئەلى خان ھامان ئۆلىدۇ . ئۇنىڭ ئورنىغا ھامان بىرى پادىشاھ بولىدۇ ، — دېدى .

بۇ سۆز تامام بولدى ، ئەمدى باشقا سۆزنى سۆزلەيلى:

تۇغرۇلمىش ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى ، ئاتىسىنىڭ ئېتى قارانچا خوجا ئىدى . قايى ئېلىدىن ئۆي سالىدىغان پېقىر بىر ئادەم ئىدى . بۇ ھادىسىلەردىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ،

تۇغرۇلمىش بىر كېچىسى ياتاتتى . چۈش كۆردىكى : كۆكسىدىن ئۈچ تۇپ دەرەخ ياشىرىپ ئۆستى ، كېيىن شاخلاندى ۋە ياپراق چىقاردى . سەھەردە سەكرەپ تۇرۇپ ، بۇ چۈشنى مىران كاھىنغا سۆزلەپ بەردى . «بۇ كۆرگەن چۈشۈڭنى ھېچكىمگە سۆزلىمە ، ياخشى چۈشتۇر ،» دېدى مىران كاھىن .

تۇغرۇلمىشنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ھەربىر ئوغلىنىڭ بېشى ئۈچۈن ئاللا يولىدا بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ ، پىشۇرۇپ ئەلگە بەردى . چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى توقان ، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئېتى توغرۇل ۋە كىچىكىنىڭ ئېتى ئارسلان ئىدى . قىرقۇت بەگنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئىدى . ئۈچىسىلا مەرگەن ھەم جەسۇر ئىدى . قىرقۇت بەگ توغرۇلنى ئونبېگى قىلىپ ، ئۇنى توغرۇل ئونبېگى دەپ ئاتىشىدىغان بولدى .

ئەمدى شاھ مەلىكنى سۆزلەيلى :

قوزىچى بەگ ئەلى خانغا شاھ مەلىكنى مېنىڭ ئارقامدىن ماڭدۇر ، دەپ ياڭگىكەنتتىن كېتىپ ، ئۈرگەنجتە ئولتۇرۇشلۇق خەلقنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇ چاغدا ئەل توغرۇلنىڭ ئاغزىغا قارايتتى . تۇغرۇل قوزىچىغا :

— سۆزنىڭ توغرىسىنى سۆزلە ، بولمىسا قېرىغان چېغىڭدا ئەقلىڭ كېتىپ ، سوراق ئۈستىدە ئۆلەرسەن ، — دېدى . ئۇ قورققانلىقىدىن سۆزنىڭ توغرىسىنى سۆزلىدى .

قوزىچىنى بەنت قىلىپ قويدى . بارچە ئەلگە ئادەم ئەۋەتتى . ئون ئالتە مىڭ كىشى يىغىلدى . شاھ مەلىكنىڭ كېلىۋاتقان يولىغا بېرىپ قىرقۇت بەگ سەككىز مىڭ كىشى بىلەن يولنىڭ بىر يېنىدا تۇردى ، تۇغرۇل بەگ سەككىز مىڭ كىشى بىلەن يولنىڭ بىر يېنىدا تۇردى . ئۆزۈن قاراۋۇل قويدى .

بىر كۈنى قاراۋۇل ئۇلار كېلىۋاتىدۇ ، دەپ كەلدى . ئاتلىنىپ يولنىڭ ئىككى يېنىنى ئىگىلەپ تۇرۇشتى . شاھ مەلىكنىڭ لەشكىرى يىگىرمە مىڭ كىشى ئىدى . يېرىمى ئۆتۈپ كەتكەندە ئىككى تەرەپتىن ئات سالدى . ئۇلۇغ ئۇرۇش بولدى . تۇغرۇل غالىب كەلدى . شاھ مەلىكنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە بەگلىرىنىمۇ ئۆلتۈردى .

ئەلى خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېزلا ئۆلدى . ئوغۇز ئېلى بىر - بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇشتى . «ئۆي بېشىدا قاراخان» دېگەندەك بولدى . بىرى بىرىنى چاپتى ۋە بىرى بىرىنى ئۆلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن قۇتلۇق بەگ ، قازان بەگ ، قارامان بەگلەر باش بولۇپ كۆپ ئەل ماڭقىشلاققا كېتىشتى .

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر ئەلدىن بار ئىدى . ئەمما كۆپى ئىمىر ، دۈكەر ، ئىگدىر ، چۈۋال-دۇر ، قارقىن ، سالۇر ۋە ئاغار ئېلىدىن ئىدى .

ئالچاق بەگنىڭ ئوغۇللىرى باش بولۇپ ھىسار تېغىغا كەتتى .

بىر قانچە كۆپ ئەللەر ئوقلى ، كۆكلى ئېلى ، ئاغار ئېلى ۋە سۇلتانلىق ئېلى ئوبۇلخان تېغىغا كەتتى .

يازىر ئېلى خوراسانغا بېرىپ دۇرۇن تەرەپتە كۆپ يىللار ئولتۇرۇپ قالدى . شۇ سەۋەب-تىن دۇرۇن «يازىر يۇرتى» دەپ ئاتالدى . يازىر ئېلىنىڭ بىرنەچچىسى دۇرۇنغا يېقىن يەردىكى تاغ ئىچىدە دېھقانچىلىق قىلىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى . بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى «قارا تاشلىق» دەپ ئاتايتتى .

سالۇر ئېلىدىن دىڭلى بەگ باشلىق ئون مىڭ ئۆيلۈك خوراسانغا بېرىشتى . كۆپ يىللار ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى ، ئاندىن كۆچۈپ ئىراق ۋە پارسقا باردى . ئۇ يەرنى ۋەتەن تۇتۇپ قالدى .

قىنىق ئورۇقىدىن سۇلتان سەنجەر مازىنىڭ ئاتىسى سۇلتان مەلىكشاھ بېرىپ ئىراق ۋە پارسىنى ئېلىپ، ئىسفىھاننى پايتەخت قىلىپ ئولتۇرغان زاماندا، سالۇر ئېلى دېگىلى بەگىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئۇ ئېلىپ بارغان جامائەتنىڭ نەسىللىرىدىن بىرنەچچە كىشىلەر كېلىپ سۇلتانغا نۆكەر بولۇپ، شۇنداق ئەرز قىلىشتى: «بىزلەر ئوغۇز ئېلى سالۇر خەلقىدىن بولىمىز، ئۇلۇغ ئاتىلىرىمىز تۈركىستاندىن كەلگەنىكەن»، دەپ قېرىنداشلىقلىرىنى مەلۇم قىلىشتى.

ئاشۇ سالۇر خەلقىدىن بىر قانچىسى ئىراقتىن قايتىپ ماڭقىشلاققا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تەگرىم بۇيرۇسا ئېيتقۇم بار، ئاۋۋال ئۆتكەن خەلق (تارىخچىلار) شۇنداق سۆزلەپتۇ.

ئوغۇز ئېلىنىڭ كۆچۈپ، چېكىپ يۈرمىگەن يولى بارمۇ؟ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرمىغان يۇرتى بارمۇ؟

## تۇغرۇلمىش ئوغلى تۇغرۇلنىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئوغۇز ئېلىنىڭ شاھ مەلىكنىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن كەتمەي سىر سۇيىنىڭ ئايىغىدا ۋە ئامۇ سۇيى بويىدا ئولتۇرۇپ قالغانلىرى تۇغرۇلمىش ئوغلى تۇغرۇلنى خانلىققا كۆتۈرۈشتى. ئۇ يىگىرمە يىل پادىشاھلىق قىلىپ ۋاپات بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغرۇلمىشنىڭ كىچىك ئوغلى ئارسلاننى خان قىلىپ كۆتۈرۈشتى. ئۇ ھەم ئون يىل پادىشاھلىق قىلىپ، كەتكەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى.

كېيىنچە، ئۇنىڭ ئوغلى ئېسىلزادەنى خانلىققا كۆتۈرۈشتى. ئۇ ھەم يىگىرمە يىل دۇنيالىق شارابى بىلەن مەستخۇش يۈرۈپ، ئاخىر بۇ مەستخۇشلۇقىدىن ئايرىلدى. كۆزىنى ئېچىپ ئالدىنى كۆردى، قارىسا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ.

ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئوغلىغا ئاتىسىنىڭ ئېتىنى قويغانىدى. ئارسلان دەپ ئاتايتتى. ئارسلاننى خان قىلىشتى، ئۇ ھەم ئون يىل ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ۋاپات بولدى.

ئۇنىڭدىن ئىككى كىچىك ئوغۇل قالدى. چوڭىنىڭ ئېتى كۆكەم باقۇي، كىچىكىنىڭ ئېتى سەرەنىڭ ئىدى.

كۆكەم باقۇينى خان قىلىشتى. ئۇ بەك كىچىك ئىدى. ياخشى ۋە ياماننى بىلمەيتتى. ئۇ چاغلاردا ئوغۇز ئېلىنىڭ قاراشىت ئاتلىق بىر دۈشمىنى بار ئىدى، ئۇ ئارسلان خاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كىچىك ئوغۇللار قالغانلىقىنى، ئۇلار پادىشاھلىق قىلالمىغانلىقىنى، ئوغۇز ئېلىنىڭ ئاغزىدا بىرلىك يوق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاتلاندى ۋە كېلىپ ئارسلان خاننىڭ ئوردىسىنى، بەگلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى بېسىپ ئالدى. كۆكەم باقۇينى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قېچىشتى. ئۇ چاغدا سەرەنىڭ بۆشۈكتە ئىدى. ئۇنى دۈشمەن ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ يىللار ئۆتتى. سەرەنىڭ يىگىت بولغاندىن كېيىن، ئاكىسى كۆكەم باقۇيغا كىشى ئەۋەتتى: مەن قاچالمايمەن، ئاكام مېنى ئېلىپ كەتسۇن، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كۆكەم باقۇي پۈتۈن ئوغۇز ئېلىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قاراشىتنى چاپقۇن قىلىپ، ئىنىسى سەرەنىكنى ئېلىپ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلدى.

كۆكەم باقۇي يىگىرمە يىل پادىشاھلىق قىلىپ ۋاپات بولدى.

## ئارسلان ئوغلى سەرەنكنىڭ خان بولغانلىقىنىڭ بايانى

كۆكەم باقۇي ئۆلگەندىن كېيىن ، ئىنىسى سەرەنكنى پادشاھ قىلىشتى . ئۇ ھەم ئون يىل پادشاھلىق قىلىپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئوغۇز ئېلىدىن پادشاھ بولغان قىنىق ئۇرۇقىدىن سالجۇق بەگ باشلىق نۇرغۇن خەلق كۆچۈپ ، سىر ياقىسىدىكى خوجەند شەھىرىگە كېلىشتى . ئۇ يەردە كۆپ يىللار ئولتۇرۇپ نۇر ۋىلايىتىگە كېتىشتى . ئۇ يەردە يۈز يىل ئولتۇرۇپ ، كۆچۈپ ئۈرگەنجكە بېرىشتى . ئۈرگەنجتە ئولتۇرالماي ، كۆچۈپ خوراسانغا كېتىشتى ۋە مەرۋىدىن ئوبۇلخانغا قەدەر ئولتۇرۇشتى .

ئۇ زاماندا خوراسان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ قولىدا ئىدى . ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ قاچىلىرى تولۇپ – تاشقان دېيىلگەن ۋاقتى ئىدى . سالجۇقلار مەرۋى شاھىجاھان شەھىرىنى ئېلىپ ، تۇغرۇل بەگنى پادشاھلىققا كۆتۈرۈشتى . ئالپ ئارسلان ، سۇلتان مەلىكشاھ ۋە سەنجەر مازى قاتارلىقلار مۇشۇ جامائەتتىن ئىدى . ئۇ پادشاھلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوقتۇر . بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئۇ پادشاھلارنىڭ نەسەبلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كۆپ كىتاب يازغانىكەن ، ئۇنىڭ ھېسابىنى تەڭرى – تائالا ياخشى بىلۇر .

سالجۇقلار تۈركمەن بولۇپ ، قېرىنداشىمىز ، دېدى ، ئەلگە پايدىسى تەگمىدى . پادشاھ بولغۇچە تۈركمەننىڭ قىنىق ئۇرۇقىدىن بولىمىز ، دېيىشتى . پادشاھ بولغاندىن كېيىن ، ئەفراسىياپنىڭ بىر ئوغلى كەيخۇسرەۋدىن قېچىپ تۈركمەننىڭ قىنىق ئۇرۇقىنىڭ ئىچىگە بېرىپ ، ئۇ يەردە چوڭ بولغانىكەن . بىز ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەفراسىياپنىڭ نەسلىدىن بولىمىز ، دېيىشىپ ، ئاتىلىرىنى ساناپ ، ئوتتۇز بەشىنچى ئەجدادىنى ئەفراسىياپقا ئاپىرىپ تاقىدى .

ئوغۇز ئېلى كۆكەم باقۇي بىلەن سەرەنكتىن كېيىن ئۆز ئالدىغا پادشاھ چىقىرىپ ئولتۇرمىدى . ئوغۇز ئېلىنىڭ ماڭقىشلاق ۋە ئوبۇلخاندا ئولتۇرغانلىرى ئۈرگەنجدە كىم پادشاھ بولسا شۇنىڭغا بوي سۇندى . خۇساراساندا ئولتۇرغانلىرى خۇراساندا كىم پادشاھ بولسا ئۇنىڭغا بويسۇندى . ماۋەرا ئۇننەھرىدە ۋە ھەر يۇرتتا ئولتۇرغانلىرىمۇ شۇنداق بولدى .

## سالۇر ئوگۇرجىق ئالپنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ، ئىنىلىرىنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ بايانى

شاھ مەلىكنىڭ بۇزۇقچىلىقىدا دىڭلى بەگ باشچىلىقىدا ئىراققا كەتكەن سالۇر خەلقى كۆپ يىللار ئۇ يەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوگۇرجىق ئاتلىق بىر ئېسىل يىگىت پەيدا بولدى . تۈركمەنلەرنىڭ تارىخ بىلىدىغان كىشىلىرى ئوگۇرجىق ئالپنى ئون ئالتە ئەۋلاد ئاۋۋالقى ئوغۇز خانغا ئۇلاشتۇرۇپ شۇنداق سانايدۇكى : ئوگۇرجىق ئالپ ، ئۇنىڭ ئاتىسى بەنام غازى ، ئۇنىڭ ئاتىسى بۇرجى غازى ، ئۇنىڭ ئاتىسى قىلال غازى ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىنال غازى ، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلايمان غازى ، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەيدەر غازى ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆتكۈزلۈك ئۇرۇس ، ئۇنىڭ ئاتىسى قازان ئالپ ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەنكەش ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەندەر ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاتا ، ئۇنىڭ ئاتىسى تېمۇر ، ئۇنىڭ ئاتىسى سالۇر ، ئۇنىڭ ئاتىسى

تاغ خان ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇغۇزخان ، بۇ سۆز تامامەن يالغاندۇر . شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئوغۇز زامانىدىن تا بۇ ۋاقىتقىچە بەش مىڭ يىل ئۆتتى . ئۇكۇرجىق زامانىدىن تا بۇ ۋاقىتقىچە بەش يۈز يىل ، ئالتە يۈز يىل ئۆتتى . ئوغۇز بىلەن ئۇكۇرجىقنىڭ ئارىسى تۆت مىڭ تۆت يۈز يىل . ئون ئالتە ئەۋلاد تۆت يۈز يىلدا ، ھەرقانچە بولسىمۇ تۆت يۈز ئەللىك يىلدا ئۆتۈپ بولىدۇ . خوش ، ئۇكۇرجىقنىڭ قالغان تۆت مىڭ يىلدا ئۆتكەن ئاتىلىرىنىڭ ئېتى قېنى ؟ بۇ يېزىلغان ئون ئالتە كىشىنىڭ ئوغۇز ئوغۇللىرى بولغىنى توغرا ۋە ئۇكۇرجىقنىڭ ئاتىلىرى بولغىنىمۇ توغرا . ئەمما قايسى كىشى قوۋم ئىچىدە مەشھۇر بولسا شۇ كىشىنى يازغاندۇر . ئاللا بىلىدۇكى ، بۇ يېزىلغان كىشىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئارىسىدا ئون بەش ۋە يا يىگىرمە كىشىنىڭ ئېتى يېزىلماي قالغان . شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى ، ئوغۇز بىلەن ئۇكۇرجىقنىڭ ئارىسىدا تۆت مىڭ تۆت يۈز يىل ئۆتكەن . ھەرمىڭ يىلدا قىرىق ئەۋلاد ياشاپ ئۆتسە ، ئىككى يۈز ئەۋلاد ئۆتكەن بولىدۇ . بەس ، بۇمۇ يالغانچىلىق بولارمۇ ؟ بۇ پەلەكنىڭ گەردىشىنى ۋە نەرسىلىرىنى ئۇنۇتمايدىغان (تەكرىدۇركى ) بۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئاساندۇر . بۇ سۆزلەرنىڭ خاتالىقى ئەينى شەكىلدە شۇكى ، سالۇر قازاننى ئالتە ئەۋلاد ئۆتۈپ يەتتىنچى ئەۋلادقا يەتكەندە ئوغۇزخانغا يەتكۈزىدۇ . ئەمدى بۇ سۆزنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىلەر ياخشى بىلىدۇ . ئوغۇزخان پەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن . قازان ئالىپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن ئۆتكەنىدى . ياشانغان چېغىدا مەككىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلدى . ئۇ ھالدا سالۇر قازان ئالتە ئەۋلادتا ئوغۇزخانغا قانداق ئۇلىشار ؟ يەنە سالۇر قازان قايى قۇرقۇت ئاتا بىلەن بىر زاماندا ئىدى . قۇرقۇت ئاتىنىڭ سالۇر قازان ئالىپنى مەدھىيەلەپ ئېيتقان شېئىرى مۇنداق :

قازغۇرت تاغدىن قورام تاشنى دومىلاتتى ،
سالۇر قازان قارشى بېرىپ قاماپ تۇتتى .
ئىت بەجەنە كۆرۈپ ئۇنى ئەقلى قاچتى ،
باتۇرلار ، بەگلەر ، كۆرگەن بارمۇ قازاندەكنى ؟

بىر قازانغا قىرىق بىر ئاتلىق ئېتىن سالدى ،
ئۇ قازاننى سول قولىدىن تۇتۇپ ئالدى .
ئوڭ قولىدا مەملىكەتنى ئۇلەشتۇردى ،
باتۇرلار ، بەگلەر ، كۆرگەن بارمۇ قازاندەكنى ؟

كۆك يۈزىدىن ئۇنۇپ كەلدى جانلىق يىلان ،
ھەر ئىنساننى يۇتار ئىدى كۆرگەن زامان .
سالۇر قازان بېشىن كەستى بەرمەي ئامان ،
باتۇرلار ، بەگلەر ، كۆرگەن بارمۇ قازاندەكنى ؟

ئون قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن قازان بېرىپ ،
ئىت بەجەنە ئەللىرىنى كەلدى قىرىپ .
بىرنەچچىسى قۇتۇلۇشتى كۆپ يالۋۇرۇپ ،
باتۇرلار ، بەگلەر ، كۆرگەن بارمۇ قازاندەكنى ؟

تۈرك ۋە تۈركمەن ، ئەرەب ، ئەجەم خەلقلەر ،
قازان قىلدى مۇسۇلمانغا تەربىيىلەر ،
كاپىرلارنى قىردى شۇنداق كۆپ پۈرسەتلەر ،
باتۇرلار ، بەگلەر ، كۆرگەن بارمۇ قازاندەكنى ؟

ئۇندىن ھۇنەر ئۈگىنىشتى ھەربىر ئۇلۇغ ،
بەزىلىرىگە يەر بەردى ئوڭلۇق - سوللۇق .
بىزگە بولدى پۈتۈن ئەلنىڭ يېرى تەڭلىك ،
باتۇرلار ، بەگلەر ، كۆرگەن بارمۇ قازاندەكنى ؟

سەيياھ قۇرقۇت ، ئۆلەر بولدۇڭ ئەمدى بىلگىن ،
ئۇ قازاننىڭ دۆلىتىگە دۇئا قىلغىن .
كارۋان كەتتى ، كۆپ كەچ قالدىڭ ، يولغا كىرگىن ،
باتۇرلار ، بەگلەر ، كۆرگەن بارمۇ قازاندەكنى ؟

ئەمدى ئۇيغۇرجىقنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەيلى :
ئۇ زاماندا ئىراقنىڭ كۈچلۈك خەلقى بايىندىر ئېلى ئىدى . ئۇيغۇرجىق ئالىپ بايىندىر بەگنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىمىدى . بايىندىر بەگ ئۇيغۇرجىق بىلەن بۇزۇلۇشتى . ئۇيغۇرجىقنىڭ بايىندىر بىلەن ئۇرۇشقۇدەك مادارى يوق ئىدى . مىڭ ئۆيلۈك خەلقى بىلەن ئىراقتىن قېچىپ شامغا كەلدى . توققۇز يۈز ئۆيلۈكى سالۇر ۋە يۈز ئۆيلۈكى قارقىن ئىدى . ئۇ يەردىمۇ ئولتۇرۇشقا بايىندىردىن قورقۇپ قىرىمغا كەلدى . ئۇ يەردىن كۆچۈپ ، ئېتىل سۇيىدىن كېچىپ ، يايىق سۇيىگە كەلدى . ئۇ زاماندا ئالا كەڭلىك ۋە قاراقاش دېگەن يەردە قانىقلى خەلقى ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ خانلىرىنىڭ ئېتى كۆك تونلۇق دېگەن زات ئىدى . ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرنەچچە يىللار ئولتۇردى . ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەنمۇ يامان بولۇپ كۆچۈپ قاچتى . كۆك تونلۇق ئارقىسىدىن يېتىشىپ ، يەتتە يۈز ئۆيلۈكنى ئېلىپ قالدى . ئۈچ يۈز ئۆيلۈك بىلەن قېچىپ ماڭقىشلاققا كېتىپ ، قاراخان دېگەن يەردە ئۈچ يىل ئولتۇردى .
كۆك تونلۇق ئۇيغۇرجىقنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى .
ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاڭلاپ ئاتلاندى . ئۇنىڭ ئاتلانغانلىقىنى ئۇيغۇرجىق ئاڭلاپ ، خەلقى بىلەن قېچىپ قۇتۇلۇپ ، ئوبۇلخان تېغىغا كەتتى .
ئۇ زاماندا ئۇيغۇرجىقنىڭ ئېيتىدىغان شېئىرى مۇنداق ئىدى :

ياندىم قېچىپ قانقلى خاندىن قىبلىگە سۈرۈلدۈم ،
قار - شۇۋرغان ئاشقان ئەر ، ئۇنىڭدىن قاچتىم .
قارچىلارغا ، يەرچىلەرگە يول باشلاتتىم ،
يىغىشلىق قاردىن ئىككى قوللاپ يول يۇمشاتتىم .

كۆرەكلەپ - كۆرەكلەپ تاغلارغا تۆشەك سالدىم ،
ئارت - ئوتۇمغا بىگىز سانجىپ كۆچۈم چەكتىم .

قار دۆۋىسى ، تاغ يولۇمدىن ئېشىپ باردىم ،
قاباقلىدىن ئالتايغىچە يۇرت - يۇرتلىدىم .

گۇرۇلدىشىپ ئارقا - ئارقىدىن دۇشمەن يەتتى ،
قايغۇدىن باش قاتتى ، ياياق ئىش بۇيرۇدۇم .
قان - يىرىڭلىق ئەركەك ئوقتا قان يورۇتتۇم ،
ئۇرسا - قىرسا ، چاتچان قىلىچقا تۇغ باغلاتتىم .

قىلىچىمنى سىرىپ بەلگىچە قۇدۇق قازدىم ،
تېرىدا قىشلاپ ، بوزدا يايلاپ تاغدىن ئاشتىم .
ئەگسە ياسىنى قارا تاغقا چۈشۈپ كەلدىم ،
قايسى توپلاق توي تۇتمىدى شۇندا كۆردۈم .

ئالتۇن كۆزلۈك توشقاننى كەلتۇردى دەپ ،
غاز ئاياغلىق ئۈچ ئاچماق تامغا بەردىم .

قارا غازى بەگنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى . بىرىنچىسى ئۆگۈرجىق ئالىپ ، ئىككىنچىسى سۈۋارجىق ، ئۈچىنچىسى دۇدىق تۆتىنچىسى قاباجىق . بۇ تۆتىنىڭ ئوغۇللىرىنى تەڭرىم بۇيرۇسا بىرمۇ بىر سۆزلەيلى .

ئۆگۈرجىقنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى . ھەر ئىككىسى بىر قوشكېزەك ئىدى . ئۈچ قېتىمدىلا قوشكېزەك بولۇپ ، ئاتلىرى مۇنداق : بەردى ، بۇقا بىر قوشكېزەك ، ئاۋشار ، قوشار بىر قوشكېزەك ، يايجى ، دىگلى بىر قوشكېزەك .

بەردىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى . بىرىنىڭ ئېتى قۇلمى ۋە بىرىنىڭ ئېتى قۇلھاجى .

قۇلمىنىڭ ئوغۇللىرى يومۇت ۋە قۇلتاق خەلقىدۇر . ئەمما يومۇتنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى ، بىرىنىڭ ئېتى ئۆزلىتېمۇر ئىدى ، بىرىنىڭ ئېتى قۇتلىتېمۇر .

ئۆزلى تېمۇرنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ئاتلىرى مۇنداق : ئەيسا ، مۇسا ۋە بەھرەمشاھ .

قۇتلى تېمۇرنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ئاتلىرى مۇنداق : جۇنى ، شىران ۋە قۇجىق .

قۇلھاجىنىڭ ئوغلى ئارسارى باي ئىدى . ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى : ئىنال غازى ، زەينال غازى ۋە مۇستەفا غازى .

ئىنال غازىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى . بىرىنىڭ ئېتى تۇرا ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى سوقمان . لاينا ۋە چارشانقى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر .

زەينال غازىنىڭ ئوغۇللىرى قارا ۋە بەكارۇلدۇر .

مۇستەفا غازىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلۇغ تۆپە ۋە كۆنەشتۇر .

بۇقىنىڭ ئوغۇللىرى ئىچكى ، سالۇردۇر .

يەنە بىر كىتابتا شۇنداق دېگەنكى : سالۇر ئېلىدە ئەنكەش ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى . خوتۇنىنىڭ ئېتى چەچەكلى ، ئوغلىنىڭ ئېتى قازان ئىدى . سالۇر قازان ئالىپ دېگەن كىشى شۇدۇر . ئۇ زاماندا بەجەنە ئېلىنىڭ تويمادۇق ئاتلىق بىر پادشاھى بار ئىدى . ئۇ كېلىپ ئەنكەشنىڭ ئۆيىنى بېسىپ ، چەچەكلىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى . ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەنكەش مال بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى .

چەچەكلى ئۆيگە كېلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى . قازان ئالىپ ئانىسىغا : بۇ ئوغۇلنى سەن نەدىن ئالدىڭ ؟ دەپ كالتەك بىلەن ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتتى . چەچەكلى :

دۈشمەن كەلدى قارىسىپ ،
قېچىپ كەتتىڭ بوزىرىپ ،
تۆگىگە مىنىپ ئارقاڭدىن ،
كېتىۋەردىم ئويلىپ .
ئىت بەجەنە ئىزىمدىن يەتتى ،
تۆگەمنىڭ بېشىنى تۇتتى .
ئىچى قايىندى ، تېشى قىزاردى ،
ئۈستۈمگە مىنىپ ئوينىدى .
ئىختىيارىمنى ئالدى ،
بۇ ئوغۇلنى ئىچىمگە سالدى ،

دېدى . ئۇ ئوغۇلنى ئىت بەجەنە قوۋمىدىن بولغان ، دەپ ئېتىنى ئىرەك قويۇشتى . تۈركلەر ئىچىدە ئادەت شۇدۇر ، ئىتنىڭ ئېتىنى ئىرەك ، سىرەك ، دەپ قويىدۇ .

ئىرەكنىڭ ئارىكلى ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى . ئىچكى سالۇرلارنى ئارىكلىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان ، دېيىشىدۇ . ئۇ زاماندا بىز يوق ئىدۇق . توغرىسىنى ۋە يالغىنىنى ئاللا ياخشى بىلۇر . ئەگەر يالغان بولسا ، گۇناھى يەنە بۇرۇن سۆزلىگەنلەرنىڭ بويىندا بولسۇن .

ئاۋشارنىڭ ئوغۇللىرى قالدۇق سالۇردۇر .

يايجى ئوغۇللىرى بۇ زاماندا ئامۇ سۈيىنىڭ ياقىسىدا قاراقۇل يېنىدا ئولتۇرماقتا . بۇ دەۋردىمۇ ئۇلار يەنە «يايجى» دېيىلمەكتە .

ئۇكۇرجىقنىڭ بەش ئوغلىنىڭ نەسلىنى بايان قىلدۇق . ئەمما قۇشار ئاتلىق ئوغلىدىن نەسىل قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس . ئەمدى ئۇكۇرجىقنىڭ ئىنىلىرىنىڭ نەسلىنى بايان قىلايلى .

سۇۋارجىقنىڭ خۇرشىد ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇلام ئۆرگەنجلى خەلقى خۇرشىدنىڭ ئوغۇللىرىدۇر .

ئازلار ئۇرۇقى دودۇقنىڭ نەسلىدۇر .

ساكار ئېلى قاباجىقنىڭ نەسلىدۇر .

ئۇكۇرجىقنىڭ ئىنىلىرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ نەسىللىرىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق . ئەمدى باشقا ئەللەرنى سۆزلەيلى .

ئاگار ۋە ئايماقلى ئېلى ئۇيغۇر ئىركىل خوجا ، ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى كۈن خاننىڭ ۋەزىرى ئىدى ، بۇ ئەللەر ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدۇر .

يىمىر ئېلى خەلقى ئەسلى شۇنداق ئىدى : ماڭقىشلاقتا ئىچكى سالۇردىن بىر كىشى بىر ئىچكى سالۇرلۇقنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ ، دۇرۇندا ئولتۇرۇشلۇق سالۇر ئېلىنىڭ ئىچىگە كېلىپتۇ . كېيىن ئۇلاردىن بىر قىز ئېلىپ ، ئۇ يەرنى ۋەتەن تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ . پۈتۈن يىمىر ئېلى خەلقى شۇ شەخسنىڭ ئوغۇللىرىدۇر .

بۇرقاس ، سالۇر ئېلىدە تۆمۈر تۇغلۇق خان دېيىلگەن بىر خان بار ئىدى . سالۇر ئېلىدىن ئىشىك ئىسمايىل ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى . بىر يەردىن كېلىۋاتاتتى . تۆمۈر تۇغلۇق خاننىڭ ئۆيىنى كۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاتتىن چۈشۈپ تۇردى . كارۋان ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ، بەلكىم بىرەر نەرسە قالغاندۇ ، دەپ ئويلاپ ئۆيگە كەتتى . كېتىۋېتىپ كۆردىكى ئوچاق ئىچىدە بىر ئوغۇل بوۋاق يېتىپتۇ . بۇ كىشىنىڭ ئوغلى يوق ئىدى . ئۇنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىپ باقتى ۋە ئېتىنى بۇرقاس قويدى . پۈتۈن بۇرقاس ئېلى ئۇنىڭ نەسلىدۇر .

تەكە ۋە سارىق . سالۇر ئېلىدە بىر ئادەم بار ئىدى ، توي تۇتماس دەپ ئاتىلاتتى . تەكە

ۋە سارىق خەلقى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدۇر .

## تۈركمەن بولۇپ تۈركمەنگە قوشۇلغان قەبىلىلەرنىڭ بايانى

قەدىمكى زاماندا ، ئۈرگەنچتە ئوبۇلخان ۋە ماڭقىشلاق ئۆزبېك خانىنىڭ ئوغلى ئادىل جانىبېك خانغا تەئەللۇق ئىدى . جانىبېك خان ئۇيغۇر سانقلى‌سىن دېگەن كىشىنى تۈركمەنلەر ئىچىگە ، تا ئۇلارنىڭ ئەيىپلىك ۋە گۇناھكارلىرىنى سورىسۇن ، دەپ ئەۋەتتى . ئۇ كېلىپ ئەل ئىچىدە بىر يىل تۇردى . ھەر يەردە گۇناھكار ۋە ئەيىپلىك كىشى بولسا سوراپ تۇراتتى . نۆۋكەرلىرى ۋە قۇللىرى كۆپ ئىدى . ئاياز ئاتلىق بىر قۇلى بار ئىدى . ئۇ ھەممە قۇللىرىدىن پىشقەدەم ئىدى . تۈركمەنلەرنىڭ گۇناھكارلىرى ، يا بېشىمدىن ، يا مېلىمدىن ئايرىلارمەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ ، ئايازغا كۆپ پارا بېرىپ شۇنداق دېيىشتى :

— ئەگەر سەن بېگىڭنى ئۆلتۈرسەڭ ، بىر يىلدىن بېرى ئەلدىن ئالغان ماللارنى ۋە ئۆيدىن كەلتۈرگەن قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمىز ، ھەرقاچان جانىبېك خان كىشى ئەۋەتىپ سېنى ئىزدىسە ، سېنى تۇتۇپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ، بىز خەلق سېنى دەپ قىرىلايلى ، يوقىلايلى .

ئاياز كۆپ مالغا ۋە بۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە كۆڭلىنى بېرىپ ، بىر كېچىسى غاپىل ياتقان سانقلى سىننى ئۆلتۈردى . خوجىسىنىڭ مېلىدىن ئايازغا بىر ئوغلاقمۇ تەگمىدى . ھەر يەرگە قويغان ماللارغا كىم يېقىن كەلسە ، ئۇلار تىللاپ ئۆزلىرى ئېلىشتى .

سانقلى سىننىڭ نۆۋكەرلىرى جانىبېك خان قېشىغا قايتىپ كېتىشتى . ئاياز قورققىنىدىن كېتەلمىدى . ئوبۇلخان تېغىدا ئولتۇرغان تۈركمەنلەرنىڭ ئىچىدە قالدى .

شۇ يىلى جانىبېك خان ئېتىل سۇيىنىڭ ياقىسىدىكى ساراي شەھىرىدە ھەق رەھمىتىگە كەتتى . پۈتۈن ئەسكى خەلقى بۇ ئاياز ئوغۇللىرىدىن بولىدۇ .

خىزىر ئېلى . سالۇر ئېلىدىن ئوبۇلخاندا ئارسارى باي دېگەن بىر كىشى بار ئىدى . ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن دۆلەتلىك ۋە مۇسۇلمانلىقتا غەيرەت قىلغان كىشى ئىدى . بۇ سۆزىمىز-نىڭ دەلىلى شۇكى ، ئۇ زاماندا ئۈرگەنچتە شەرەف ئاتلىق بىر ئەزىز كىشى بار ئىدى ، شەيخلىق مەقامىدا ئولتۇراتتى ۋە خوجا ئىدى . ئارسارى باي بېرىپ ئېتى ئۇلۇغ شەيخكە قىرىق تۆگە سۇنۇپ ، پۇشايمانلىق قىلىپ ئىلتىماس يۈزىسىدىن ئەرز قىلدىكى :

— بىز تۈرك خەلقىدۇرمىز . ئەرەبچە كىتابلارنى ئوقۇپ ، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلماقلىق ئىنتايىن مۇشكۇل بولۇۋاتىدۇ . ئەگەر ئەرەبچە مەسىلىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ تەقدىم قىلغان بولسىڭىز ، ساۋابىغا ئورتاقلاشقان بولاتتىڭىز ، — دېدى . بۇنىڭ يۈزىسىدىن شەرەف خوجا دىنىي مەسىلىلەرنى تەرجىمە قىلىپ ، بىر كىتاب سۆزلەپ «مۇئىنۇل مۇرىد» دەپ ئات قويۇپ ، ئارسارى بايغا بەردى . ئۇ زاماندىن تا بۈگۈنگە قەدەر پۈتۈن تۈركمەنلەر ئۇ كىتابتىكى مەسىلىلەرگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ .

ئۇ چاغدا ئىران پادىشاھى خۇراساننى قومابەگ دېگەن كىشىگە بەرگەن ئىدى . ئۇ خۇراسان-غا كەلگەندىن كېيىن ، ئوبۇلخاندا ئارسارى باينىڭ ماما ئاتلىق گۈزەل ، ياخشى قىزى بار ئىكەن ، دەپ ئاڭلاپ ، ئەلچى ئەۋەتىپ ، كۆپ مال بېرەي ، دەپ تىلەتتى . باي بەرمىدى . بەرمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، قوما بەگ كۆپ چېرىك بىلەن ئاتلىنىپ ، ئوبۇلخاندا..

دۇكەر دەپ ئاتىلىدىغان قۇدۇقتا ئارسارى باينى شېھىت قىلىپ، ئېلىنى بېسىپ، ماما بېكەنى ئېلىپ بېرىپ، نىكاھ قىلىپ كۆپ يىللار ساقلىدى. ماما بىكەدىن پەرزەنت كۆرمىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئارسارى باينىڭ ئوغۇللىرىغا قېرىنداشنى ئېلىۋالسۇن، دەپ ئادەم ئەۋەتتى. بۇلار قولتاق قاراجا مەرگەن دېگەن كىشىنى ئەۋەتتى. قوما بەگ ماما بىكەگە كۆپ مال بېرىپ قاراجا مەرگەنگە تاپشۇرۇپ ئەۋەتتى. بىر ئۆيلۈك قۇل بەرگەن ئىدى.

ئۇ قۇلنىڭ تۆت ئوغلى ۋە ئىككى قىزى بار ئىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى خىزىر، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ئەلى، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ئىگىبېك ۋە تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى قاشقا ئىدى.

ماما بىكە قېرىغاندىن كېيىن، ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللا يولىغا بەردى. قوما بەگ بەرگەن قۇلنىڭ ئۆزى ۋە خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. تۆت ئوغلى ۋە ئىككى قىزىنى ئازاد قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ تۆتىمۇ ئۆيلۈك ۋە كۆپ ماللىق بايلاردىن بولۇپ، ھەرقايسىسى بىر يەردە ئولتۇرۇشتى.

خىزىر چورا ئامۇ سۈيىنىڭ ياقىسىدا كىردوش دېگەن يەردە ئېكىن ئېچىپ ۋە مال بېقىپ چوڭ باي بولدى. ئۇ زاماندا ئۆزبېكنى موڭغۇل دەپ ئاتىشاتتى. تۆت موڭغۇل كېلىپ خىزىرچوراغا خىزمەتكار بولۇپ ماللىرىنى باقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتە سالۇر كېلىپ خىزمەتكار بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتمەن بولۇشتى. ئەتراپ ۋە جەنۇبتىن ئاچ، زەئىپ، تالاپەتكە ئۇچرىغان ۋە ئالدۇرغانلار كېلىپ، بۇلارغا قوشۇلۇپ ئولتۇرۇشتى. كۆپ ئەل بولدى. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنىڭ يۇقىرىسى تون قارى، ئايىغى قارا كىشت ئىدى. ھەركىشى ئۇلاردىن قايسى خەلقسىز؟ دەپ سورىسا، خىزىر باينىڭ كىشىلىرىمىز، دېيىشەتتى. بارا - بارا خەلق ئۇلارنى «خىزىر ئېلى» دېيىشتى. خىزىر ئېلىدە بىر ئۇرۇق بار بولۇپ، كوتلار دېيىشەتتى. ئۇلار خىزىر ئېلىنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

**ئەمدى، خىزىرنىڭ ئىنىسى ئەلىنى سۆزلەيلى.**

ئەلى چورامۇ ئاغىسىدەك ئامۇ سۈيىنىڭ ياقىسىدا يۇرت تۇتۇپ ئولتۇردى ۋە دۆلەتلىك بولدى. ئۆزبېك ۋە تۈركمەنلەرنىڭ پېقىرى ۋە چۈشكۈنلىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئەلى ئېلى» دېيىشەتتى. ئەلى ئېلىنىڭ ئىچىدە «موغۇلجىكلار» دېيىلىدىغان بىر ئۇرۇق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتى ئامۇ سۈيىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، يۇقىرىسى قاراقىچىت، ئايىغى ئاقتام ئىدى.

**ئۈچىنچى ئىنىسى ئىگىبېك ئازاد بولغاندىن كېيىن،** ئارسارى باينىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە كەتمىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى «قۇللار» دېيىشتى. ئۇلارمۇ ئىككى بۆلەك بولۇشتى. بىرىنى «قۇللار» دېيىشەتتى، يەنە بىرىنى «چاغاتاي قۇللار» دېيىشەتتى. چاغاتاي دېيىشنىڭ مەنىسى مۇنداقكى: خوراسان تېمۇرلەرنىڭ قولىدا ئىكەن. ئۇلۇغ تۆپە خەلقى ئوبۇلخاندا ئامۇ سۈيىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرىدىكەن. ئامۇ سۈيىنىڭ قىبلە تەرىپىدىن بىر بوز ئاتلىق ئادەم كېلىپ پەرياد قىلىپ: «مېنى كەچۈرسىڭىز،» دەپتۇ. ئۇلۇغ تۆپەلەر سال ئەۋەتىپ ئۇنى كەلتۈرۈپ: «كىمسەن؟ نەدىن كېلىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ يىگىت: «مەن چاغاتاينىڭ ئارلات دېگەن ئۇرۇقىدىن ئىدىم. بىر كۈنى خوراساننىڭ دۇرۇن دېيىلىدىغان ۋىلايىتىدە بىرنەچچە يىگىتلەر بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇراتتۇق. ئىچىمىزدە بىر ياخشى ئىنسان بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا پىچاق تىقتىم.

ئۇ كىشى شۇ زامان ئۆلدى. كېچە ئىدى. ئۆلگەن كىشىنىڭ قېرىنداشلىرى خەۋەردار بولۇشتىن ئىلگىرى قېچىپ، سىزنىڭ خەلقىڭىز يېنىغا كېلىۋاتىمەن،» دېدى. كۆپ يىللار ئۇلۇغ تۆپە ئىچىدە يۈردى. ھېچكىشى ئۇنىڭغا قىز بەرمىدى. ئاخىر ئىگىبېك چورانىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا قىز بەردى. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇللارنى «چاغاتاي قۇللار» دەپ ئاتاشتى.

**تۆتىنچىسى قاشقا چورا.** ئۇ ئامۇ سۇيىنىڭ ياقىسىدا ئاجى دېڭىزىنىڭ يېقىن يېرىدە يۇرت تۇتۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى «قارا ئىسلىلەر» دېيىشتى. چوڭ ئاغىلىرىدەك دۆلەتلىك بولدى، ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم كېلىپ قوشۇلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئولتۇرغان يەر يامان ئىدى. ئېكىن ئاچىدىغان يېرى يوق ئىدى. ماللار ئوتلايدىغان ئوتمۇ ئاز ئىدى.

**تۆۋەجى ئېلى.** سايىن خان ئەۋلادىدىن مۇسۇلمان بولغان ئۆزبېك خان (تەڭرىنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن بولسۇن،) ئىدى. ئۇ ئېتىل سۇيىنىڭ ياقىسىدا ساراي شەھرىدە ۋاپات بولدى. ئوغلى جانىبېك خان ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. ئۈرگەنج ۋە بېشى قارغالى ئېلىك ھەم ئايىغى ئاسترابادقا قەدەر ئولتۇرغان تۈركمەنلەر جانىبېك خانغا تەئەللۇق ئىدى. خانغا: «ئوبۇلخان تېغى تۆگە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ياخشى يەردۇر،» دېيىشتى. شۇ سەۋەبتىن خان ئوتتۇز ئۆيلۈك تۆگىچىنى كۆچۈرۈپ ئوبۇلخان تېغىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەر ئۇرۇقتىكى كىشىلەر بار ئىدى. ھەركىشى پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە ھەر تائىپىدىن بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلارمۇ شۇنداق ئىدى.

جانىبېك خاننىڭ بىر كىشىسى ئوبۇلخان تۈركمەنلىرى ئېلىگە كېلىپ، ھەر يىلدا ئالىدىغان ماللىرىنى ئېلىپ، كۆپ تۆگىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوتتۇز ئۆيلۈك تۆگىچىگە تاپشۇرۇپ كەتتى. ئۇلار تا جانىبېك خان ئۆلگۈچە ئوبۇلخان تېغىدا ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنى «تۆگىچىلەر» دەپ ئاتاشتى. جانىبېك خان ھەق رەھمىتىگە باردى. ئوغلى بەردىبېك خان بولدى.

ئۇنىڭ زامانىدىمۇ تۆگىچىلەر خانلىق تۆگىسىنى بېقىپ ئولتۇرۇشتى. بەردىبېك خان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆزبېكنىڭ ئىچى بۇزۇلدى. ئۇنى ئوبۇلخان تۈركمەنلىرى ئاڭلاپ، جانىبېك خاننىڭ تۆگىلىرىنى ئېلىپ، تۆگىچىلىرىنى چاپقۇن قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆگىچىلەر ئاچلىق سەۋەبىدىن «بېلىق ئوۋلايمىز» دەپ، قاشقا چورانىڭ ئوغۇللىرى يېنىغا كېتىپ ئولتۇرۇشتى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن كۆپ خەلق بولدى. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنىڭ يۇقىرىسى ئاقتام، ئايىغى ئوغۇرچا ئىدى. قارا ئىسلىلەر تۆگىچىلەر ئىچىدە كۆپ ئەۋلادقىچە ئولتۇردى.

ئۇلاردىن خەلىل ئاتلىق بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ زاماندا قارا ئىسلىلەر پېقىر بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خەلىل باشلىق ھەممىسى ئارسارى ئېلىنىڭ ئوبېيى ۋە ياخشىلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بىز خىزمەتكارلىرىڭىز ئىدۇق. كۆپ ئاچ ۋە پېقىر بولۇپ قالدۇق. سىزلەردىن ئۆتۈنىدىغىنىمىز، چوڭ ئوبۇلخان ۋە كىچىك ئوبۇلخان تاغلىرىنىڭ قوشلىرىنى ۋە ئېكىن ئاچقىلى بولىدىغان چەشمىلىرىنى بىزگە بەرسىڭىز، سىز ھەر نېمە دېسىڭىز، ھەر يىلدا ئۇنى سىزگە بېرەيلى،» دېيىشتى. ئارسارى ياخشىلىرى بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرۇپ: «ئۇلۇغ ئاتىمىز ئارسارى باي سېتىپ ئالغان چوڭ ئوبۇلخان تېغىدا ئالتە ئاقار بۇلاق، ئون ئۇۋا لاچىن، سەككىز ئۇۋا ئىت ئالغۇ، كىچىك ئوبۇلخان تېغىدا تۆت ئۇۋا لاچىن، ئالتە ئۇۋا ئىت ئالغۇ باردۇر. بۇلاقلاردىن قانچىلىك ئاشلىق ھاسىل بولسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى بىزگە

بېرىڭلار . ئېغىل قىلىش ئۈچۈن ئىككى مىڭ تال قومۇش بېرىڭلار . ئون چوڭ لاچىن ، تۆت ئاق لاچىن ، ئون سەككىز ئىت ئالغۇ ، ئالتە سارىجانى ھەرىلدا كەلتۈرۈڭلار ،» دېيىشتى . قارا ئىسلى خەلىل بۇنى قوبۇل قىلدى ۋە ئاخىرىدا دېدىكى : «قۇشلارنى تۇتۇشىمىز ئۈچۈن ئارغامچىمىز ۋە ئوزۇقىمىز يوق» . ئونبېگى ۋە ياخشىلىرى ئەلدىن توپلاپ يىپ ئۆرگىزىپ ، يۈز غۇلاچ ئارغامچا ۋە ئالتە ئوغلاقلىق ئۈچكە ، ئىككى تولۇم ئىركىت ، بىر ئېشەك بېرىشتى . ئۇلار كۆپ يىللارغىچە بۇ سۆزلىگەن نەرسىلەرنى بېرىپ تۇردى . بۇ زاماندا ئۇلارنى «تاغ سارى» دېيىشەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن قاشقا چورانىڭ ئوغۇللىرىدۇر . قاشقا بىلەن ساقارنىڭ مەنىسى بىردۇر .

## ئوغۇز ئېلىگە بەگلىك قىلغان قىزلارنىڭ بايانى

تۈركمەنلەرنىڭ تارىخ بىلگۈچى ياخشىلىرى ۋە يازغۇچىلىرى يەتتە قىز پۈتۈن ئوغۇز ئېلىنى ئاغزىغا بېقىندۇرۇپ ، كۆپ يىللار بەگلىك قىلدى ، دەپ سۆزلىشىدۇ .

ئۇلارنىڭ بىرى ئالتۇن كۆزگى سۈندۈن باينىڭ قىزى ، سالۇر قازان ئالىپنىڭ خوتۇنى بويى ئۇزۇن بۇرلا ئىدى .

ئىككىنچىسى ، قارمىش باينىڭ قىزى ، مامىش بەگنىڭ خوتۇنى بارچىن سالۇر ئىدى . ئۇنىڭ قەبرىسى سىر سۈينىڭ ياقىسىدا بولۇپ ، خەلق ئىچىدە مەشھۇردۇر . ئۆزبېكلەر ئۇنى «بارچىنىڭ كۆك كاشانەسى» دېيىشىدۇ . ئۇ سەنئەتكارانە ئىشلەنگەن چىرايلىق گۈمبەزدۇر .

ئۈچىنچىسى ، قايى باينىڭ قىزى ، چاۋۇلدۇر بالا ئالىپنىڭ خوتۇنى شاباتى ئىدى .

تۆتىنچىسى ، قوندى باينىڭ قىزى ، بىيەكەن ئالىپنىڭ خوتۇنى كۈنىن كۆركلى ئىدى .

بەشىنچىسى ، يۇماق باينىڭ قىزى ، قالقىن قوناق ئالىپنىڭ خوتۇنى يەنە بىر كۈنىن كۆركلى ئىدى .

ئالتىنچىسى ، ئالىپ ئارسلاننىڭ قىزى ، قەستان قارا ئالىپنىڭ خوتۇنى كەرچە بولادى ئىدى .

يەتتىنچىسى ، قىنىق باينىڭ قىزى دۇدال باينىڭ ئوغلى قىماچىنىڭ خوتۇنى قۇغادلى ئىدى .

تارىخ 1071 دە خارەزىم مەملىكىتىدە يېزىپ تاماملاندى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «قەلەم دۇنيانىڭ ئىززىتى ۋە ئاخىرەتنىڭ شەرىپىدۇر .» دېگەندى .

# سوۋېت ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ بەزى مەسىلىلىرى

غوجەخمەت سەئدۇۋەققاسوف



مۇھەررىردىن: غوجەخمەت سەئدۇۋەققاسوف (1929. 6. 15 ــ 1991. 11. 15) قازاقىستان جۇمھۇرىيەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى، مەشھۇر پېداگوك، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى قارارلىق مۇدىرى ئىدى. ئالىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزىلغان «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق بىر يۈرۈش ئىككى كىتاب (1 ـ قىسىم فونېتىكا ۋە لېكسىكا، 2 ـ قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) 1983 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، 1988 ـ يىلى خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997ـ يىللىق 1ـ سانىدا، ئالىمنىڭ «مەشھۇر ‹دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك› نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك مۇھىم ماقالىسىنى ئېلان قىلغانىدۇق.

بۇ يىل غ. سەئدۇۋەققاسوف تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق، ئىلمىي ۋە پېداگوگىلىق پائالىيىتىنىڭ 45 يىللىق خاتىرىسى. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ژۇرنىلىمىزدا مەرھۇم ئالىمنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا، سىلاۋيان يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان ئىلمىي، بەدىئىي ئۇنىۋېرسال پەسىللىك ژۇرنال «پەرۋاز» نىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ بەزى مەسىلىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇق.

*

*

كېيىنكى يىللار مابەينىدە، ئېلىمىزدىكى ھەممە ئىتتىپاقداش ۋە ئاپتونومىيىلىك رېسپۇبلىكىلاردا، شۇ رېسپۇبلىكىلار دائىرىسىدە ياشىغان چوڭ ـ كىچىك خەلقلەرنىڭ تىللىرى ھەققىدە قانۇنلار قوبۇل قىلىندى. تىلغا نىسبەتەن بۇقەدەر چوڭ ئېتىبار ۋە دىققەت، ئۇنىڭ رولىنى ھەم ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشكە، قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە قارىتىلغان چارە-تەدبىرلەر ھەممىمىزنى خۇرسەن قىلىدۇ. بۇنى پۈتكۈل ئىتتىپاق مىقياسىدا ئەۋج ئالغان ئۆزگەرتىپ قۇرۇش جەريانىنىڭ يېمىشى دەپ قاراش لازىم.

ھەقىقەتەنمۇ، تىل خەلقنىڭ جېنى. ئۇ مىللىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ زور ئامىلى سۈپىتىدە خەلقنىڭ تارىخىي تەجرىبىسىنى، دۇنيا قارىشىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. ئەدەبىيات ۋە فولكلور ئەسەرلىرىنى يارىتىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل ــ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى.

ئەپسۇسكى، شەخسكە سېغىنىش ۋە تۇرغۇنلۇق يىللىرى ئېلىمىزدە لېنىنچە مىللىي سىياسەتنىڭ قوپال بۇزۇلىنىشى تۈپەيلى، تىلنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدىكى ۋە ھەرقانداق خەلقنىڭ تەقدىرىدىكى ئاجايىپ زور رولىغا ئېتىبارسىزلىق بىلەن قاراش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەندى. شۇڭلاشقا، مىللىي تىللارنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق خەلقلەر تىللىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى شۇ خەلقلەرنىڭ مەنپەئىتىگە لايىق

ھەل قىلىش تەبىئىي يوسۇندا كۈنتەرتىپكە جىددىي قويۇلماقتا . «ئۆششاق» تىللارنى ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى مۇشكۇل ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ خىلمۇخىل يوللىرى قاراشتۇرۇلماقتا .

تىللارنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى بۈيۈك خىزمىتىنى تىكلەش ۋە ئۇلارنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي ئەتتۈرۈش يۈزىسىدىن ، قازاقىستاندىمۇ كۆچلۈك تەۋرىنىش ۋە ھەرىكەتلەر باشلىنىپ كەتتى . 1990 - يىلىنىڭ 1 - ئىيۇلىدىن ئېتىبارەت قازاقىستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ «قازاقىستان س س ردىكى تىللار توغرۇلۇق قانۇنى» ئۆز كۈچىگە ئىگە بولدى . رېسپۇبلىكىلىق «قازاق تىلى» جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئوبلاستلىق ، شەھەرلىك ، رايونلۇق ، يېزىلىق شۆبىلىرى قۇبۇلۇپ ، ئۇلار جاي - جايلاردا ئۈنۈملۈك ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . «قازاقىستان س س ر دا 2000 - يىلىغىچە قازاق تىلىنى ۋە باشقا مىللىي تىللارنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ دۆلەت پروگراممىسى» تۈزۈلۈپ ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى يېرىم مىليارد سوم پۇل ئاجرىتىش پىلانلاشتۇرۇلماقتا .

پۇتكۇل ئىتتىپاق كۆلىمىدە ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان رېسپۇبلىكىلىرىدا تىللار توغرىسىدا قوبۇل قىلىنغان قانۇنلارنىڭ سوۋېت ئۇيغۇرلىرىغا بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىز . چۈنكى ، بۇ قانۇنلار بويىچە ئۇيغۇر تىلى مەزكۇر رېسپۇبلىكىلاردا ئاز سانلىق خەلقلەر تىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىدۇ .

ئەڭ ئاۋۋال شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، ئۇيغۇرلار قانۇنىي رەۋىشتە ئۆز تىلى بىلەن پەخىرلىنەلەيدۇ ، ماختىنالايدۇ . چۈنكى ، بۇ تىل داڭلىق تارىخقا ئىگە . قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئەدەبىي تىل بولۇپ شەكىللەنگەن ، بىرقانچە خىل يېزىق ئۆلگىلىرىنى ، شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كەڭ قوللانغان ھەمدە ئەتراپىدىكى باشقا كۆپلىگەن تۈركىي تىللارغا ئۆزىنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى تەگكۈزگەن تىل . ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۈگىمەس - پۈتمەس يازما مەنبەلەر خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى بايلىقىنى تەشكىل قىلىشتىن تاشقىرى ، قېرىنداش ۋە قوشنا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يورۇتۇشتىمۇ باي مەلۇماتلارنى بېرىدۇ . بۇ مەنىۋى خەزىنە دۇنياۋى تۈركولوگىيىدە ئۇيغۇر تىلىغا زور ھۆرمەت ۋە ئابرۇيئاتاق ئاتا قىلدى . ئۇيغۇر تىلى ھازىر پەقەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا ئەمەس ، بەلكى گېرمانىيە ، ئا ق ش ، فرانسىيە ، ئەنگلىيە ، شۋېتسىيە ، پولشا ، ۋېنگرىيە ، ياپونىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق تەرەققىي ئەتكەن ئەللەردىمۇ ئوقۇشلۇق ئۆگىنىلمەكتە ، تەتقىق قىلىنماقتا .

مەلۇمكى ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ئومۇم خەلق ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستاننىڭ ئايرىم ئوبلاست ۋە رايونلىرىدا ياشاۋاتقان 300 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ تىلىنى تەشكىل قىلىدۇ . يەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى يەتتىسۇ ۋە پەرغانە شېۋىلىرى بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . بۇ شېۋىلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەركىزىي دىئالېكتىنىڭ تەركىبىگە كىرىدۇ .

زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۆزىنىڭ ئاساسى بويىچە ، شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئورتاق ۋە بىردەك خىزمەت قىلىدۇ . ئۇلار ئەدەبىي تىلدا ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھېچبىر قىينالماستىن چۈشىنەلەيدۇ .

ئۇيغۇرلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ، شۇ جۈملىدىن تىل تەرەققىياتى بويىچە چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن

ئىدى . مۇشۇ دەۋرلەردە يېتىلگەن زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شەكىللىنىشكە باشلىدى . مىللىي مەكتەپلەر ، مەتبۇئات ئورگانلىرى ۋە باشقا مەدەنىي - مائارىپ تەشكىلاتلىرى ئېچىلدى . خىلمۇخىل دەرسلىك ، ئوقۇش قوراللىرى ھەم لۇغەتلەر تۈزۈلدى . ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئەدەبىياتلار سان ۋە ھەجىم جەھەتتىن تېز سۈرئەت بىلەن ئۆستى . ئۇيغۇر تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان شېۋىنى تاللىۋېلىش ، يېزىق (ھەرپ ) ، ئىملا ، ئاتالغۇ ۋە باشقا ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان جىددىي ئىشلار ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ، جەمئىيەتتىكى خىزمىتىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ دەرىجىدە كېڭەيتىپ ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئاشۇردى . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ يىللىرى ئاز سانلىق خەلقلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ تىلىغا غەمخورلۇق كۆرسەتتى . بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ، 1921 - ، 1925 - ، 1928 - ، 1930 - ، 1936- ۋە 1937 - يىللىرى ئالمۇتا ، تاشكەنت ، موسكۋا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر تىلىغا مەخسۇس بېغىشلىنىپ چاقىرىلغان كېڭەشمە ۋە كونفېرنسىيەلەرنى ئاتاپ ئۆتۈش ئورۇنلۇق .

لېكىن ، 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ئەھۋالى بىرىنلا ناچارلىشىپ ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالدى . 1937 - ، 1939 - يىللىرى يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى تۇتقۇنغا ئېلىندى . ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ، مەتبۇئات ئورگانلىرى ، تىياتىر ۋە مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ باشقا تۈرلىرىمۇ يېپىلىپ قالدى ،

ستالىن دەۋرىدە ، خۇسۇسەن پەرغانە ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئازاب چەكتى ، ئۇلار مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىدىن جۇدا بولۇپلا قالماستىن ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ھەم تەبىئىي ، ھەم مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيىگە ئۇچرىغىلى باشلىدى . ئۇلارغا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىن تاشلانغان جاسۇسلىرى دېگەن يالا چاپلاندى . ئەھۋال شۇ دەرىجىگە كېلىپ يەتتىكى ، ھەتتا ئىسىم - فامىلىسىنىڭ ئاخىرى «ئاخۇن» سۆزى بىلەن ئاياغلاشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇنغا ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى . («شەرق ھەقىقىتى» گېزىتى ، 1990 - يىل 2 - مارت سانى ) پەرغانە ۋادىسىدا يەرلىك ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە «ئاخۇنلار ، ئاخۇنەك» دەيدىغانلىقىنى ئەسكە ئالساق ، 1937 - يىللىرى «خەلق دۈشمىنى» سۈپىتىدە پاجىئەگە مۇپتىلا بولغان «ئاخۇنلارنىڭ» كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس .

ئاتامىۇ ئۆلۈپ كەتكەن ،
ئانامىۇ ئۆلۈپ كەتكەن ،
قېرىنداش بولغان بىلەن ،
كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن .

ئاتام بولسا ، ئانام بولسا ،
غېرىب بولارمىدى باشىم .
غېرىبلىق شەھىرىدە يىغلاپ ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم .

پەرغانە ئۇيغۇرلىرىدىن يېزىۋېلىنغان مۇشۇ بىر كۇبلېت قوشاق بۇلارنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى پاجىئەلىك تەقدىرىنى ياخشى تەسۋىرلەيدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا ناھەقتىن ناھەق چۈشكەن مۇنداق قىيىن - قىستاق بىر كۈنلەردە ئۆز ۋەتىنىدىن ئامالسىز ئايرىلىپ مۇساپىرچىلىقتا يەر چوغ ، ئاسمان قوغ بولۇۋاتقان پەيتتە ، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك ، دېگەندەك ، ئۇلارنىڭ مىللىتىنى ئۆزگەرتىپ يېزىشقا قارىتىلغان نامەردلىك ھەرىكەتلەرمۇ بولماي قويمىغانلىقى مەلۇم . نەتىجىدە ، ئومۇمىي سانى ئۆز

ۋاقىتىدا 300 مىڭدىن كەم بولمىغان ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرى بۈگۈنكى كۈندە بار ـ يوقى 30 ـ 35 مىڭنىڭ ئەتراپىدا، دەپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى جايلاشقان پەرغانە ۋادىسىدىكى تىل ۋەزىيىتىنى ئوبيېكتىپ ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى 100 ـ 150 يىللىق تارىخىنى، كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەم مەۋجۇت تىل سىياسىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش تەلەپكە مۇۋاپىقتۇر. ئومۇمەن ئالغاندا، مەتبۇئاتىمىز سەھىپىلىرىدە پەرغانە ۋادىسى ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت كەڭ دائىرىدىكى كىتابخانلىرىمىزنى قانائەتلەندۇرگۇدەك مەلۇماتلار كەمدىن ـ كەم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن توپلانغان يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا كۆپچىلىككە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى سۇنماقچىمىز.

ھازىر پەرغانە ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ئاھالىسى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاساسەن 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا شىنجاڭدىن كۆچۈپ چىققان. بۇ ئەھۋال بىرىنچىدىن، شۇ دەۋردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئېزگەنلىكى نەتىجىسىدە؛ ئىككىنچىدىن، يات ـ پاتلا بولۇپ تۇرغان ھەر خىل قوزغىلاڭلارنىڭ سەۋەبلىرى نەتىجىسىدە يۈز بەردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، پەرغانە ۋادىسىغا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنرەك قەشقەرگە يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەتكەن. كۆپچىلىكى بولسا ھەر خىل شەھەر ۋە قىشلاقلارغا تارقىلىپ، يەرلىك خەلق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. ئەمما، ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ بىر قىسمى تېرەك داۋان دېگەن داۋاندىن ئۆتۈش ۋاقتىدا قوقانغا يەتمەستىن تۇرۇپلا قىرغىنغا ئۇچرىغان. بولۇپمۇ، 1847 ـ يىلىدىكى «يەتتە خوجا قوزغىلىڭى» دەۋرىدە كۆچكەن خەلق ناھايىتى چوڭ ھالاكەتكە يولۇققان.

چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ ئېيتىشى بويىچە، مۇشۇ كۆچۈشتە 30 مىڭغا يېقىن كىشى ھالاك بولغان. ئەلۋەتتە، قىرىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەمبەغەل دېھقانلار ئىدى. چۈنكى، دۆلەتمەن كىشىلەر يا قەشقەرنىڭ ئۆزىدە قالغان، ياكى دەسلەپكى ئون كۈن ئىچىدە ئامان-ئېسەن پەرغانە ۋادىسىغا كېلىشكە ئۈلگۈرگەن.

چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ ئەسەرلىرىدىن پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى تەخمىنەن بىلىشكە بولىدۇ. 1860 ـ يىلىغا كەلگەندە قوقان خانلىقىدا 250 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرلار ياشىغان. كېيىن ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمى ياقۇپبەگ بىلەن بۈزرۈك خاننىڭ قەشقەرگە قاراپ ئاتلانغان يۈرۈشلىرىگە ۋە 1860 ـ، 1878 ـ يىللاردىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قاتناشقان. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى پەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان كېيىنكى قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە كۆچۈپ ئۆتكەن كۆچمەنلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپەيگەن. ھەر خىل قوزغىلاڭ ۋە ۋەيرانچىلىقلاردىن كېيىن قېچىپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلاردىن تاشقىرى، پەرغانە ۋادىسىدا ئۆز ۋەتىنىدىن بوش يەر ئىزدەپ چىققان ئۇيغۇر دېھقانلىرى مەلۇم پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا قەشقەرىيىدە «يەر ئاچارچىلىقى» سېزىلگەنىدى. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ قەشقەر، يەركەنت، خوتەن ۋە تۇرپان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى ئاز باشقا يەرلىرىگە يۆتكىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى. مۇشۇ دەۋردە شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدىن چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىغا، جۈملىدىن ئەنجان، مەنگان، ئوش، جالالئاباد، ئۆزگەنت شەھەرلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ ئاز بولمىدى. بوش يەر ئىزدەپ چىققان ئۇيغۇر دېھقانلىرى توپ ـ توپى بىلەن ئۈزلۈكسىز كېلىپ، ھازىرقى مەلۇم

ئۇيغۇر قىشلاقلىرىنى قۇرغان .
شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ هازىرقى چېگرىداش ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستان تېررىتورىيە- سىگە ئۆتۈشى تا سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە داۋام ئەتكەن . 1961 - ، 1962 - يىللاردىكى تەكشۈرۈش ۋاقتىدا قېرىلار بىلەن بولغان سۆھبەتلەر بۇنى تولۇق دەلىللەيدۇ . 20 - يىللاردا ۋە 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىن چىققان ئۇيغۇرلارنى ئەنجان ۋە ئوش ئوبلاستلىرىنىڭ كۆپ جايلىرىدىن پات - پاتلا يولۇقتۇرۇشقا بولىدۇ .

مويسىپىتلار بىلەن بولغان هەر خىل سەممىي سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە ، ئەنجان ئۇيغۇر- لىرىنىڭ شىنجاڭدىن كۆچۈپ چىقىش ، جايلىشىش تارىخىغا ئائىت توپلانغان ماتېرىيال هەم رەسمىي تارىخىي هۆججەتلەر ئاساسىدا ئېلان قىلىنغان يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار بىر - بىرىگە تەخمىنەن ماس كېلىدۇ . باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئاتا - بوۋىسىنىڭ هاياتىدا بۇنىڭدىن بىر ياكى بىر يېرىم ئەسىر مۇقەددەم يۈز بەرگەن ناهايىتى چوڭ بىر ۋەقەنى 70 ياكى 80 ياشتىكى بوۋاينىڭ بىرقەدەر ياخشى بىلىشى هەم ئۇنى ئېسىدە ساقلاپ قېلىشى كىشىنى گۇمانلاندۇرمايدۇ . بىر خەلقنىڭ تارىخىدىكى مۇنداق «ئۇنتۇلماس كۈنلەرنىڭ» ئاتىدىن بالىغا ، بالىدىن بالىغا رىۋايەت سۈپىتىدە ئېيتىلىپ تۇرىدىغانلىقى تەبىئىي نەرسە . بۇ خۇسۇستا تۆۋەندىكى ئىككى پاكىتنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ :

بىرىنچى ، ئىز باسقان رايونىنىڭ «ئۇيغۇر» يېزا سوۋېتى ( «موسكۋا» كولخوزى ) دىكى قېرىلار بىلەن بولغان بىر سۆھبەتتە شۇ نەرسە ئېنىقلاندىكى ، مەزكۇر يېزىدىكى ئۇيغۇرلار قەشقەر تەۋەسىدىن «بىر توپىلاڭ ۋاقتىدا مانجۇ هۆكۈمرانلارنىڭ دەستىگە چىدىماي» كۆچۈپ چىقىشقا باشلىغان . (1948 - يىلى س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇ- تى توپلىغان ماتېرىياللار بويىچە «ئۇيغۇر» يېزا سوۋېتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئەركى بىلەن يەر ئىزدەپ چىققان دېھقانلار ئىدى ، دېگەن مەلۇمات بېرىلىدۇ . لېكىن ، بىز توپلىغان ماتېرىياللار بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان هەر خىل قوزغىلاڭلار نەتىجە- سىدە قېچىپ ئۆتكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ . ) لېكىن ، ئۇلار بىر قېتىمدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا بەشلەپ - ئونلاپ كېلىپ توپلاشقان . مەسىلەن ، ئالىماخۇن قاسىموف دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ بوۋىسى (دادىسىنىڭ دادىسى ) 10 ياش ۋاقتىدا چىققاندى- مىش . بوۋاي بولسا بۇ يەرگە كېلىپ ، 22 - 23 ياشلىرىدا ئالىماخۇن ئاكىنىڭ دادىسىنى تاپقان . ئەمدى ئالىماخۇن ئاكىنىڭ دادىسى 1958 - يىلى 85 ياشقا كىرىپ قايتىش (ۋاپات) بولغان . دېمەك ، 1964- يىلى بوۋاينىڭ قەشقەردىن كۆچۈپ چىققىنىغا تەخمىنەن 103 - 104 يىل بولىدۇ .

«ئۇيغۇر» يېزا سوۋېتى ئۇششاق - ئۇششاق بىرنەچچە مەھەللە ۋە قىشلاقلاردىن تەركىب تاپىدۇ . ئۇلار ئاساسەن جاڭجال ، ئاتۇش ، توققۇزاق ، شورۇق ، پۇشمان ، پاياپ ، توكۇ ، چاڭگات ، قاۋۇل ، گوزە ۋە باشقىلار . بۇ مەھەللىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قەشقەر تەۋەسىدىمۇ خۇددى مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا ، بىر مەھەللىدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلار بۇ يەردىمۇ ئالاھىدە مەھەللە تەشكىل قىلىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى بۇرۇنقى نامى بىلەن ئاتىغانلىقى بايقىلىدۇ .

كۆچۈپ چىققانلار يېڭى جايلاشقاندا ، بۇ ئارىلار جاڭگاللىق ، قۇمۇشلۇق بولغان هەم هېچكىم ياشىمىغان . بۇ يەرلەرنى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئېچىپ ، ئۆزلىرى ئۆزلەش- تۈرگەن .

مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدا ئاتالغان مەھەللىلەرگە دەسلەپ قاچان كېلىپ جايلاشقاند-

لىقىنى بىلىش ئۈچۈن بولغان بىرنەچچە قېتىملىق سۈرۈشتۈرۈشلەر ئېنىق بىر نەتىجە
بەرمىدى . ۋاھالەنكى ، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن مۇشۇ 130 يىلدىن بېرى ئاستا ـ ئاستا توپلاشقانلد-
قى بايقىلىدۇ .

ئىككىنچى ، ئەنجان رايونىنىڭ «لېنىن» نامىدىكى كولخوزىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ
تارىخىغا ئائىت 1961 ـ يىلى 73 ياشقا كىرگەن غازىۋاي تاغا (غازىۋاي تاغا تا كېيىنكى
يىللارغىچە سوزۇلغان ئۇزاق ۋاقىتتا «لېنىن» كولخوزىدا رەئىس بولۇپ ئىشلىگەن ، ئۆز
تەڭتۇشلىرىغا نىسبەتەن ئالدىلىق كىشى ) تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى : شىنجاڭدا بولغان
بىر غازاتتىن كېيىن قەشقەرنىڭ يېنىدىكى سۇزاق دېگەن يەردىن 70 ئۆيلۈك ئۇيغۇر كۆش ،
ئەنجان تەرەپكە قاراپ كۆچىدۇ . لېكىن ، بىر داۋاندىن (ئەتمالىم ، تېرەك داۋان بولسا
كېرەك ـ ئاپتور ) ئۆتۈش ۋاقتىدا قار يېغىپ ، قاتتىق سوغۇق بولۇپ ، 63 ئائىلە ھالاكەتكە
ئۇچرايدۇ ، بارى ـ يوقى يەتتىلا ئائىلە ئاران دېگەندە ئامان ـ ئېسەن بۇ تەرەپكە ئۆتىدۇ .
مانا شۇ يەتتە ئۆيلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن يالغۇز غازىۋاي تاغىنىڭ بوۋىسى ئەزىم ئاكانىڭ
ئائىلىسى مۇشۇ يېزىغا كۆچۈپ كەلگەن . يېزا پەقەت ئۈچلا ئائىلىدىن تارالغان ئۇيغۇرلاردىن
ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلار روزى خوجا ھاجى ، باھاۋۇدىن قۇل ھەم ئەزىم ئاكا دېگەن كىشىلەر-
نىڭ ئائىلىلىرى ئىدى . مەسىلەن ، ھازىر ئەزىم ئاكىدىن تارالغان بالا ـ چاقا ھەم
نەۋرە ـ چەۋرىلەر 60 ـ 70 تىن كەم ئەمەس .

غازىۋاي تاغىنىڭ بوۋىسى — ئەزىم ئاكا دېگەن كىشى قەشقەر تەۋەسىدىن 18 يېشىدا
چىققانىمىش . ئەزىم ئاكا 22 يېشىدا مەتقاسىم دېگەن كىشىنى ، يەنى غازىۋاي تاغىنىڭ
دادىسىنى تاپقان . مەتقاسىم 76 ياشقا كىرىپ ، 1937 ـ يىلى ۋاپات بولغان . دېمەك ، ئەزىم
ئاكىنىڭ قەشقەردىن چىقىپ ، مەزكۇر يېزىغا جايلاشقىنىغا 1964 ـ يىلى 107 يىل بولىدۇ .

بىز زىيارەت قىلغان ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدىكى بىر ئومۇمىيلىق
شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتى خۇددى يەرلىك خەلققە ئوخشاشلا ،
پاختىچىلىقتۇر . ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىن ئۆزلىرى ئارىلىشىپ ھايات
كەچۈرۈۋاتقان ئۆزبېكلەردىن ئارتۇق ياكى كەملىكى بايقالمايدۇ . ئۆرپ ـ ئادەت ، يۈرۈش ـ
تۇرۇش ، كىيىم ـ كېچەك ، ئۆي تۇتۇش قاتارلىق ئېتنودېموگرافىيىلىك
خۇسۇسىيەتلەردە پەرقلەنگۈدەك بىرەر چوڭ ئۆزگىچىلىكى يوق .

بىز سۆھبەتلەشكەن ئايرىم كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىچە ، كېيىنكى يىللارغىچە بىرەر مۇنا-
سىۋەت بىلەن بولغان ئولتۇرۇشلاردا ئۇيغۇرلار راۋاب چېلىپ ، قەشقەرچە ناخشا ئېيتىشاتتى ،
ساپايە چېلىپ ، ئۇسسۇل ئويناشاتتى . لېكىن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى يىللاردا بارا-
بارا كېمىيىپ بارماقتا . ئەنجان رايونىنىڭ «لېنىن» كولخوزىدىكى غازىۋاي تاغا بىلەن بولغان
سۆھبەتتە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ ئايەملەردە ساقىت (يىت ) سېلىپ ، شىر چاي
(ئەتكەن چاي ) ئىچىش ئادىتى ساقلانغانلىقىنى بىلدۇق . بۇ ئادەت پەقەت مەزكۇر ئۇيغۇرلارغىلا
خاس بولۇپ ، ئۆزبېكلەردە بولماسىمىش . بۇ ئارىدا شۇ نەرسىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى ،
ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت ئۆزلىرىگىلا خاس دېگەن مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بىزگە سۆھبەتداشلىرى-
مىزنىڭ ئېغىزچە بەرگەن جاۋابىدىنلا مەلۇم بولدى .

ئەنجان ۋە ئوش ئوبلاستلىرىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا ئومۇمىي خاراكتېرىستىكا
تەبىر بەرگەندە ، ئەڭ ئاۋۋال شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىلى ھازىرقى زامان
ئەدەبىي تىلىدۇر ؛ جانلىق تىلى بولسا ، لېكسىكىلىق تەركىبى ۋە فونېتىكىلىق ئايرىم خۇسۇ-
سىيەتلىرى بويىچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى ئېلېمېنتلىرى ئارىلاشقان يەرلىك ئۆزبېك-

لەرنىڭ جانلىق تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئومۇمىي تۈردە ئېيتىلغان بۇ خۇلاسە ئۆز نۆۋىتىدە بەزىبىر ئەسكەرتىشلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزگە چۈشىدىغان بىر نەرسە شۇكى، يۇقىرىدا ئاتالغان ئوبيېكتلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىل خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش دەرىجىسى بىردەك ئەمەس. مەسىلەن، ئەنجان رايونى «لېنىن» كولخوزىدا تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مويسىپىت قېرىلارغىچە تازا ئۆزبېكچە سۆزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىدىن بىرەر ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتىنى ئۇچرىتىش قىيىن. شەخسكە سېغىنىش نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن بەزى ئەھۋاللارغا قاراپ، بۇ ئۇيغۇرلار 39 - ۋە 40 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۆز مىللىتىنىمۇ ئۆزبېك دەپ يازغۇزۇشقا مەجبۇر بولغان.

ئوش ئوبلاستىدىكى ئوش، قەشقەر قىشلاق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ھەققىدىمۇ خۇددى مۇشۇ پىكىرنى ئېيتىش ئورۇنلۇق. ئەنجاندا 1940 - يىلىغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر تېخنىكومىدا ئوقۇغان كىشىلەر بولسۇن ياكى كېيىنكى 20 - 30 يىل داۋامىدا قەشقەردىن چىققان ئايرىم كىشىلەر بولسۇن ھەممىسى ئۆزئارا ئۆزبېكچە سۆزلىشىدۇ.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەر قىشلاق ئاھالىسىنىڭ تىلى ئۈچ «قاتلامغا» بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئوش شەھىرىگە يېقىن قىسمىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار بارلىق جەھەتتىن ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن؛ ئوتتۇرىلىقتا ياشىغۇچىلار ئۆزبېكچە ۋە ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ؛ ئەمدى ئوش شەھىرىگە قارشى تەرەپكە جايلاشقان ئۇيغۇرلار بولسا «ساپ ئۇيغۇرچە» گەپلىشىدۇ. ئەنجان ئوبلاستى مەرھەمەت رايونىنىڭ ئاقتاجە يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان بىرنەچچە قېتىملىق سۆھبەتلەردىمۇ ئاقتاجە يېزىسىنىڭ يېرىمى ئۆزبېكچە، يېرىمى ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىدۇ، دېگەن پىكىر ئېيتىلغانىدى. لېكىن، يۇقىرىدا ئاتالغان قىشلاقلار ئاھالىسى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇلارنىڭ تىلىدا يۇقىرىدىكى پىكىرنى تەكىتلىگۈدەك بىرەر چوڭ پەرق بايقالمايدۇ. راست، ئايرىم ئۇيغۇر قىشلاقلىرىنىڭ بىر قىسمىدا، ئادەتتىكىچە ئاكتىپ قوللىنىلىدىغان مەلۇم سۆزلەر، ئىككىنچى قىسمىدا پاسسىپ رەۋىشتە قوللىنىلىشى ياكى تامامەن چۈشىنىكسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال مۇناسىۋەتلىك قىشلاق ئاھالىسىنىڭ ھەر ۋاقىتتا، ھەر جايدىن كېلىپ جايلاشقانلىقىغا باغلىق. ئەمما، بىر قىشلاق دائىرىسىدە قانداقتۇ «ئۆزبېكلەشكەن» ياكى تازا ئۇيغۇرچە خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغان تىل، دەپ خۇلاسە چىقارغۇدەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەھۋال يوق.

قەشقەر شېۋىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان. ئۆزبېك تىلى بىلەن چېتىلىش جەريانى تېخى ئاياغلىشىپ بولمىغان تىل — ئەنجان ئوبلاستى ئىز باسقان رايونىنىڭ «ئۇيغۇر» يېزا سوۋېتىدىكى ئۇيغۇرلار تىلىدۇر. بۇ يەردە قېرىلار ئۆزئارا ئاساسەن ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ تىلىدا ئۆزبېك ئېلېمېنتلىرى نۇرغۇن ئۇچرايدۇ (مەسىلەن: ھەم، مەن ھەم؛ سەن ھەم، شېكىل، كېلدى شېكىل، ئۇ ئۆيدە شېكىللى، جۇدە يەخشى، جۇدە كوپ؛ يەنە ئايرىم سۆزلەرنى ئۆزبېكچە تەلەپپۇز قىلىش ۋە باشقىلار). ئوتتۇرا ياشتىكى كىشىلەر ئۇيغۇرچە ۋە ئۆزبېكچە ئارىلاشتۇرۇپ گەپلىشىدۇ. بايقىشىمىزچە ھەرھالدا، ئۆزبېكچە تەرەپى بېسىمىراق. ئەمدى ياشلار بولسا ئاساسەن ئۆزبېكچە سۆزلەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ تىلىدىمۇ بەزىبىر قەشقەر شېۋىسىنىڭ ئېلېمېنتلىرى بايقىلىدۇ (مەسىلەن، «كىم، كىر» سۆزلىرىنى «چىم، چىر» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىش ۋە باشقىلار).

باشقا يەرلەرگە نىسبەتەن بۇ قىشلاقتىكى ئۇيغۇرلار تىلىنىڭ بىرقەدەر ساقلىنىپ قېلىش سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ زىچ ھەم قويۇق جايلاشقانلىقى بولسا، ئىككىنچىدىن، مەزكۇر قىشلاقتا 1940 - يىلىغا قەدەر يەتتە يىللىق ئۇيغۇر مەكتىپى ئىشلەپ تۇرغان،

ياشلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغانىدى. بۇ ئەھۋال، مەزكۇر ئۇيغۇرلار تىلىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن بەلگىلىك.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، مەزكۇر قىشلاقتىكى سۆھبەتداشلىرىمىز بىزنى «جىلىك ئۇيغۇرلار»، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل مۇتەخەسسىسلىرى دەپ بىلىپ، مۇمكىن قەدەر ئۇيغۇرچە تازا سۆزلەشكە تىرىشقانلىقى تەبىئىي نەرسە. ۋەھالەنكى، مۇشۇ شارائىتتىمۇ ئۇلار ئۆز تىللىرىدا كۆپلىگەن ئۆزبېك ئېلېمېنتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يەنە كېلىپ ئاساسەن ئۆزبېكچە سۆزلەۋاتقانلىقىنى بايقىمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە ياخشى ساقلاپ قالدى دېگەن قېرىلار. ئۇلارمۇ ئۆزبېكلەر بىلەن شۇنچە تازا سۆزلىشىدۇكى، ئۇلارنىڭ تىلىدا ئۇچرايدىغان بىلىنەر - بىلىنمەس ئايرىم لېكسىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر پەقەت تىل مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىنلا تونۇلۇشى مۇمكىن.

پەرغانە ۋادىسى ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ خۇددى مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ، ئۆزبېك تىلى بىلەن ئارىلىشىپ ۋە چېتىلىپ كېتىشى تولۇق قانۇنىي ھادىسە، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان كونكرېت سەۋەبلىرى بار.

1. مەشھۇر رۇس ئالىمى ئا. م. سېلىشېف ئۆزىنىڭ «قازان رايونىنىڭ رۇسچە شېۋىلىرى ۋە چۇۋاش ۋە چېرېمىستىكى رۇس تىلى» (موسكۋا، 1927 - يىلى نەشرى) ناملىق ئەسىرىدە تىللارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىش ۋە چېتىلىش مەسىلىسىگە دائىر ئۆز تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن ناھايىتى باھالىق خۇلاسىگە كەلگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كۈچلۈك مەدەنىيەت تەسىرى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېقىنمىچىلىق، باشقا مىللەتلەر ئارىسىغا كۆچۈش — مانا بۇ ئاساسلىق شارائىتتۇر. بۇ خىل شارائىتنىڭ تەسىرىدە بىر خىل تىل يەنە بىر خىل تىلغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، بېقىندى شارائىتتا تۇرىدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ بىر قىسمىدا قوش تىللىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئانا تىلنى قوللانغۇچىلار باشقا بىر تىلغا كۆچكەندە، كېيىنكى تىلنى پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ ... ياخشى شارائىتتا قوش تىل باسقۇچىدىن بىر تىل باسقۇچىغا ئۆتۈشى مۇمكىن؛ ئىلگىرىكى ئانا تىل ئەۋلادلار داۋامىدا ئىشلىتىلىشتىن قالىدۇ؛ سۆزلەشكەندە ئىلگىرىكى ۋاقىتتا باشقا تىل گۇرۇپپىسى ئەزالىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن تىل ئىشلىتىلىدۇ.»

پەرغانە ۋادىسىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى تەخمىنەن مۇشۇ تەرەققىيات جەريانىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، دەپ ئىشەنچلىك ئېيتىش مۇمكىن. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئارىغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ھەم يەرلىك ھاكىملار تەرىپىدىن تالان - تاراجغا مۇپتىلا بولغان كەمبەغەل دېھقانلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىلگىرى - كېيىن تونۇش ئەمەس «تاشا يۇتقا» كەلگەندە، ھەم سىياسەت، ھەم ئىقتىساد جەھەتتىن يەرلىك ئۆزبېك ئاھالىسىگە بېقىندىلىق شارائىتتا ياشىغانلىقى تەبىئىي نەرسە، ئەلۋەتتە، مۇنداق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بېقىندىلىق كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قېلىپتا تەرەققىي ئېتىشىگە مۇمكىنچىلىك بەرمىگەنىدى. مانا بۇ ئەھۋال زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆچمەن ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئانا تىلىنىڭ فۇنكسىيىسىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئەمەلىيەتتە يەرلىك ئۆزبېكلەر تىلىدىن كۆپرەك پايدىلىنىشقا ئېلىپ كەلدى.

2. باشقا ھەممە تۈركىي تىللارغا نىسبەتەن، ئۆزبېك ھەم ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىنلىقى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تىلىنىڭ ئۆزبېكچىلىشىپ كېتىش جەريانىنى تېخىمۇ چاپسانلاتقان.

تۈركىي تىللارنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ ھەممە ساھە بويىچە ئوخشاشلىق ياكى يېقىنلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلغان ۋە بۇ يېقىنلىقنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى كۆرسەتكەن كۆپ سانلىق ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ن . ئا . باسكاكوفنىڭ تۆۋەندىكى پىكرىنى كەلتۈرۈش كۇپايە قىلىدۇ : «تۈركىي تىللارنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىغا ئىككى تارماق - گۇرۇپپىدىكى تىللار كىرىدۇ : 1 ) قارلۇق - ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى . بۇ ئىككى قەدىمكى تىلنى — قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ (10 - 11 ئەسىرلەر ) تىلى ۋە «پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسە» ( «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ) رابغۇزى (14 - ئەسىرلەر ) تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . 2 ) قارلۇق - خارەزم تارماق گۇرۇپپىسى . بۇ قەدىمكى تىللاردىن قارلۇق - خارەزم تىلى ، ئەخمەت يەسسەۋى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى . ئالتۇن ئوردا (شەرقى ) چاغاتاي ، كونا ئۆزبېك تىللىرىنى ، ھازىرقى زامان تىللىرىدىن ئۆزبېك ۋە يېڭى ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ تىللار گۇرۇپپىسىنى تەدرىجىي ھالدا ياغما ، تۈركەش ۋە قارلۇق قەبىلە تۈركۈملىرى (بۇلار تۈرك ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان ) ئىچىدە شەكىللەنگەن . ياغما ، تۈركەش ، قارلۇقلار كېيىنرەك قاراخانىيلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلدى ، ئاندىن خارەزم دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان ئوغۇز - قىپچاق ۋە سالچوقىلارنىڭ تەركىبىگە قىسمەن ھالدا قوشۇلدى . ئاخىر چاغاتاي ۋە كېيىن ئەمىر تۆمۈر ، ئۆزبېك دۆلەتلىرىنىڭ تەركىبىگە كىردى . بۇلارنىڭ تىللىرىغا ھازىر شۇ قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە دۆلەتلەرگە كىرگەن خەلقلەرنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسلىرى بولغان تىللار كىرىدۇ . يەنى : 1 ) يېڭى ئۇيغۇر تىلى — شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنىڭ تىلى ، 2 ) ئۆزبېك تىلى — ئۆزبېكىستان تەركىبىدىكى كۆپچىلىك رايونلاردىكى ئاھالىنىڭ تىلى .» (ن . ئا . باسكاكوف : «تۈركىي تىللار» ، رۇسچە نەشرى ،» 170- 171 - بەتلەر ، 1960 - يىل موسكۋا ؛ 1986 - يىلى ، بېيجىڭ . ئۇيغۇرچە نەشرى ، 313 - بەت ) .

ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابتىن ئاۋۋالقى يېزىق ئەنئەنىسى بىر - بىرىگە شۇنچە يېقىن بولغانكى ، بىرەر يادىكارلىق ياكى ھۆججەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياكى ئۆزبېكلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ كۆرسىتىش چوڭ قىيىنچىلىقلارغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن . ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزبېكلەر بىلەن بىللە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ كەڭ تۈردە تارالغانلىقى ، شۇنداقلا 11 - ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەمەنگان شەھىرىدىن تېپىلىشى ئەنە شۇ يېقىنلىقنىڭ ۋە قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ دەلىلىدۇر . ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرى مۇستەقىل تىللار سۈپىتىدە شەكىللىنىپ تەرەققىي ئەتكەندىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز داۋام ئېتىپ باردى . بۇ ئىككى تىلنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر قىلىش جەريانى ئۆزبېك ھەم ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ ھەممە دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە بىردەك دەرىجىدە بولدى ، دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ئۆز ۋاقتىدا ، قەشقەر شەرقتىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى ھەم سودا سېتىق ئىشلىرى بويىچە باشقا ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا قولايلىق يەرگە جايلاشقانىدى . مۇشۇ سەۋەبكە باغلىق جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ، بولۇپمۇ قەشقەر شېۋىسى ، چېگرىداش پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېكلەر تىلى بىلەن تولاراق ئارىلاشقانلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر . دېمەك ، ئومۇمەن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا ئۇيغۇر دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىگە نىسبەتەن قەشقەر شېۋىسىنىڭ ئۆزبېك تىلى بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى ھازىرقى پەرغانە ۋادىسى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزبېكلىشىش جەريانى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت ھاسىل قىلغانىدى .

3 . بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ، تارىخىي شارائىتلارغا باغلىق سۆز بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزبېك خەلقىنىڭ دائىرىسىدە ھايات كەچۈرۈپ ، بىر ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتىنى ھەممە جەھەتتىن ئۈزدى ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . ئەگەر ، تىل مەلۇم بىر جەمئىيەت ھاياتىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى ، تۇرمۇشتا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان تۈرلۈك ئۇقۇم ، نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنى توغرىدىن توغرا ئەكس ئېتىشكە قابىل مۇھىم ۋاستە دەپ تونۇلىدىغان بولسا ، شىنجاڭغا نىسبەتەن نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان پەرغانە ۋادىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىمۇ يەرلىك ئۇيغۇرلار تىلىدا ئۆز ئىزىنى قالدۇرماي قويمىدى . بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر ئۇيغۇرلار تىلىدا ئومۇم خەلق ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن باشقا بىر يۆنىلىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن بارا - بارا تامامەن يىراقلىشىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ھاسىل قىلغان . زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەرغانە ۋادىسى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا پەيدا بولغان مۇنداق يۆنىلىش ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ھازىرقى ئۆزبېك تىلىنىڭ يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن بۆلۈۋېلىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس . بارا - بارا ئۇيغۇر تىلىدىن يىراقلىشىپ ، ئۆزبېك تىلىغا يېقىنلىشىش جەريانى ھەممە ساھەدە ، بولۇپمۇ لېكسىكا ساھەسىدە ، شۇنداقلا فونېتىكا ۋە مورفولوگىيە ساھەلىرىدىمۇ ئوچۇق بايقىلىدۇ .

4 . تارقاقلىق ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ ، ئانا تىلىدا ئوقۇش - ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلمەسلىكى ، شۇنداقلا مىللىي گېزىت ، ژۇرنال ۋە باشقا مەتبۇئات ئورگانلىرىنىڭ يوقلۇقى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەرغانە ۋادىسى ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ فۇنكسىيىسىنى چەكلەپ ، ئۇنىڭ كۆپچىلىككە خىزمەت قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ، دائىرىسىنى تارايتىشقا ئېلىپ بارغان . 1940 - ، 1941 - يىللارغا قەدەر ئۇيغۇرلار قويۇقراق جايلاشقان ئايرىم قىشلاقلاردا ، ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ھەم باشلانغۇچ مەكتەپلەر بولۇپ ، ياشلار ئۆز ئانا تىلىدا بىلىم ئالاتتى . ئەنجان شەھىرىنىڭ ئۆزىدە پېداگوگىكىلىق تېخنىكوم ، ئوبلاستلىق ئۇيغۇر دراما - تىياتىرى بولغانىدى . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئاز ۋاقىت ئىچىدە يېپىلىپ قالدى . ھازىر بولسا ئۇيغۇر ياشلىرى ئاساسەن مەكتەپ ۋە ئالىي ئوقۇش جايلىرىدا ئۆزبېك تىلىدا بىلىم ئالماقتا . نەتىجىدە ، پەرغانە ۋادىسىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ چوڭ بىر قىسمى ھازىر تىل ، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ ، يەرلىك ئۆزبېك خەلقىنىڭ مۇھىتىغا سىڭىپ كەتكەنلىكى چوقۇم ، شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى ، ئەمدى ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا ، خۇددى يەنە مۇشۇنداق «ئۆزبېكلىشىش» جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە . پەرغانە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ۋە تارىخى بويىچە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ئالىملارمۇ قىسمەن يۇقىرىدىكى پىكىرنى تەكىتلەيدۇ . بۇ ھەقتە ئى . ۋ . زاخاروۋا ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «پەرغانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تارقاق جايلىشىش ئالاھىدىلىكى ، ئۇزاق ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى ، تىل ، مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتە ئورتاقچىلىققا ئىگە بولغان ئاھالىلەر (ئۆزبېك ئاھالىسى ) زىچ ئولتۇراقلاشقان مۇھىتتا ياشىشى نەتىجىسىدە ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى سان جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئۆزبېك مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ، يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆزبېكلەرگە قوشۇلۇپ كېتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە .»

ئۆزبېكىستان شارائىتىدا ھازىرغىچە ھۆكۈم سۈرگەن تىل ۋەزىيىتى شۇنى روشەن

كۆرسىتىدۇكى، ئۆزىنىڭ ئومۇم خەلقلىق نېگىزىدىن ئاجراپ ۋە چەتنەپ، ئۆزبېك تىلىغا يېقىنلىشىش ۋە بارا ـ بارا ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسى ۋە يېتەكچى يۆزلىنىشىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈنلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇ يەردە ئاسسىمىلياتسىيىلىنىش جەريانىنى چاپسانلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللار ئاز ئەمەس.

قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئېيتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە: ئۇيغۇر مەكتەپلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىدا مۇئەللىملەرنى تەييارلايدىغان ئۇيغۇر بۆلۈمى ئېچىلدى، ھەرخىل ئەدەبىياتلار نەشر قىلىنىدۇ، گېزىتلار چىقىدۇ، ئۇيغۇرچە رادىئو ئاڭلىتىش ۋە تېلېۋىزور كۆرسىتىش تەشكىللەشتۈرۈلدى. كەسپىي ئۇيغۇر تىياترى، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ۋە باشقىلار بار. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەركىن تەرەققىي ئېتىش يولىدا توسالغۇ بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر بۇ يەردىمۇ كۆپ.

مەسىلىنىڭ توپ يىلتىزى شۇنىڭدىكى، بىزدە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن مىللىي سىياسەت، شۇ جۈملىدىن تىل سىياسىتى ئەمەلىيەتتە ئېلىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق خەلقلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنى يوق. ئەكسىچە، ئۇ ھەقىقىي ماركسچە ـ لېنىنچە تەلىماتتىن چەتنىگەن ھالدا خەلقلەرنى، ئۇلارنىڭ تىللىرى بىلەن مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈۋېتىش، قوشۇۋېتىش سىياسىتى ئىدى. چارروسسىيىدىمۇ، سوۋېت دەۋرىنىڭ شەخسىيگە چوقۇنۇش تۇرغۇنلۇق يىللىرىمۇ باشچىلىق ئورنىدا تۇرغان بۇ ئاسسىمىلياتورلۇق سىياسەت، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى ئېچىنارلىق بىر ئەھۋالغا مۇپتىلا قىلدى.

ئەگەر، ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئېيتساق، ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى، خىزمىتى ھەتتا ئۇيغۇرلار زىچ تۇرىدىغان رايون ۋە يېزىلاردىمۇ ئېيتارلىق ھالدا تارىيىپ، مەكتەپلەرنىڭ سانى يىلدىن ـ يىلغا قىسقىراپ كەتتى، ئىش قەغەزلىرى، يىغىنلار ئاساسەن رۇس، قازاق تىللىرىدا يۈرگۈزۈلىدىغان بولدى، ئانا تىلىنىڭ ئۇلىنى سالىدىغان باللار باغچىلىرى يوقنىڭ ئورنىدا، ئومۇمەن بالىلىرىمىزغا ئۆز ئانا تىلىنى تېگىشلىك دەرىجىدە بىلىپ چىقىشى ئۈچۈن بىرەر شارائىت بېرەلمىدۇق. ئۇلارغا بېغىشلانغان گېزىت، ژۇرنال، تېگىشلىك كىتاب ۋە ئوقۇش قوراللىرى يوق، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا مەخسۇس تەييارلىقتىن ئۆتكەن تەربىيىچىلىرىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولغان ئەمەس.

ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى تۈگەتكەن ياشلارغا ئالىي ئوقۇش جايلىرىغا چۈشۈش شارائىتىنىڭ يارىتىلمىغانلىقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېتىبارىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋەتتى. بۇنىڭ ئورنىغا رۇس تىلىنىڭ زوراۋانلىقى قەدەممۇقەدەم كۈچىيىپ باردى. نەتىجىدە ئاتا-ئانىلاردىمۇ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ «رۇسچە بىلمىسەڭ، نېنىڭنى تېپىپ يېيەلمەيسەن» دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولدى. ياشلىرىمىز ئۇيغۇرچىدىن كۆرە، رۇسچە گەپ قىلىشنى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى، دەپ بىلىدىغان بولدى. شەھەر شارائىتىدا، شەھەر تېپىدىكى چوڭ يېزىلاردا بالىلىرىمىز، نەۋرىلىرىمىز بىلەن رۇسچە سۆزلىشىدىغان بولدۇق. بۇ ئەھۋال، «يۇقىرىدىن» سوتسىيالىزم دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا مىللىي تىللارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىلغارلىق، لېنىنچە مىللىي سىياسەتنىڭ تەنتەنىسى، دەپ چۈشەندۈرۈلدى.

ئەلۋەتتە، رۇس تىلىنى قانچىمۇ ھۆرمەتلىسە، ئەرزىيدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئېلىمىزدە مىللەتلەر ئارا ئالاقە ـ قاتناش ۋاستىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، رۇس تىلى مىللىي تىللارنىڭ

ئەركىن ۋە راۋان راۋاجلىنىشىغا ئۆزىنىڭ دەخلىنى تەگكۈزمەسلىكى كېرەك. ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ؟ ئەپسۇسكى، زامانىۋى مىللىي تىللاردا ئىلمىي تېخنىكىلىق تىرمىنلارنىڭ (ئاتالغۇلارنىڭ) 70 – 80 پىرسەنتىنى رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل سۆزلەر مىللىي تىللارغا خاس قانۇن قائىدىلەرگە بېقىنمىغان ھالدا، بەلكى ئۇلارنى ئىنكار قىلغان ھالدا «ئۆزلەشتۈرۈلگەن»، رۇس تىلى بىلەن مىللىي تىللارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى مۇشۇ تەرىقىدە داۋام ئەتسە، يەنە يېرىم ئەسىردىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز تەس.

سۆز ئارا شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان يېرىدىكى كۆپلىگەن خەلقلەر، شۇ قاتاردا سوۋېت ئۇيغۇرلىرى، ئەسىرلەر داۋامىدا ئوڭۇشلۇق قوللىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەرەب يېزىقىنى سوۋېت دەۋرىدە ئاۋۋال لاتىن ھەرپىگە، ئاندىن رۇس ھەرپىگە ئىختىيارسىز ئۆزگەرتتى. بۇ ئەھۋال مەزكۇر خەلقلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئاساسىدىن قول ئۈزۈپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا چوڭ زىيان يەتكۈزۈلدى.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ توپلىشىپ، جۇغجەم بولۇپ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن دۆلەت تەرىپىدىن بىرەر غەمخورلۇق بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك شارائىتى ھازىرمۇ تەلەپكە لايىق ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئىلگىرىدىن كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، پانفىلوف رايونلىرىدا باشقا خەلقلەرنىڭ كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ نىسبىتى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىپ بارىدۇ. تالدىقورغان ئوبلاستىنىڭ تەشكىل بولۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشاۋاتقان بىر رايون ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇلار ئىككى ئوبلاستقا قاراشلىق بولۇپ قالدى. رېسپۇبلىكا رەھبەرلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن، 1955 – 1962 – يىللىرى شىنجاڭدىن چىققان كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاھالىسى مەلۇم بىر جايغا ئورۇنلىشالماي، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان يېرىگە تارقىلىپ كەتتى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارقاق جايلىشىشى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى، تىلىنى، ئۆرپ – ئادەتلىرىنى تەلەپكە لايىق تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە يار بەرمەي كەلدى.

س س س ر دىكى كۆپچىلىك مىللىي تىللارغا مۇنداق ئېتىبارسىزلىق بىلەن قاراش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتلىك خىزمىتى، قوللىنىلىش دائىرىسى شۇ قەدەر تارىيىپ كەتكەنكى، ھازىر بۇ تىللارنى دۆلەت تەرىپىدىن ھىمايە قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. قازاقىستان س س ر دا بولسا، تىللارغا ئائىت قوبۇل قىلىنغان قانۇنلار ۋە باشقا چارە – تەدبىرلەر مۇشۇ زۆرۈرىيەتكە ئاساسەن مەيدانغا كېلىپ، ئۇ قازاق تىلىنى ۋە رېسپۇبلىكىدىكى باشقا ئاز سانلىق خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي ئەتتۈرۈشكە قارىتىلغان.

«قازاقىستان س س ر دا 2000 – يىلغىچە قازاق تىلىنى ۋە باشقا مىللىي تىللارنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ دۆلەت پروگراممىسى» دا: رېسپۇبلىكىدا يىغىنچاق ياشاۋاتقان مىللىي گۇرۇپپىلارنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈنگەن. مەسىلەن: مەزكۇر پروگراممىدا 1990 – يىلىدىن باشلاپ، ئالمۇتا ۋە تالدىقورغان ئوبلاستلىرىنىڭ ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەخسۇس ئوقۇش ئورۇنلىرىغا چۈشۈش ئېمتىھانلىرى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى تۈگەتكەن ياشلاردىن ئۆز ئانا تىلىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان ئەدەبىياتنىڭ يىللىق كۆلىمى يەتتە – سەككىزيۈز باسما تاۋاق مۆلچەرىدە بولىدۇ. مىللىي تىللارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ۋە ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىكى مۇھىم رولىنى ھېسابقا ئېلىپ، 1990 –، 1991 – يىللاردا ئۇيغۇر، نېمىس، چاۋشيەن تىللىرىدا رېسپۇبلى-

كىلىق رادىئو ئاڭلىتىش ۋە تېلېۋىزىيە كۆرسىتىشنىڭ ۋاقتى كۆپەيتىلىدىغان بولىدۇ. مۇشۇ مىللەتلەر ئاھالىسى يىغىنچاق ياشاۋاتقان رايونلاردا ئۇيغۇر، نېمىس، چاۋشيەن ۋە باشقا تىللاردا يەرلىك رادىئو ئاڭلىتىش ۋە تېلېۋىزىيە كۆرسىتىشلەر كۆپەيتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ئىجادىي ۋە ماددىي بازىسى مۇستەھكەملىنىدۇ. «قازاقىستان مەكتىپى»، ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپ»، ژۇرناللىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ماتېرىياللارنى بېسىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ». 1992 - يىلى «ئىلىم» نەشرىياتىدا ئۇيغۇر رېداكسىيىسىنى ئېچىش پىلانلاشتۇرۇلماقتا. ئەلۋەتتە رېسپۇبلىكا دائىرىسىدىكى مىللىي تىللارغا دۆلەت تەرەپىدىن بېرىلىۋاتقان ئېتىبار، تۇغدۇرۇلۇۋاتقان ئىمتىياز ۋە مۇمكىنچىلىكلەر، بۇ تىللارنىڭ يېڭىۋاشتىن قەد كۆتۈرۈپ، ئەركىن راۋاجلىنىشىنى تەمىن قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

«قازاقىستان س س ر دىكى تىللار توغرۇلۇق قانۇن»، شۇنداقلا «قازاقىستان س س ر دا 2000 - يىلغىچە قازاق تىلىنى ۋە باشقا مىللىي تىللارنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ دۆلەت پروگراممىسى» قاتارلىق مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ۋە مەزمۇنىغا تايىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنى تەرەققىي ئەتتۈرۈش بويىچە ئالدىمىزدا تۇرغان بەزى ۋەزىپىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئەڭ مۇھىمى، بۇگۈنكى كۈندە كۆپ ئىش ئۆز قولىمىزدا؛ يارىتىلغان مۇمكىنچىلىكلەرنى توغرا ۋە تولۇق پايدىلىنىشنى بىلىشىمىزدە، قەتئىي ئەستە بولسۇنكى، تىلىمىزنى، ئومۇمىي مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى، بىرى بىرياقتىن كېلىپ تەرەققىي ئەتتۈرۈپ بەرمەيدۇ. بۇ ئىشقا، پۈتكۈل جامائەت، چوڭ - كىچىك ھەممىمىز ئۆزىمىز كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. مەۋجۇت روھى چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، پەرۋاسىزلىق، سىياسىي پاسسىپلىق ۋە «قورسىقىم توق، كىيىم پۈتۈن بولسا بولدى» دېگەندەك قاراش ۋە كەيپىياتلار ھېچقاچان بىزنى ئالغا باستۇرمايدۇ. ئانا تىلىمىزنى شەرقتە شۆھرىتى بار تىل سۈپىتىدە، مەشھۇر مەھمۇت قەشقىرىنىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ۋە باشقا كلاسسىك يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ تىلى سۈپىتىدە قەدىرلىشىمىز، ھۆرمەتلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن، يۈكسەك مەدەنىيىتى ئۈچۈن مەقسەتلىك تۈردە كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز ئۆز تىلىمىز ئالدىدىكى ئۆز جاۋابكارلىقىمىزنى ياخشى سېزىشىمىز لازىم. ئۆزگە تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى كەلسۇن - كەلمىسۇن ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەش، تىلغا ئېتىبارسىزلىق بولىدۇ. ئۇنداق قىلىدىغانلارنى مەدەنىيىتى يۇقىرى، ساۋاتى ئۈستۈن، دەپ ئېيتالمايمىز.

پروگراممىدا، ئوبلاستلىق ئىجرائىي كومىتېتلارغا 1991 - يىل 1 - يانۋارغىچە، يىغىنچاق ياشاۋاتقان مىللىي گۇرۇپپىلار تىللىرىغا يەرلىك رەسمىي تىل ئورنىنى بېرىش توغرىسىدىكى مەسىلىنى قاراپ چىقىش تاپشۇرۇلغانىدى. ئوبلاست دائىرىسىدىكى بۇ مەسىلىنىڭ قانداق ھەل بولۇشى، پەقەت مىللىي رايون ۋە يېزىلاردىن چۈشكەن تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەرگە باغلىق. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان رايون ۋە يېزىلارنىڭ پۈتكۈل رەھبەرلىرىدىن زىيالىيلىرىمىزدىن ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، ئۇيغۇر تىلىغا يەرلىك رەسمىي تىل ئورنىنى بېرىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تەشكىلىي ئىشلاردا، ئەڭ ئاۋۋال رايونلۇق ۋە يېزىلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى تەشەببۇسكارلىق ۋە ئۇيۇشقاقلىق كۆرسىتىپ، ئالدىنقى سەپتە بولۇشلىرى كۈتۈلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىغا يەرلىك رەسمىي تىل ئورنىنى بېرىش دېگەن سۆز: باشقا تىللارنى (مەسىلەن: رۇس، قازاق تىللىرىنى) ئىنكار قىلغان ھالدا، شۇ جايلاردا مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى، ئىش قەغەزلىرى، ھەر خىل يىغىنلار، رادىئو ئاڭلىتىشى ۋە تېلېۋىزىيە كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى، قىسقىسى ئاھالىنىڭ پۈتكۈل ھايات - ماماتى، ئۇيغۇر تىلىدا يۈرگۈزۈلىدۇ، دېگەن سۆز. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەركىن ۋە راۋان تەرەققىي ئېتىشى ئۈچۈن، يەرلىك

ھۆكۈمەت ھەممە ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىتلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، دېگەن سۆز. بۇ مۇھىم ئىشتا، جاي - جايلاردىكى رەھبىرىي خادىملار، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ خادىملىرى دادىل ۋە جۈرئەتلىك بولۇشلىرى كېرەك. كىم قانداق قارايدىكىن، كىم نېمە دەيدىكىن دەپ، ئالدى - كەينىگە قاراپ، ئالاقزادە بولۇشنىڭ ئورنى يوق.

تىلىمىزنىڭ راۋان تەرەققىي ئېتىشى، بىرىنچىدىن نۆۋەتتە ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ھەم جەمئىيەتتىكى ئىش دائىرىسىدە ئەركىن قوللىنىلىشىغا، ئىككىنچىدىن باللىرىمىزنىڭ مەكتەپتە ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇشىغا باغلىق، بالا مەكتەپكە تىل بويىچىمۇ چوڭ تەييارلىق بىلەن كىرىشى ھاجەت. شۇڭلاشقا، ئانا تىلىنىڭ تەربىيىسى يەسلىدىن، باللار باغچىسىدىن باشلىنىدۇ. ھەقىقەتەن، ئانا تىل نارەسىدىنىڭ قەلبىگە ئانىنىڭ ئاق سۈتى ئارقىلىق ئانىنىڭ ئارامبەخش ئەللىيى ئارقىلىق نۇر بولۇپ قۇيۇلىدۇ. ئۇيغۇرچە يەسلى، باللار باغچىلىرىنى، يېڭى مەكتەپ ياكى سىنىپلارنى ئېچىش، بالا تەربىيىلەش ئىشىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلغار ئۆرپ ئادەتلىرىنى، ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلىپ سىڭدۈرۈپ، تېگىشلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەييارلاش، باللار كىتابلىرى بىلەن ئوقۇش قوراللىرىنى يارىتىش، ئالدىمىزدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ ئىشتا ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ھەم مائارىپ بۆلۈملىرى، پۈتكۈل مائارىپ ئەھلى ئىجادىيەت ساھەسىدىكى زىيالىيلىرىمىز ۋە مەتبۇئاتىمىز سەپەرۋەر قىلىنىشى لازىم.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كۆپ مىليونلۇق ئاھالىنىڭ تىلى سۈپىتىدە ياخشى تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىل ساھەسىدىكى ئۇتۇقلىرىدىن مەنپەئەتدار بولۇشىمىز كېرەك. شۇڭا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىپ، ئۇ يەردە نەشر قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك - تۈمەن مەتبۇئات مەھسۇلاتلىرىنى دائىم يازدۇرۇپ ئېلىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز تەلەپكە لايىقتۇر. بۇ مەسىلىدە ش ئۇ ئا ر ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىق ھەم دوستلۇق قولىنى سوزىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

تىلىمىزنىڭ ئابرۇيىنى، قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي يولىنى، ئەسىرلەر داۋامىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يېزىق يادىكارلىقلىرىمىزنى، مۇشۇ تىلدا ئىجاد ئەتكەن پەن، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەربابلىرىنى كۆپچىلىككە، بولۇپمۇ ياشلارغا يېقىندىن تونۇشتۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قازاقىستان س س ر دا 2000 - يىلغىچە قازاق تىلىنى ۋە باشقا مىللىي تىللارنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ دۆلەت پروگراممىسى» دا ئېيتىلغاندەك، تىللار توغرۇلۇق قوبۇل قىلىنغان قانۇن ھاياتنىڭ ئۆزىدىن، ئىجتىمائىي ئادالەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن ۋە جەمئىيەتنى مەنىۋى جەھەتتىن يېڭىلاشتىن كېلىپ چىققان. بۇ قانۇن ھەم پروگراممىدا رېسپۇبلىكىمىزدىكى ھەممە خەلقلەرنىڭ، شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ساھەسىدىكى مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىنى مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇنى ساغلاملاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يورۇتۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى قولايلىق شارائىتتا، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **تاھىرجان مۇھەممەت**

# ئەبەيدۇللاخان غوجا *

(داستان)

توپلاپ رەتلىگۈچى: شېرىپجان قاسىم

ئاڭلاڭ، ئاڭلاڭ، خالايىق،
ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار.
قاراقاش دېگەن بۇ يەردە
كورمىگەندىم دېمەڭلار.
ئىگىز ئېرىقتىكى ئەمدى
جالالىدىنخان غوجىنىڭ
بىر بالىسىغا بىيدى[1]:
ئەبەيدۇللاخان غوجا
مەھەللە كەنتىگە بېرىپ،
هاراق - مەيزەپنى[2] جىق ئىچىپ،
ئويۇن ئىشرەتكە تويمىدى،
ئولتاغىلى قويمىدى.
ھېچقايسىنىڭ گېپىگە
باشنى قېقىپ، كۆنمىدى.
زاۋىدىكى دانا تاز
قوقانغا[3] كىرىپ ئەمدى
لەڭ فۇگان[4] دېگەن توڭگانغا
قوقۇپ ھەريانغا قاراپ،
خوش، دەپ تاپىنىنى يالاپ.
چېقىپقىنا دەپ قويدى:
«ھەي لەڭ فۇگان، لەڭ فۇگان،
بىر توختاپقىنا بەرسەڭ،
بىر چىنە چېيىم باردۇر.
ئاڭلاپقىنا بىر بەرسەڭ،
بىر ئېغىز گېپىم باردۇر»
بۇنى ئاڭلاپ لەڭ فۇگان
ئورنىدىن چاچىراپ تۇردى
مەلىمۇ كەنتە بېرىپ.
ئۇيان - بۇيان ئاختۇردى:
«ئەبەيدۇللا، ئەبەيدۇللا
گىدىككىنە بالىكەنسەن.
بۇنداق ئىشنى قىلغۇنچە،
جاننى ساقلاپ يۇرمەمسەن؟
چاپتىكەشلىلىك قىلمىغىن[5]
ياخشى يولدىن چىقمىغىن.
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ،
يامان ئىشقا قانمىساڭ،
مىلتىقىم بار ئاتۇرمەن،
قىلىچىم بار چاپۇرمەن،
جېنىمغىنا، ئەبەيدۇللا،»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا،
ئەبەيدۇللاخان غوجا:
«مىلتىقنى مەندىن سورا،
قىلىچنى مەندىن سورا،
ئادىمىڭنى هازىر يىغ،
نوچى بولساڭ قېنى چىق،
مىلتىقىم بار ئاتقىلى
قىلىچىم بار چاپقىلى!»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا،
لەڭ فۇگان دېگەن تۇڭگان،
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى.
ئېتىنى راسا قامچىلاپ،
ئىلچىگىمۇ[6] يول سالدى.
خوتەن ئامبىلىغا بېرىپ،
ياش - ماڭقىلىرىنى ئېقىتىپ.
سىلىڭبۇدىكى بەگكە،
بېشىنى قويۇپ يەرگە،
«هاي ئۇز سىلىڭ، ئۇز سىلىڭ،
بىر ئېغىز گېپىم باردى،
بىر چىنە چېيىم با ؟،،

---

* بۇ داستان ژۇرنىلىمىزنىڭ 1986 - يىللىق 2 - (ئومۇمىي 21 -) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بىراق داستاننىڭ بۇ نۇسخىسى تېكستولوكىيە ۋە مەزمۇن جەھەتتە بىر مۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، قايتا ئېلان قىلىندى.

① بىيدى - خوتەن يەرلىك تەلەپپۇزىدا «بار ئىدى» دېگەن مەنىدە كىلىدۇ. ② مەيزەپ — بىر خىل ئىچىملىك. ③ قوقان — جاي ئىسمى، ④ فۇگان — فۇگىۋەن، مۇھاپىزەتچى. ⑤ چاپتىكەش — كەپسىز-لىك، ⑥ ئىلچى — هازىرقى خوتەن شەھرىنىڭ ئىلگىرىكى نامى.

دېمىسەم تۇرالمايمەن ،
كوڭلۇمدە قويالمايمەن ،
ئاڭلاپقىنا بەگەيسىز .
دىلىمىزنى تەرگەيسىز »
شۇنداق دېگىلى تۇرغاندا ،
سىلىڭ دېگەن بۇ بەدبەخ
قالپىقىنى ئېلىپ باشتىن ،
چازانى قۇرۇپ باشتىن ،
«گېپىڭ بولسا قىلمامسەن
دەردىڭ بولسا ئېيتمامسەن»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا ،
لەڭ فۇگان دېگەن تۇڭگان
گەجگىسىنى تاتىلاپ
چاپىقىنى كوچىلاپ :
«ئېگىز ئېرىقتىكى ئەمدى
جالالىدىن غوجىنىڭ ئوغلى
ئەبەيدۇللاخان غوجا
ژۇت مەلىنى زار قىلدى ،
هاراق ئىچىپ جىدەل قىپ ،
خالايىقنى خار قىلدى .
گۇناهلارنى كۆپ قىلىپ ،
ئۇلتاغىلى قويمىدى .
باشنى ئېگىپ تۇرمىدى .
مەيدىسىگە مۇشتلاپ ،
بىزنى كۆزگە ئىلمىدى .
دېدى ئۇ هارامزادە ،
خالايىقلار بار يەردە .
مىلتىقىم بار ئاتۇرمەن ،
قىلىچىم بار چاپۇرمەن .»
«ئۇنداق قىلما جان ئۇكام ،
جاننى ساقلا سەن دېسەم ،
تېخىمۇ هەددىدىن ئېشىپ ،
غەزىپىدىن بەك تېشىپ ،
قىلىچنى مەندىن سورا ،
مىلتىقنى مەندىن سورا ،
نوچى بولساڭ چىق مانا ،
ئادىمىڭنى يىغ مانا ،
مىلتىقىمدا ئاتۇرمەن ،
قىلىچىمدا چاپۇرمەن ،
دەپلا قويۇپ شۇنداققا

قامچا ئۇرۇپ ئاتلارغا
كەتتى قاراڭغۇ تاغقا»[1]
سىلىڭ دېگەن بۇ بەدبەخ
تۇردى ئورنىدىن چاچراپ .
غەزىپىنى باسالماي ،
كەتتى تولا هاسىراپ ،
يىغدى لاۋزۇ - لەشكەرنى .
راسلاپ هارۋۇ مەپىنى ،
لاپ ئۇرۇپ سارا سالدى ،
قاراقاشقا قاراپ ماڭدى ،
ئېگىزئېرىققا كېلىشتى ،
چىشلىرىنى بىلەشتى .
پاختىنى راسا بەللەپ ،
تۇقايغا قاراپ دەللەپ ،
بىر پاي ئوق قوياپ بەردى .
جالالىدىن غوجا ئەمدى
مەمتىلىخان غوجا ئەمدى
قورقۇشۇپ تۇرۇپ كەتتى .
بىهۇشمۇ بولۇپ كەتتى .
مەلىكەزادە خېنىممۇ
بىتاقەت بولۇپ كەتتى .
سەيدىنىسا خېنىم ئەمدى
ئايلىنىپقىنا كەتتى .
جالالىدىن غوجا ئەمدى
يۇگۇرۇپقىنا چىقىپ ،
ئاتنىڭ بېشىنى تۇتتى .
«هاي سىلىڭگا ئۇز سىلىڭ .
قان تىلەيۇ جان تىلەي
كۆڭلىڭدە نېمە باردۇر ؟
خۇدا هەققى ، مەن بىلەي .
ئۆيۈمگە كىرىپ بەرگىن
چېيىمنى ئىچىپ بەرگىن .
ئۆيۈمدە چېيىم باردۇر ،
ئازغىنا گېپىم باردۇر .»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا
سىلىڭ بەدبەخ باش تولغاپ ،
دېدى تازا ۋارقىراپ
«ئۆيۈڭگىمۇ كىرمەسمەن ،
چېيىڭنىمۇ ئىچمەسمەن ،
ئۈچ كۇنلۇك قارا بەردىم ،
تىلىڭدىن هۆججەت بەرگىن !

---

① قاراڭغۇ تاغ — خوتەن ناهىيىسىنىڭ قاشتېشى يېزىسىغا قاراشلىق تاغلىق مەهەللە .

بالاڭنى تېپىپ بەرگىن !»
شۇنداق دېگىلى تۇرغاندا ،
ھەممىسى تەزىم بىلەن ،
باشنى يەرگە قويغاندا ،
ئەخمەتخان غوجام ، ئاللا ،
ئۈچ كۈنلۈككىنە قارادا ،
تىلىدىن ھۆججەت بېرىپ ،
ئات قامچا قويۇپ بېرىپ ،
ئېگىز ئېرىقتىن يول ئېلىپ ،
قاراڭغۇ تاغقا يول سالدى ،
باشقىلار قاراپ قالدى .

* *

ھوجرىمۇ - ھوجرا كىرسە
بىر ھوجىرىغا كىرسە
ئالدىدا كالامۇللاھ
كۆزىدە دەريا ياشى ،
ئېغىر تۇرىدۇ باشى .
دېمى تۇتقان كەپتەردەك ،
يىغلاپ تۇرار بىر كىشى .
ھاي ئۇكام ، جېنىم ئۇكام ،
جېنىمغىنا ، ئەبەيدۇللا ،
مۇنداق ئىشنى قىلغۇنچە ،
جان ساقلىساق بولماسا .
سەيدىنساخان ئاناڭغا
يېگەن نان ھارام بولدى .
جالالىدىن خان داداڭغا
قىيىن - قىستاق يامان بولدى .
قايتىپ كېتىلى يۇرتقا ،
قالمايلى يامان ئاتقا ،
ۇنداق ئىشنى قىلغۇنچە ،
جان ساقلىساق بولماسا .»
دېگىلىما تۇرغان چاغدا ،
ئەبەيدۇللاخان غوجا :
«مالامەتلەر قىلمىسىلا ،
تاپا - تەنە قىلمىسىلا ،
سەيدىنساخان ئانامدا
ئات تۆگە تۆلا باردۇر .
جالالىدىنخان دادامدا
تاغ - دالا تۆلا باردۇر .
تۆگمەننى تۆلا ساتسۇن ،
تاغ - تۆزنى تولا ساتسۇن ،
يايلاقنى تولا ساتسۇن ،
پۇلىنمۇ راسا توپلاپ ،
ياڭاقنى تولا چاقسۇن ،
شور دەرياسىنىڭ كۆۋرىكىدە
كۆرىشەيلى ئامان ئىسەن .»
ئەخمەتخان غوجام ، ئاللا ،
«ۋاي ئۇكام ، جېنىم ئۇكام ،
جان قىيلىنىپ كېتىدۇ .
ژىلىك قانغا يېتىدۇ .
قىزىل باشلىق تۈڭكانلار
خۇدا ئۇرسا ئۇرغانلار
لىچەك بويى قىز قويماي ،
قامچا بويى ئەر قويماي ،
ئوت - چۆپلىنى چاپقاندەك ،
قىرىۋاتىدۇ قويماي .
شۇنداقىنا دەپ تۇرسا ،
كەچ ناماشىشەم بولغاندا ،
بىر ئەلچى ھارامزادە
خەت تاشلاپقىنا قاچتى .
ئەخمەتخان غوجام تىترەپ ،
ئاۋايلاپقىنا ئاچتى .
خېتىنى ئوقۇپ باقسا ،
قان ھىدى پۇراق چاچتى :
«ئەبەيدۇللا ، ئەبەيدۇللا ،
بىرسىڭ بولساڭ ئون بولغىن ،
يۈزىڭ بولساڭ ، مىڭ بولغىن ،»
شۇنداق دەپ خەت ئوقۇدى .
ئەبەيدۇللاخان قورقمىدى .
ھەرتەرەپكە خەت يېزىپ ،
پەۋانلىنى چۈلغۇدى ،
ئاخۇنلىنى چۈلغۇدى .
كانايىنمۇ چالدۇرۇپ ،
سۇنايىنمۇ چالدۇرۇپ ،
ئىستىغپارىنى باشلاپ ،
ئىسسىق كۆزىنى ياشلاپ ،
كېچە تاڭنىڭ پەيتىدە ،
چۇشىدە كۆرۈپ باقسا ،
زەڭ سېلىپ قاراپ باقسا .
كۈن چىقىشتىن ، ھەي ئاللا ،
قارا بوران كېلىتمىش .»
«ھەي پەۋانلار ، پەۋانلار ،
جېنىڭلارنى جايلاڭلار ،
ھەركىشىنىڭ جېنىنى ،
خۇدا ئالمىسا كىم ئالا ،
كۈن چىقىشتىن ، ھەي ئاللا ،
قىزىل بوران كېلىتمىش ،
قىلىۋە تامدىن ، ھەي ئاللا ،
قارا بوران كېلىتمىش .»
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ،

كۆن چىقىشتىن ، ھەي ئاللا ،
بەش يۈز تۆگىگان سەپ بولۇپ ،
يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ ،
بۆلايتقاننى سەپ بولۇپ ،
كېلىۋاتارمىش ئەمدى .
قىلۋە تامدا ئىس - تۈتەك
بەش مىڭ تۆگىگان راسلىنىپ ،
كېلىۋاتىدۇ ئەمدى .
پەۋانلارنى قاچۇرۇپ ،
جانلىرىنى جايلىشىپ ،
شۇنداققىنا تۇرغاندا ،
ئەبەيدۇللاخان غوجا ،
تۇرۇپ قالدى ھاڭۋېقىپ ،
كەيدى شۇئان ئاق سالۋا①
ئۈستىگە كېيىپ كېپىنەك②
بەلگە ئاستى بىر قاپاق ،
پۇتقا تارتتى شىرچۇرۇق ،
قولغا ئالدى بىر ھاسا .
قويچىغا ئوخشاش بولۇپ ،
يۈزچە قويلارنى ھەيدەپ ،
چىقىپ كېتىۋاتقاندا
قوقاندىكى زامان تاز :
«ھاي سىلىڭىۇ ، ئۇز سىلىڭ ،
ئەنە ئاشۇ تۇرغۇنى .»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا
سىلىڭ دېگەن بۇ بەدبەخ
ئات قامچا قويۇپ بېرىپ .
ئالدىغا سېلىۋېلىپ :
«ئەبەيدۇللا ، ئەبەيدۇللا ،
ئەمدى چىققان زاكىدىن
گىدىككىنە بالىكەنسەن ،
بۇنداق ئىشنى قىلغۇنچە ،
جان ساقلىساڭ نېم بۇلا ؟»
شۇنداققىنا دەپ قويۇپ ،
ئات قامچا قويۇپ بەردى .
ئەبەيدۇللا غوجىنى
ئىلچىگىمۇ ئەپ ماڭدى .
يولغا چىقتى تۇغقانلار ،
بۇ خەۋەرنى ئۇققانلار .
سەيدىنسا خېنىم يىغلاپ ،
يۈرەك باغرىنى داغلاپ :
«ئەي سىلىڭگا ، ئۇز سىلىڭ ،
قان تىلەيىۇ - جان تىلەي ،
مۇنداق ئىشنىڭ بۇلۇشىنى
مەن مەزلۇم نەدىن بىلەي .
جېنىمغىنا خەيرۇللا ،
جان تىلەيىۇ - قان تىلەي :
ساڭا بەرسۇن بىر ئاللا ،
بىزلەرگە يولۇڭ بەرگىن
بالامنى قويۇپ بەرگىن .»
شۇنداق دېگىلى تۇرغاندا
سىلىڭ دېگەن بۇ بەدبەخ
يەرگە تايانچا ئۇرۇپ ،
زەردى بىلەن گەپ ئۇرۇپ :
«بالاڭنىمۇ بەرمەيمەن .
كوڭلىڭنىمۇ تەرمەيمەن .
ئۈچ كۆنلۈككە قارادا
ئۇن بەش چارەك ئالتۇننى
بىرنى قويماي بارىنى
تۇرۇزدا ئۇدۇل تارتىپ ،
قېچىر ئاتلارغا ئارتىپ
ۋاقتىدا ئاپارمىساڭ ،
بالاڭنى سازايى قىلىپ ،
جانلىرىنى ئالىمە ،
خالاجايغا كۆمىمە .»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا ،
ئەخمەتخان غوجام ، ئاللا ،
مەمتىلىخان غوجام ، ئاللا ،
سەيدىنسا خېنىم ئەمدى ،
جالالىدىن غوجام ، ئاللا ،
يايلاقنى تولا ساتتى ،
تۆگمەننى تولا ساتتى ،
قوي - تۆگە تولا ساتتى ،
ئەجرىنى تولا تارتتى .
ئون بەش چارەك ئالتۇننى
تۇرۇزدا ئۇدۇل تارتىپ ،
قېچىر ئاتلارغا ئارتىپ ،
ئىلچىغا ئاپارغاندا ،
سوراقخانىغا بارغاندا ،
بىر قارا جاللات تازا
قىينىغىلى تۇرۇپتۇ ،
بۇ ئىشلارنى كۆرۈپتۇ .
«ئەبەيدۇللا ، ئەبەيدۇللا ،

---

① سالۋا — قوي تېرىسىدىن تىككەن باش كىيىم .
② كېپىنەك — تون ياكى يېپىنچا مەنىسىدە .

ئۇلۇك كۆزۈڭمۇ بەك ياخشى ،
چەپ كۆزۈڭدىن ئاتايمۇ ؟
ئالدىڭىزمۇ بەك ياخشى
يا كەينىڭدىن ئاتايمۇ ؟ »
دېگىلى تۇرغان ۋاقتىدا
ئەبەيدۇللاخان .غوجا
«مېنى ئاتساڭ بوگۇن ئات ،
بوگۇن كۇنگە جۇمەكەن .
جېنىم قىينىلىپ كەتتى ،
چىدىمىدى جانۇ تەن .»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا ،
كىردى بىر قارا جاللات .
مىلتىقنى راسا بەتلەپ
ئەبەيدۇللا غوجىنىڭ ،
يۇرەك ئاغزىنى چەنلەپ ،
شۇنداق تۇرغان ۋاقتىدا ،
ئەبەيدۇللاخان غوجا :
«ھەي جاللاتلا ، جاللاتلا ،
مۇپتاخۇننى قىچقارغىن ،
بىر ئېغىز گېپىم باردى ،
ئاڭلاپ باقسۇن زەڭ سېلىپ .»
شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا
بىر چاپاق جاللات چىقىپ
مۇپتاخۇننى قىچقاردى .
مۇپتاخۇنمۇ تىزلىنىپ ،
ئەبەيدۇللاغا ھىجايدى .
— ھەي مۇپتى ئاخۇن دادا ،
ئاسىلا قولغا قەلەم - سىيا .
جالالىدىن خان دادامغا ،
كۆپتىن - كۆپ سالام دېسىلە .
يارۇ - يۇرتقا بىلدۇرسىلە ،
ئابدۇمۇلۇك بالامغا ،
يۇرەكتىن سالام دېسىلە .
سەيدىنساخان ئانامغا
كوڭلۇمدىن سالام دېسىلە .
مەلىكىگە گېپىم كۆپ ،
كۆپتىن كۆپ دۇئا دېسىلە
ھەر نامازدا ئولتۇرۇپ ،
ھەقتائالا ھەققىگە
كۆپتىن كۆپ دۇئا دېسىلە .»
شۇنداق دېگىلى تۇرغاندا .
بىر پاناق جاللات كىرىپ ،
مىلتىقنى راسا بەللەپ ،

يۇرەكنى ئۇدۇل چەنلەپ ،
ئېتىشقا قاراپ تۇردى .
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ
ئەتراپقا قاراپ تۇردى .
* *
ئالتۇن كۆرمىگەن جاللات ،
نەپسى باسمىغان جاللات ،
دۆۋە - دۆۋە ئالتۇنغا
چىۋىن ئوخشاش ئولاشتى .
سارا سېلىپ توۋلاشتى .
ساددا ، گول قاراقاشلىقنى
ئەخمەق قىلماق بولۇشتى .
تۇرۇزدا ھىيلە قىلىپ ،
راسنى ئۆرۈپ يالغان قىپ ،
ئون بەش چارەك ئالتۇننى
يېرىم چارەك كەم تارتتى .
كەم قىسمىنى تولدۇر دەپ ،
كەلگەنلەرنى قىستاشتى .
جالالىدىنخان غوجا ،
ئەخمەتخان غوجام ، ئاللا ،
ئالتۇن ئالغىلى قايتتى .
بىر دانە سىمىز جاللات
ئوغرى ئوخشاش مارىلاپ
ئاستىلا كىرىپ كەلدى ،
ئەبەيدۇللاخان غوجامغا
مىلتىقنى بىر چەنلەپ ،
ھىجايغا پېتى شۇنداق ،
بىر پاي ئوق قويۇپ بەردى .
ئەبەيدۇللاخان غوجام
كولۇپقىنا ئۆرۈلۈپ ،
«لائىلاھە ئىللەللاھ
مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»
دەپ ، نەپەس تامام بولدى .
چىدىمىغان دۈشمەننىڭ
ئۇيقۇسى ئارام بولدى .
شۇنداق بولۇپ تۇرغاندا
قاراقاشقا كەتكەنلەر .
يېرىم چارەك ئالتۇننى
ئالدىراپ ئېلىپ كەلدى .
ئاقتاش[1] قېشىغا كەلگەندە
سەيدىنسا خېنىم ئەمدى .
ئەخمەتخان غوجام ئەمدى .

---

[1] ئاقتاش — خوتەنگە يېقىن بىر كەنت نامى .

مەمتىلىخان غۇجام ئەمدى .
يېرىم چارەك ئالتۇننى
ئېلىپقىنا كەلگەندە ،
مۇپتاخۇنۇم بىچارە ،
بولۇپ تازا ۋەيرانە
ئاغزىدىن زۇۋان كەلمەي ،
قالدى مىڭ بىر تەڭلىكتە .
مۇپتاخۇنۇم بىچارە
بۇ خەۋەرنى يەتكۇزدى .
ئاسمان ئۇزاق ، يەر قاتتىق
تۇرغانلارنىڭ جېنىنى
تەنلىرىدىن كەتكۇزدى .
سەيدىنسا خېنىم ئەمدى ،
ئەخمەتخان غۇجام ئەمدى ،
جالالىدىن خان غۇجام ئەمدى ،
ئايلىنىپقىنا كەتتى .
ئەي مۆمىنلەر ، يارانلار ،
بىزگە پاناھ خۇدا بار ،
خەققە يامان قىلمىدۇق ،
بىزدە نېمە گۇنا بار ؟
دەريالاردۇر كۆز يېشى
قۇلاق سىلىپ ئاڭلاڭلار ،
دەرتمەنلەرنىڭ دەردىنى ،
خالايىققا يەتكۇزسۇن
بىزنى بوزەك قىلغاننى
دەۋزىقىغا كەتكۇسۇن

* *

سەيدىنسا خېنىم ئەمدى ؛
مەمتىلخان غوجام ئەمدى ،
قوشاق قېتىپ يىغلىدى .
خالايىقلار توپلىشىپ ،
نالە ـ فەرياد ئېتىشتى :
ئىمامى ئەفتەر چادىرىڭىز ، بالام .
مېھمانخانىڭىز بولسۇن ھەم ، بالام .
سەيدىنساخان ئاناڭنى ، بالام ،
ئوڭ قولۇمدا يېتىلەي ، بالام ،
مەلىكەزادە كۆچۇڭنى ، بالام .
چەپ قولۇمدا يېتىلەي ، بالام .
كىمنىڭ قەلەندىرى دېسە ، بالام .

ئەبەيدۇللاخان غۇجىنىڭ ، بالام ،
ئەمدى قەلەندەرى دېسۇن ، بالام ،
باغلاردىكى ئىتلىرىڭ ، بالام ،
بۇگۇن ئۇچ كۇن بولۇپتۇ ، بالام ،
نان بەرسەمۇ يېمەپتۇ ، بالام ،
سۇ بەرسەمۇ ئىچمەپتۇ ،، بالام ،
ھايۋان بالىسى جېنىدا ، بالام ،
ماتىمىڭنى قىلىپتۇ ، بالام .
ئېغىلدىكى ئاتلىرىڭ ، بالام ،
ئۇچ كۇن بولدى كىشنىمەس ، بالام ،
تايچاقلىرىڭ ياتىدۇ ئېغىر
ئورنىدىنمۇ تەۋرەنمەس ، بالام .
سەيدىنساخان ئاناڭنى ، بالام .
ئوڭ قولۇمدا يېتىلەي بالام
ئابدۇمېلىك بالاڭنى ، بالام ،
چەپ قولۇمدا يېتىلەي ، بالام ،
ئىچ ئاغرىقىڭ دەردىمدە ، بالام ،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلدۇممەن ، بالام ،
خۇنۇڭنى تۆككەن بەدىرەكنى ، بالام ،
قاغىشلارغا كۆمدۇممەن ، بالام ،
سەگى تېرەك يىقىلدى ، بالام ،
يۆلىۋالالماي كەچ قالدۇق ، بالام ،
ئۇنچى مارجان چېچىلدى ، بالام ،
تېرە ـ تېرە كەچ قالدۇق ، بالام
ئاپئاق ئايدەك يۇزۇڭنى ، بالام ،
تېپىۋالالماي كەچ قالدۇق ، بالام ،
بىزلەر ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ،
خۇدايىمغا نالە قىلغۇلۇق .
نالىمىزنىڭ ھىماتى بىلەن
بەدرەكلەرگە ئەلەم قىلغۇلۇق .
رازى بولغىن ، ئوغلۇم ، خان غۇجام ،
جەننەتتىدۇر ئورنىڭ ، خان غۇجام
ئاھ بالام ئاپئاق بالام .
ئەندى قانداق قىلدۇق ، جان بالام .
بىزلەر ئەمدى ئاق باغلاپ ، بالام ،
خۇدايىمغا يىغلايلى ، بالام ،
دوستىمىز كۆپ دۇئا قىلىپ ،
دۇشمەنلەرنى چاغلايلى ، بالام .

(خوتەن ناھيە لاڭرۇ يېزىسىدىكى ئابلىمتخان ، قاراقاش ناھيە زاۋا يېزىسىدىن ئەخمەتئاخۇن ، قاراقاش ناھيە پۇچاقچى يېزىسىدىن يۇسۇپ راۋاپ قاتارلىق كىشلەر ئېيتقان ناخشلاردىن خاتىرلەنگىنى بويىچە تەييارلاندى .)

# چۆچەكلەر

## ئاچا - سىڭىللار

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بىر جاڭگاللىقتا بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ياشىغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئالتە قىزى بار ئىكەن. لېكىن، يە تېرىيدىغان يېرى، يە باقىدىغان مېلى يوق ئىكەن. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەركۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن بىر زوۋۇل خېمىر، سەككىز نان چۈشىدىكەن. ئۇلار بىر زوۋۇل خېمىرنى تاماق ئېتىپ يەپ، سەككىز ناننى ئەتىسى - ئاخشىمى ئوزۇقلۇق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىگە شەيتان ۋەسۋەسە سېلىپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى «ئەگەر مۇشۇ ئالتە قىزىمىز بولمىغان بولسا، ئالتە نان ۋە ئالتە كىشىلىك تاماق تېجىلىپ قالاتتى. بىز ئۇنى يىغىپ ساتساق، پات ئارىدا بېيىپ قالامدۇق. بىر ئامال قىلىپ بالىلارنى ئۆيدىن يوقىتايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى موماي قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتۇن تەرگىلى بېرىپتۇ. ئۇلار بىر يەرگە بارغاندا موماي قىزلىرىغا: «مەن بەك ھېرىپ كەتتىم. سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، مەن بىر ئاز ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋېلىپ كەينىڭلاردىن بارىمەن» دەپ، بالىلىرىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. قىزلار ئوتۇن تېرە - تېرە جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋېرىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشۈپتۇ. ئەمما، ئاپىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار تۆت ئەتراپقا قاراپ ئاپىسىنى چاقىرىشىپتۇ. جاھاننى بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. قىزلار قورۇققىنىدىن يىغلىشىپتۇ. ئامال بولماپتۇ. چوڭ قىز بۇخەلىچە تولىمۇ مېھرىبان ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ نېمىنىدۇر سەزگەندەك بوپتۇ - دە، سىڭىللىرىنى بەزلەپ يىغىسىنى توختىتىپ، ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار قورقۇنچىدا كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەي، كېچىلەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. ئۇلار ئۇيقۇسىز، ئاچ-ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلانسىمۇ، توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. ماڭا - ماڭا، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قىزلار خۇشاللىقىدا:

— ئاچا، بۇلاق سۈيىدىن ئىچىۋالايلى، بەك ئۇسساپ كەتتۇق، — دەپ چۇرقىرىشىپ، سۇ ئىچىشكە تەمشىلىپتۇ. بۇخەلىچە سۇغا قارىسا كۆزىگە تۈلكىنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ دەرھال سىڭىللىرىغا:

— بۇ سۇنى ھەرگىز ئىچمەڭلار، ئىچسەڭلار تۈلكىگە ئايلىنىپ قالىسىلەر، — دەپتۇ.

چوڭ سىڭلىسى سۇغا قارىسا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «ئاچام ئىچى تارلىق قىلىۋاتى-

قان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئىچمە دېگىنىگە ئۇنىماي بۇلاق سۈيىدىن بىر ئوچۇم ئىچكەند-
كەن ، شۇ ھامانلا تۈلكىگە ئايلىنىپ قاپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئاچا - سىڭىللار زار - زار
يىغلىشىپتۇ ، تەڭرىگە نالە قىلىشىپتۇ . لېكىن ، ئورنىغا كەلمەپتۇ . ئاخىر بۇخەلچە باشقا
سىڭىللىرىنى ۋە تۈلكىنى ئەگەشتۈرۈپ ، يولىغا راۋان بولۇپتۇ .

ئەمدى گەپنى بوۋاي بىلەن مومايدىن ئاڭلايلى : ئۇلار باللىرىنى ئاسانلا يوق قىلىۋەتكەند-
لىكىدىن خۇشال بولۇشۇپ ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ . گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنى
خىيال قىلىشىپ ، بىر كېچە كىرىپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ . سەھەر تۇرۇپ تۈڭلۈكنىڭ
ئۇدۇلىغا كېلىپ ، بىر زوۋۇل خېمىر بىلەن سەككىز ناننىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .
خېمىر بىلەن نان چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كېلىپ ، تۈڭلۈكتىن ئىككى نان بىلەن ئىلگىرى-
كى خېمىردىن ئالتە ھەسسە كىچىك خېمىر چۈشۈپتۇ . ئۇلار بىر زوۋۇل خېمىر بىلەن
سەككىز ناننىڭ ئورنىدا ئالتە قىزىنىڭمۇ رىسقى بارلىقىنى بىلىپ ، قىزلىرىدىن ئايرىلىپ
قالغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ ، يۇم - يۇم يىغلاپتۇ . تەڭرىگە قىزلىرىنى قايتۇرۇپ
ئەكىلىپ بېرىشكە ئىلتىجا قىپتۇ . لېكىن ، ئامال بولماي ، چەكسىز پۇشايماندا ئىككىيلەن يەككە-
يېگانە ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ .

قىزلار يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ، بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ . ئورمانلىقتا
خىلمۇخىل قۇشلار ، ياۋا مېۋىلەر بار ئىكەن . ئۇلار بۇ يەردە دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇپ ، ئۇيقۇغا
كېتىپتۇ . بىر ھازادىن كېيىن ئۇيقۇدىن كۆزلىرىنى ئېچىشىپ قارىسا ، تۈلكە كۆرۈنمەپتۇ .
قالغان بەش قىز بىر قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ . ياۋا
مېۋىلەردىن يېيىشىپ ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپتۇ ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، سۇ
ئىزدەپ مېڭىپتۇ . بىر يەرگە كەلگەندە بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ . بۇخەلچە سۇغا قارىغىنىكەن ،
كۆزىگە بۆرىنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپتۇ - دە ، سىڭىللىرىغا :

— بۇ سۇنى ئىچكىلى بولمايدىكەن ، ئەگەر ئىچسە بۆرىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن . سىلەر
ئىككىنچى ئاچاڭلاردىن ئىبرەت ئېلىپ بۇ سۇنى ھەرگىز ئىچكۈچى بولماڭلار ، — دەپتۇ .

سىڭىللىرى ئۇسساپ گاللىرى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئاچىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ ،
سۇ ئىچمەي يولىغا راۋان بوپتۇ . مېڭىپ ئۇزاققا بارمايلا ، قىزلارنىڭ ئۈچىنچىسى
بۇخەلچىگە :

— ئاچا ، بۇلاق بېشىدا ياغلىقىمنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن . سىلەر بۇ يەردە بىرئاز
ساقلاپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپلا ئەكېلىۋالاي ، — دەپتۇ . بۇخەلچە :

— تېز بېرىپ ، تېز كەلگىن ، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن ، بۇلاقتىن سۇ ئىچمىگىن ، —
دەپتۇ .

ئۈچىنچى قىز بۇلاق بېشىغا بېرىپ ، سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ ، ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا
بەدەنلىرىنى تۈك بېسىپ ، ئېڭىكى ئۇزىراپ ، پۇت - قوللىرى ئېگىلىپ ، بۆرىگە ئايلىنىپ
قاپتۇ . ئۇ ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ، ئورنىغا كەلمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەمدى
قېرىنداشلىرىمنىڭ قېشىغا بارغاندىن كۆرە مۇشۇ ئورمانلىقتا تۈلكە ئاچامنى تېپىپ ، ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ياشاي ، دەپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتۇ . قالغان تۆت قىز ئۇنى
ساقلا - ساقلا كۈن كەچ بوپتۇ . ئىككىنچى سىڭلىسىنىڭ بۆرىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى
بۇخەلچەنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، قالغان ئۈچ سىڭلىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ،
يولىغا راۋان بوپتۇ . ئۇلار ئەتىسى قاق چۈش ۋاقتى بىلەن بىر قاقاس سايلىققا يېتىپ كەپتۇ .
بۇ يەردە يە بىر تۈپ دەرەخ ، يە بىر تال ئوت - چۆپ يوق ئىكەن . ئەتراپ پۈتۈنلەي تاش-

شىغىللىق ئىكەن . ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ ، تونۇرنىڭ قىزىقىمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدىكەن . ئۇلارنىڭ لەۋلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن چاك - چاك يېرىلىپ كېتىپتۇ . كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ . ئۇلار شۇنداق كېتىۋاتسا يىراقتىن بىر پارقىراق نەرسە كۆرۈنۈپتۇ . يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ قارىسا ، بۇلاق ئىكەن . بۇخەلچە سۇغا قارىسا ، كۆزىگە مۇشۈكنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپتۇ . ئۇ سىڭىللىرىغا :

— بۇ سۇنى ئىچمەڭلار ، بۇ سۇنى ئىچكەن ئادەم مۇشۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ ، — دەپتۇ . بىراق ئۇچىنچى سىڭلىسى ئۇسسۇزلۇققا چىدىماي :

— نېمىگە ئايلىنىپ كەتسەم مەيلى ، — دەپ سۇنى ئىچىپلا مۇشۈككە ئايلىنىپ ، بىر تاقلاپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ . ئۇچەيلەن جان - جىگەر ئۇچ قېرىنداشتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ ، قەدەملىرىنى ئېغىر - ئېغىر تاشلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . ئۇلار ماڭا - ماڭا ، بىر چاتقاللىققا بېرىپ قاپتۇ . چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق بولۇپ ، سۇيىنى ئىچسە توشقانغا ئايلىنىپ قالىدىكەن . بەشىنچى قىز گەپ ئاڭلىماي ، سۇ ئىچىپ توشقانغا ئايلىنىپ قاپتۇ - دە ، چاتقاللىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ . بۇخەلچە بىلەن كەنجى قىز بۇمەريەم قاتتىق قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . ماڭا - ماڭا ، يەنە بىر بۇلاق بويىغا بېرىپ قاپتۇ . بۇ بۇلاقنىڭ سۇيىنى ئىچكەن ئادەم كېيىككە ئايلىنىپ قالىدىكەن . بۇخەلچە سىڭلىسىغا بۇ سۇنى ئىچمەسلىكنى ئېيتىپتۇ . بۇمەريەم «ماقۇل ئاچا ، ئىچمەيمەن» دەپ ، ئاچىسىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپتۇ . ئۇ ئەسلىدە ئاچىسىغا ئۇقتۇرماي بىر پاي كەشىنى بۇلاق بويىدا قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن . بىر يەرگە بارغاندا ئاچىسىغا بىر پاي كەشىم يولدا چۈشۈپ قاپتۇ ئەكېلىۋالاي ، دەپ ئارقىسىغا يېنىپ بۇلاق بويىغا كېلىپ ، قانغۇچە سۇ ئىچىپتۇ . دېگەندەك ئۇ كېيىككە ئايلىنىپ قاپتۇ . يىغلاپتۇ ، قاقشاپتۇ ، لېكىن ئورنىغا كەلمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن يولىغا راۋان بولۇپتۇ . بۇخەلچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ ئارقىسىغا قارىسا ، بىر كېيىك ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك ، ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر پاي كەش تۇرغۇدەك ، ئۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ كۆز يېشى قىپتۇ . كېيىكمۇ بۇخەلچىنىڭ ئاياغلىرىغا سۈركىلىپ يىغلاپتۇ . ئاچا - سىڭىل شۇ تەرىقىدە ئاھ ئۇرا - ئاھ ئۇرا ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . پاكىز سۇ تېپىپ ئىچىپتۇ . پۇچۇق قاپاقنى سۇغا تولدۇرۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ .

چاتقاللىق توگەپ دەشت باياۋان باشلىنىپتۇ بۇخەلچە كېيىك سىڭلىسىنى يېتىلەپ ، بويىنىنى قىسىپ ، قاپاقنى يۈدۈپ كېتىۋاتقاندا ، ئالدىدىن بىرمۇنچە ئوۋچىلار چىقىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ . بۇلار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىكەن . پادىشاھ بۇخەلچىگە :

— ئەي ساھىبجامال قىز ، بەش كۈن ئوۋدا يۈرۈپ ھېچنېمە ئۇچرىتالمىغانىدىم . سېنى خۇدا يەتكۈزدى . كېيىكىڭنى ماڭا بەر . شەھەرگە قۇرۇق قول قايتقۇم يوق . ماڭا بىباھا گۆھەر بېرەي ، — دەپتۇ .

بۇخەلچە بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغلاپتۇ . كېيىكنىڭ بېشىنى سىيلاپ ، تىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ :

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم ، سۇلتانى باكەرەم ، بىلسىلە بۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ ، رەھىم قىلغايلا !

پادىشاھ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

بۇخەلچە :

— ئەي شەپقەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى ، سىلى سورىمىسىلا ، مەن ئېيتمىسام بولاتتى .

خەير ، بوپتۇ ، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن – كەچكەنلىرىنى بىر – بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ .

پادشاھنىڭ دىلى ئېرىپ ، تەلىپىدىن كېچىپتۇ . بۇخەلىچە تەزىم بەجا كەلتۇرۇپ ، ئېگىشكەنىكەن دۇمبىسىدىكى قاپاقتىن سۇ تۆكۈلۈپتۇ . سۇنى كۆرگەن پادشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ :

— ئەي يېتىم قىز ، بىز ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇسسۇز ، سۇيۇقدىن بىر يۇتۇم بەرسەڭ بۇنىڭدىن باشقا تەلىپىم يوق ، — دەپتۇ .

— ئەي سۇلتانى باكەرەم ، تەلەپلىرى يەردە قالمىسۇن ، مانا قانغۇچە ئىچسىلە ، — دەپ بىر ئاياق سۇ تەڭلەپتۇ بۇخەلىچە . پادشاھ سۇنى ئېلىپ تىنماي ئىچىشكە باشلاپتۇ . بۇنى كۆرگەن بۇخەلىچە :

— ئەي پادشاھى ئالەم ، توختىسىلا ، گالىلىرىدىن يىلان كىرىپ كېتىپ بارىدۇ ، — دەپتۇ .

پادشاھ قارىسا سۇدا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ ، پادشاھ ھەيران بولۇپ :

— قېنى يىلان ؟ — دەپ سوراپتۇ . قىز كۈلۈپ كېتىپ :

— ماڭا شۇنداق كۆرۈنگەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ، — ئەمدى ئىچسىلە بولىدۇ .

پادشاھ ئاياقنى كۆتۈرۈپ ، غۇرت – غۇرت ئۈچ يۇتۇم سۇ ئىچكەنىكەن . بۇخەلىچە :

— توختىسىلا پادشاھ ئالىيلىرى گېلىلىرىدىن قۇرت كىرىپ كېتىپ بارىدۇ ، — دەپتۇ .

پادشاھ سۇ ئىچىشتىن توختاپ ، ئاياققا قارىغانىكەن ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ . پادشاھ ئاچچىقلاپ :

— سۇنى ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بېرىپ ، بىردەم ئۇنداق ، بىردەم بۇنداق دەيسەن ، سۇغا قارىسام سەن دېگەن نېمىلەر يوق ، مېنى ئەخمەق قىلىۋاتامسەن ! ؟ — دەپتۇ .

قىز كۈلۈپ تۇرۇپ سوراپتۇ :

— بايا سۇ ئىچمىگىلى ئۈچ كۈن بولدى ، دېگەن ئىدىلە ، شۇ گەپلىرى راستمۇ ؟

— ئەزبىرايى خۇدا ، راست ، — دەپتۇ پادشاھ قەسەم ئىچىپ .

— ئۇنداق بولسا ئاڭلىسىلا ، — دەپتۇ قىز ، — ئۈچ كۈن ئۇسسۇز قالغان ئادەمنىڭ ئۆپكىسى قۇرۇپ ، يۈرىكى قورۇلۇپ كېتىدۇ ، بۇنداق چاغدا سۇنى بەك كۆپ ئىچىۋەتسە ئۆپكىگە سۇ چۈشىدۇ ، يۈرەك يېرىلىپ ئادەم ئۆلىدۇ ، سۇنى تىنىپ – تىنىپ ئالدىرىماي ئىچكەندە ، ئۆپكە – يۈرەك بىر باشتىن ياشىرىپ بارىدۇ– دە ، ھايات ساقلىنىپ قالىدۇ . بىلسىلە پادشاھى ئالەم ، مەن سىلىنىڭ ياش جانلىرىنى دەپ شۇنداق دېگەنىدىم ، ئەمدى قالغىنىنى ئىچىۋەتسىلە !

پادشاھ بۇخەلىچىنىڭ چېچەن – زېرەكلىكىگە قايىل بولۇپ ، رەھمەت ئېيتىپتۇ . ئېشىپ قالغان سۇنى ئىچىۋېتىپ ، بارگاھىغا قايتىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ۋەزىرلىرىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ . ۋەزىلەر بۇنى ئاڭلاپ ، پادشاھقا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ :

— پادشاھى ئالەم ، تۆت خوتۇنلىرىدىن بىرەرمۇ پەرزەنت كۆرمىدىلە ، بۇنداق ئۆتۈپ كېتىشكە بولماس ، ھېلىقى قىزنى ئەمرىلىرىگە ئالسىلا ، پەرزەنتلىك بولۇپ قالسىلا ئەجەب ئەمەس .

ئەسلىدە پادشاھ بۇخەلىچىنىڭ ھۆسن – جامالىنى بىر كۆرۈپلا ، ئاشىق – بىقارار بولغانىكەن ، ئەقلىدىن سۆيۈنگەنىكەن . ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى پادشاھنىڭ كۆڭلىدىن چىقىپتۇ . پادشاھ ئۇلارغا ئىنئام بېرىپ ، بۇخەلىچىنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇپتۇ . بۇخەلىچە كەلتۈرۈلۈپتۇ ، پادشاھنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلىغان بۇخەلىچە ماقۇل بولۇپتۇ . ئۇلار ئوردىغا قايتىپ بېرىپ قىرىق كېچە – كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپتۇ .

كۆنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بۇخەلچە قورساق كۆتۈرۈپتۇ. پادشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى بۇنىڭغا پەقەتلا چىدىيالماي: «ئەگەر بۇخەلچە تۇغسا، پادشاھ بىزگە قارىمايدۇ» دەپ ئويلاپ بۇخەلچىنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاشقاندا، «ئىلمەكگۈچ ئوينايلى» دەپ كۆل بويىغا ئېلىپ چىقىپ، كۆلگە ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە پادشاھ شىكاردا ئىكەن، ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇدۇل كىچىك خوتۇنى بۇخەلچىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. قارىسا كېنىزەكلەر يىغلىشىپ ئولتۇرغۇدەك، پادشاھ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە ئاندىن ئېيتايلى، — دەپتۇ كېنىزەكلەر يەرنى سۈيۈپ.

— كەچتىم، — دەپتۇ پادشاھ.

— مۇندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن، دەپ سۆز باشلاپتۇ كېنىزەكلەردىن بىرى، — «پادشاھنىڭ كېلەر ۋاقتى بولدى، ئوردىنى رەتلەپ-تازىلاپ، يولغا پاياندازا سېلىپ قويۇڭلار» دېدى، ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كىرسەك، كىچىك خانىش يوق، ئۇقساق چاھار باغقا سەيلىگە چىقىپ، كۆل بويىدا تاماشا قىلىۋاتقاندا دىققەتسىزلىكتىن تېيىلىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

پادشاھ بۇنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. كېنىزەكلەر دەرھال پادشاھنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، گۇلاب ئىچكۈزۈپتۇ. پادشاھ بىرھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كۆل بويىغا بېرىپ قارىسا كېپىنەك كۆل بويىدا سۇغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. كېپىنەك پادشاھنى كۆرۈپ يوگۈرۈپ كېلىپ، پادشاھنىڭ پۇتلىرىغا سۈركىلىپ، كۆلگە قاراپ ياش تۆكۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پادشاھ ھەر كۈنى كۆل بويىغا كېلىپ، بىر پەس سۇغا قاراپ تۇرۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. كېپىنەكمۇ پادشاھنىڭ قېشىدا پەيدا بولىدىكەن. بۇنىڭدىن پادشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى پادشاھنىڭ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ ۋە كېپىنەكنى كۆزدىن يوقىتىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىرى يالغاندىن ئاغرىغان بولۇۋېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋاپتۇ. بۇ تۆت خانىش ئىچىدە پادشاھ ئەڭ ئامراق خانىش ئىكەن. پادشاھ شەھەردىكى ئۇستا تېۋىپ، يېتىشكەن ئۆلۇمالارنى ئوردىغا يىغىپ، تومۇرىنى تۇتتۇرۇپ، دورا ياسىتىپتۇ، دۇئا ئوقۇتۇپتۇ؛ «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» بولغاچقا، ئۇ خانىش مىدىرلىماي يېتىۋېرىپتۇ. پادشاھ قايغۇرۇپ:

— كېسىلىڭگە نېمە شىپا قىلغۇدەك؟ كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتقىن، ئەرشتە بولسا ئېلىپ چۈشەي، تەھتى سەرادا بولسا ئېلىپ چىقاي، — دەپتۇ.

— ئاھ شاھىم، ماڭا باغدىكى كېپىنەكنىڭ يۈرىكى كېرەك، شۇنى يېسەم ھازىرلا ساقىيىپ كېتىمەن، چۈشۈمگە ئايان بولغىنى ئەنە شۇ، — دەپتۇ.

پادشاھ شۇ ھامان قاسساپقا كېپىنەكنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. قاسساپ كېپىنەكنى ئوتلاۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ پۇت-قولىنى چۈشەپتۇ. پادشاھ «كېپىنەكنىڭ يۈرىكىنى باشقا بىرى ئېلىۋالمىسۇن» دەپ گوداڭ بېشىغا ئۆزى كەلگەنىكەن، كېپىنەك پادشاھنى كۆرۈپ تېپچەكلەپتۇ ۋە بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادشاھى ئالەم، مېنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن، بىچارە ئاچام بىلەن خەيرلىشىۋېلىشىمغا ئىجازەت بەرسىلە، — دەپتۇ.

پادشاھ ھەيران بولۇپ:

— ئۆلگەن ئادەم بىلەن قانداق خەيرلىشىسەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئۇ تېخى ھايات!

— نەدە؟

— كۆلدىكى سۇنىڭ تېگىدە.

— بوپتۇ ، بارساڭ بارغىن ، تېز بول !

قاساپ كېيىكنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىپتۇ ، كېيىك ئويناقشىپ كۆل بويىغا يۈگۈرۈپتۇ .

ئەسلىدە بۇخەلچە كۆلگە ئىتتىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ، سۇ ئاستىدا ياشايدىغان بىر بوۋاي ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويغانىكەن . بۇخەلچەم ھوشىغا كېلىشىگە تولغاق تۇتۇپ ، قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ . ھېلىقى بوۋاي ، بىرىنىڭ ئىسمىنى ھەسەن ، بىرىنىڭ ئىسمىنى ھۈسەن قويۇپتۇ . بوۋاينىڭ خوتۇنى كۈمۈش باش موماي بوۋاقلارنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپتۇ . ئاندىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي : «بالام ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ ، ساڭا ئاللا يار بولسۇن ، بالاڭغا ئوبدانراق قارىغىن» دەپلا غايىب بوپتۇ . بۇ ئىشلارنى كېيىككە ئايلىنىپ قالغان بۇمەريەم بىلىپ تۇرغانىكەن . ئۇ ھەر كۈنى كۆل بويىغا بارغىنىدا ، ئاچىسىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ تۇرىدىكەن .

كېيىك يۈگۈرگىنىچە كۆل بويىغا بېرىپ تىزلىنىپ سۇغا قاراپ يىغلاپ مۇنداق دەپتۇ :

قۇم قازانلا ئېسىلدى ، قانداق قىلاي جېنىم ئاچا ؟
پولات پىچاقلار بىلەندى . ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى .

بۇخەلچە سىڭلىسىنىڭ مۇڭ - زارىنى ئاڭلاپ ، ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپتۇ ھەم جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ :

ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك ، جان سىڭلىم ، ئاپئاق سىڭلىم ؛
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك . شاھقا ئېيتمايسەن نېچۈك ؟

پادشاھمۇ كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن كۆل بويىغا كەلگەنىكەن . ئۇ ئاچا - سىڭىلنىڭ مۇڭ - زارلىرىنى ئاڭلاپ ، يۈرەك باغرى پارە - پارە بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ . خىزمەتكارلار دورا ئىچكۈزۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ . پادشاھ ئەمىرلىرىگە كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋېتىشنى ئەمر قىپتۇ .

ۋەزىرلەر جاكارچىلارنى ئەۋەتىپ پۇقرالارنى يىغدۇرۇپ كېلىپ ، كۆلنىڭ سۈيىنى باغقا چىقىرىۋېتىپتۇ . شۇ چاغدا بۇخەلچە ئىككى بۆشۈكنى قولتۇقلىغان ھالدا كۆلدىن چىقىپ كەپتۇ ۋە سىڭلىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ . بۇمەريەم ئادەمگە ئۆزگىرىپ ، ئەسلى ھالىتىگە كەپتۇ . پادشاھ بۇخەلچىنى ۋە باللىرىنى باغرىغا بېسىپ كۆز يېشى قىپتۇ ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ .

ئاچا - سىڭىل بولغان ئىشلارنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن پادشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئاشكارا بوپتۇ . پادشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ ، جاللاتلىرىغا چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ .

جاللاتلار قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ كېلىپ ، قارا نىيەت چوڭ خانىشلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ، پادشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن پادشاھ بىلەن بۇخەلچە خۇشال - خۇرام ، خاتىرجەم ئۆتۈپتۇ . بۇمەريەم ئوردىدا شاھنىڭ ئۆز سىڭلىسى قاتارىدا مەلىكە بولۇپ ئەتىۋارلىنىپتۇ ۋە ئاخىرى ئۇمۇ ئۆز بەختىنى تېپىپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر : رەھىمەخان ، سائادەتخان ، رەتلىگۈچى : ئېزىز تۇردى .

# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى : تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## يەر شارىنىڭ مۇزلاپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، ئىنسانلار ئاسترونو-
مىيە ساھەسىدە ئىزدىنىپ ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئالايلۇق ، قۇياشنىڭ
يېشى ، قۇياش سىستېمىسىنىڭ سامان يولىدىكى ئورنى ، سامان يولىنىڭ سىرتىدىكى ئالەم
بوشلۇقى ...... قاتارلىقلار . ئالىملار قۇياش ئۈستىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ ، قۇياشنىڭ
دەل ياشلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، قۇياشنىڭ يەنە ئوتتۇرا ياشلىق ، قېرىلىق دەۋرىنىڭ
بارلىقىنى ، مۇبادا قۇياش قېرىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ بولسا ، نۇر ۋە ئىسسىقلىق چىقىرىش
ئىقتىدارىدىن قالىدىغانلىقىنى ، شۇنداق بولغاندا يەرنىڭ قۇياشتىن ئالىدىغان نۇر ۋە ئىسسىق-
لىقى تەدرىجي ئازىيىپ ، قاراڭغۇلۇق ھەم مۇدھىش باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزلىرد-
نى ئوتتۇرىغا قويۇشتى . بۇنىڭدىن باشقا ئالىملار يەنە ئالەم بوشلۇقىدا سان ـ ساناقسىز
سەييارىلەرنىڭ ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى ، ئۇلار ئايلىنىش جەريانىدا ، سەييارىلەرنىڭ ئوربې-
تىسى بىلەن يەر شارىنىڭ ئوربىتىسى مەلۇم نۇقتىدا كېسىشىپ يەر شارى بىلەن ئورۇلغاندا ،
يەر شارىغا ئورۇلغان سەييارىلەر چىڭراق بولۇپ ، قالسا ، ئورۇلۇش زەربىسىدىن يەر شارى
ئۆز ئوربىتىسىدىن چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن . شۇنداق بولغاندا ، يەر شارى قۇياشتىن
يىراقلاپ كېتىپ ، قۇياشتىن ئالىدىغان نۇر ۋە ئىسسىقلىقتىن مەھرۇم قېلىپ ، قاراڭغۇلۇق
ھەم مۇدھىش سوغۇق باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى . ئۇيغۇر-
لاردا بولسا خېلى بۇرۇنلا بۇ ھەقتە رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ ، ئۇ ، تۆۋەندىكىچە : «ئېيتىشلارغا
قارىغاندا ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىلىماتتا ئۆزگىرىش بولۇپ ، ھاۋا سوۋۇشقا باشلايدى-
كەن . شۇنداق بولغاندا ، يىلىغا ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان
قايلاردا بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان ھالغا چۈشىدىكەن .
زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياز ۋاقتى بارغانچە قىسقىراپ ، ئاخىرى بۇغداي ، قوناق ، گۈرۈچ
قاتارلىق زىرائەتلەر يېتىشمەيدىغان ھالەتكە كېلىدىكەن . شۇ چاغلاردا ئىنسانلار ئىنتايىن قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە پىشىدىغان تېرىقنى كۆپلەپ ئۆستۈرۈپ ، شۇنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ھايات
كەچۈرىدىكەن . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىلىماتتا داۋاملىق يامان خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش
بولۇپ ، تېرىقمۇ پىشمايدىغان ئەھۋال بولىدىكەن .»

## ياۋايى ئوت - چۆپلەر ۋە زىرائەتلەر ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم ، ياۋايى ئوت - چۆپلەر ئازراق ھاياتلىق ئىمكانىيىتى بولغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆسۈپ ، يېتىلەلەيدۇ . بوران - چاپقۇن ئاسانلىقچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ . ھاشاراتلارمۇ زىيان سالالمايدۇ . بۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆزۈن ئەسىرلەر داۋامىدا ھەرخىل كىلىماتقا ماسلىشالايدىغان تۇر بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى ، بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان : «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ياۋايى ئوت - چۆپلەر يەرنىڭ ئۆز بالىسى ، ئادەملەر تېرىپ ئۆستۈرگەن زىرائەتلەر بولسا ، يەرنىڭ ئۆگەي بالىسى ئىمىش . شۇڭا ياۋايى ئوت - چۆپلەر مەيلى قانداقلا جايدا بولمىسۇن سەردان ئۆسەرمىش . ئېتىزلاردا ياۋايى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھە دېگەندە ، ئادەملەر تېرىغان زىرائەتلەرنى چىرماپ ، بېسىۋېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن ئىمىش .»

## توشقان ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم ، توشقان ھەم كۆشەندىسى كۆپ بولغان ، ھەم تېز كۆپىيىدىغان چۆپخور ھايۋان . شۇڭا تەدرىجي تەرەققىيات جەريانىدا ، بۆجەنلەر تۇغۇلۇپ 10 نەچچە كۈن بولغاندىلا مۇستەقىل ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇپ يېتىلگەن . بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان : «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، توشقان تۇغۇپ 15 كۈن بولغاندا ، بۆجەنلىرىگە خەير بۆجەنلىرىم ، غانجوغىدا كۆرۈشەيلى — دەپ كېتىپ قالارمىش» .

## كاككۇك قونغان شاخ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

ھەممىگە مەلۇم ، كاككۇك ئاۋازى ئىنتايىن يېقىملىق بولغان بىر خىل قۇش . خەلق ئۇنى «ئاشىق قۇش» ، «غەيرىي قۇش» ، «پەرىشتە قۇش» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەنمۇ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ . كاككۇك ئۆزىنى كۆرسەتمەي ، يوشۇرۇنۇپ سايراشنى ياخشى كۆرىدۇ . شۇڭا خەلق ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان : «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كاككۇك ھېلىلا قونۇپ سايرىغان شاخ ئاجايىپ سېھرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەن . مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئاشىق ، يەنى بىراۋغا كۆيۈپ قالغان ، ئەمما قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا ئىرەن قىلمىغان ئەھۋالدا ، ئۇ ئاشىق كاككۇك ھېلىلا قونۇپ سايرىغان شاختا ئېرىشەلمىسە ، ھەم ئۇ شاخنى تۇيدۇرماستىن قارشى تەرەپكە تەگكۈزۈپ قويسا ، ئاشىقلىق ئۇنىڭغىمۇ ئۆتەرمىش» .

## قاغىنىڭ بالىسىغا تەربىيە ئىشلىشى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، قاغا ئۆز بالىسىغا : «بالام ، ئادەملەر ساڭا ئېتىش ئۈچۈن ، تاش - كېسەك ياكى چالما ئالماقچى بولۇپ يەرگە ئېگىشكەن ھامان ، ئۇچۇپ كەتكىن !» دەپ نەسىھەت قىلغانمىش . قاغا بالىسى بولسا ئاپىسىغا : «ئاپا ، خاتىرجەم بول . ئادەملەر ماڭا ئېتىش ئۈچۈن تاش - كېسەك ياكى چالما ئېلىشنى ئويلاۋاتقاندىلا ئۇچۇپ كېتىمەن !» دېگەنمىش .

## تورغاي ھەققىدىكى رىۋايەت

تورغاي قۇشقاچتىن سەل - پەل چوڭراق كېلىدىغان قۇش. ئۇ، ئايدالادا ياشايدۇ. ئۇ، ئادەتتە تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقارغاچقىلا، يەرنىڭ ئويمان يەرلىرىگە ئوت - چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن ئاددىي قىلىپلا ئۇۋا ياسىغاندىن باشقا مۇقىم تۇرالغۇسى بولمايدۇ. كۈندۈزى خالىغان يېرىدە يۈرۈپ، كەچ كىرگەندە قەيەردە بولغان بولسا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۈنەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا تورغاي ھەققىدە مۇنداق رىۋايەتلەر تارقالغان:

1 . ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تورغاي ئۇچۇق ئايدالادا تۈنەگەچكە، كېچىدە بىر ئاز مۈزلايدىكەن. ئۇ، سوغۇق دەستىدىن توڭلاپ، ئۆز - ئۆزىگە: «خەپ! تاڭ ئاتىدىغان بولسا، مەن بىر ئىمارەت سالمايدىغان بولسام» دەرمىش، تاڭ يورۇشىغىلا: «ئىمارەت سالىدىغانغا كىمنىڭ چولىسى، كەچ بولغاندا بىر گەپ بولار» دەپ ئۇچۇپ كېتەرمىش. ئۇ، شۇ ھەرىكىتىنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانمىش.

2 . ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تورغاي ئۇچۇق ئايدالادا تۈنەگەچكە، كېچىدىكى، يۇلتۇزلۇق ئاسمان بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كېتەرمىش. ئۇ، ھېچقانداق بىر يېرىدە تىرىكى بولمىغان ئاسماننىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ: «قاچانكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تىرەپ ئالىمەن» دەپ، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتارمىش. ئۇ، بۇ ھەرىكىتىنى تا ھازىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانمىش.

## ئات ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پەقەت ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىيەلمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مېڭىشى تېز، جورۇقتا ياخشى كىرىدىغان، بىر جايدا توختىتىپ قويسا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرىدىغان، ئىگىسىگە بەكمۇ ئىتائەت قىلىدىغان ياخشى ئات ئىكەن. ئۇ ئادەم ئېتىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئادەم ئېتىنى مىنىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ، يول ئۈستىدە سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى، كەڭ كەتكەن ئوت - چۆپلۈكى، قاپقارا سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلىرى بار مەنزىرىلىك بىر جايغا كېلىپ، ئۆزىمۇ دەم ئېلىۋالغاچ ئېتىنى بىردەم ئوتلىتىۋېلىش ئويىغا كەپتۇ، ھەم ئېتىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ، دەرەخ سايىسىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئويغىنىپ قارىسا ئېتى يوق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئېتىنى ئىزدىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئىزدىگەنچە 3 - 4 كۈن ۋاقىت ئۆتكەندە ئاران تېپىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئات ئوتلا - ئوتلا يىراققا كېتىپ قالغانىكەن. ئۇ ئادەم ئېتىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئارام ئالغان يەرگە كېلىپ، بىر تاختاي ياساپ، تاختاي ئۈستىگە:

«ئات، بىر خۇلقى يات،
ئات سېنىڭ ئاتاڭچە بولسا
قاق قوزۇقنى باغلا يات.
مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇلمۇرات،
مەندىن باشقىسىغا پەندىيات».

دەپ ئويۇپ قويغانمىش.

## ئاي يۈزىدىكى داغ ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم ، ئاي يەر شارىنىڭ ھەمراھى ، ئاي يەر شارىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىش جەريانىدا ، كۈننىڭ ئۆزىگە چۈشكەن نۇرىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق ، يەر شارىنى يورۇتىدۇ . ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ، ئىنسانلار بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك يوللار ئارقىلىق ئاينىڭ يۈزىدىكى داغلارنىڭ ھالقىسىمان تاغلار ئىكەنلىكىنى ، كۈن نۇرى ئۇ تاغلارغا چۈشكەندە ، كۈن نۇرىنى تولۇق قايتۇرالمىغاچقا ، بىزگە داغ بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى . ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلمىغان ئاشۇ دەۋرلەردە ، خەلق ئىچىدە ئاي يۈزىدىكى داغ ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان : «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئاللاتائالا ئاينى ئىنتايىن گۈزەل قىلىپ ياراتقانىمىش . ئاي ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە تەمەننا قويۇپ ، باشقىلارنى مەنسىتمەپتۇ . ھەتتا ئاللاتائالانىڭ ئۆزىنى شۇنچىلىك گۈزەل قىلىپ ياراتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ، كۆپ كۈپرۈلۈق ئۆتكۈزۈپتۇ . ئاللاتائالا بۇنىڭغا ناھايىتى خاپا بولۇپتۇ . ھەم بىر سىقىم كۆلنى ئېلىپ ئاينىڭ يۈزىگە چېچىۋېتىپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ئاينىڭ يۈزىدە داغ پەيدا بولۇپ قالغانمىش .»

## دائىم مەشق قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم ، ھەرقانداق ماھارەت جاپالىق مەشقتىن كېلىدۇ . بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەتلەر تارقالغان : «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بىر ئائىلىنىڭ بىر سېيىرى بولۇپ ، ئۇ سېيىر باش ئەتىيازدا موزايلاپتۇ . ئۇلار موزاينىڭ ئانىسىنى ئىمۋالماسلىقى ئۈچۈن ، ئاخشىمى موزاينىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، دالانغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ، ئەتىسى دالاندىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ چۈشىدىكەن . كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئايلار ئۆتۈپتۇ ، موزايمۇ كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىپتۇ . ھېلىقى ئادەممۇ موزاينى ئاخشىمى دالانغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ، ئەتىسى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چۈشۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ . ھەرىكەت تاكى موزاي چوڭىيىپ ، ئالتە ياشلىق بولغانغا قەدەر داۋاملىشىپتۇ . ئاخىرى ھېلىقى ئادەم ئالتە ياشلىق بۇقىنىمۇ دەس كۆتۈرۈپ ، دالانغا ئېلىپ چىقالايدىغان كۈچتۈڭگۈر ، پالۋانغا ئايلانغانمىش» .

«ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بىر بالا ئوقۇش ئۈچۈن بىر مەكتەپكە كەلگەنمىش . ئۇ چاغلاردا ھاجەتخانا ياتاق رايوندىن يىراقراق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولغاچقا ، ھېلىقى بالا ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، ھاجەتخانىغا بېرىشقا كېتىۋېتىپ ، ياتاق ئېمىنى قەدەمدە بىر بىگىز قولى بىلەن نوقۇپ مېڭىپتۇ . ئۇ ، بۇ ھەرىكىتىنى بىرەر كۈنمۇ توختىتىپ قويماي داۋاملاشتۇرۇپتۇ . كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر ، ئايلار كەينىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ . بىرنەچچە يىلمۇ ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ ئوقۇشىمۇ پۈتۈپتۇ . ئۇ ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قاپتۇ . ھېلىقى بالا ئۇلارنى ئايرىپ قويماقچى بولۇپ ، ئارىغا چۈشۈپتۇ . ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىڭ بىرى دەرھال توختاپتۇ ، يەنە بىرى بىغەرەزلىك قىلىپ ، ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىپتۇ . ھېلىقى بالا ئۇنىڭ يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ : «سەن نېمە قىلماقچى» دەپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىگىز قولى بىلەن نوقۇپتۇ . شۇ چاغدا كارامەت بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ . ھېلىقى ئادەم خۇددى قاتتىق بىر نەرسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندەك ، كەينىگە ئۆچۈپ چۈشۈپتۇ . بۇ ھالدىن باشقىلارمۇ ھەيران قاپتۇ . كېيىن تەكشۈرۈپ كۆرۈش نەتىجىسىدە كارامەتنىڭ ئۇ بالىنىڭ بىگىز قولىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ . بۇ ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە تامنى نوقۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىمىش» .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر : دۆگامەت زوردۇن ئاكا ، ئابلەت ئەخمەت ، ئابلەت توختى ، غېنى مەينەم ، مۇرات قاسىم پەرسا .

# بېيت - قوشاقلار

توپلاپ رەتلىگۈچى : تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئۆچەي دېسەم چاي بولسا ،
مىنەي دېسەم تاي بولسا .
كۆزۈم چۈشكەن ئۈز جۇۋان .
كۆڭلۈمدىكى ئاي بولسا .

قىزىلگۈلمۇ ئۈزۈڭ بول ،
ئالتۇنگۈلمۇ ئۈزۈڭ بول .
مېنى ئەخمەق قىلغۇچە ،
كىمنىڭ يارى بولساڭ بول .

ئوقنى قاتار تىزارمەن ،
قوغلاپ جەرەن ئاتارمەن .
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ ،
سىز يارنى دەپ ياتارمەن .

ئالما بەرسەڭ يەپتىمەن ،
بېھى بەرسەڭ ئاپتىمەن .
چولپان كۆزلۈك يارىمدىن
ئايرىلماسمەن دەپتىمەن .

سايراپ تۇرغان كەكلىكنىڭ ،
قاناتىغا ئوق تەگدى .
يارنىڭ تاپا سۆزلىرى ،
يۈرىكىمگە نەق تەگدى .

قوغۇن - تاۋۇز تېرىدىم ،
قاتار - قاتار چۈنكى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
قارا كۆزنىڭ كۈيىكى .

ئېرىقىڭدا لاي كۆردۈم ،
ئاسمىنىڭدا ئاي كۆردۈم .
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارنىڭ
جامالىنى ساي كۆردۈم .

يارنىڭ يارلىقى كەلدى ،
تىككەن ياغلىقى كەلدى .
ئۆز يۇرتقا كېتەي دېسەم
كۆڭنىڭ تارلىقى كەلدى .

ئوتتۇن سالسام ئوچاققا ،
دۇتخانىدىن ئىس كەتتى .
قايماقمىكىن سۆزلىرىڭ .
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى .

قاشىڭ قارا دېسەمچۇ ،
كۆزۈڭ قارا دېسەمچۇ .
تۈشمۇ تۈشتىن ئەلچى كەلسە ،
سۆيگىنىم بار دېسەمچۇ .

يارىم كەپتۇ قېشىمغا ،
بەخت قوندى بېشىمغا ،
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن ،
قىزىلگۈلدەك ئاداشىمغا ،

خوي دېسەم سېنىڭدە بار ،
چىراي دېسەم سېنىڭدە بار .
تاتلىق - تاتلىق سۆيگەنلىرىڭ ،
ئۆلگۈچە يادىمدا بار .

ساي تۆگمەنگە قويۇپتۇ ،
ئاغزى يوغان قوغاچنى .
تاشلىۋېتىپتۇ جۇۋانلار ،
قىلىقى يوق ياۋاشنى .

يارنىڭ ھېغى ئالمىلىق ،
ئالمىلارغا تەگمىدۇق .
شۇ خېنىمنىڭ ئىشقىدا ،
ھېچ نەرسىنى سەزمىدۇق .

راۋابىمغا سالغىلى ،
ئۇن بەش غولاچ تار ئالدىم .
سەن مېنى ياراتمىساڭ ،
تومۇچۇقتەك يار ئالدىم .

ئاش قويۇپسەن قاچىدا ،
ئۇستىنى يېپىپ قويماي .
ئۆتەرمىزمۇ بىز شۇنداق ،
بىر ياستۇققا باش قويماي .

كۆڭلەككىڭىز چىرايلىق ،
جىيەكىنى كىم تويغان ؟
ئويناپ تۇرسا كۆزىڭىز ،
سىزگە قاراپ كىم تويغان ؟

ئىشىك ئالدى يولىڭىز ،
مەخمەل ئىكەن تونىڭىز .
ماڭا قاراپ قويمايسىز ،
كىمدە ئويىنار ئويىڭىز .

تراكتوردا ئولتۇرۇپ ،
ئېيتقانىڭىز ناخشىمۇ ؟
ئۆزۈن بولدى كۆرمىدىم ،
ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ؟

باغىڭىدىكى گۈللەرگە ،
بۇلبۇل ئاشىق بولغانمۇ ؟
كىچىك تۇرۇپ شۇ يارنىڭ ،
ئىچى دەرتكە تولغانمۇ ؟

قولۇڭىدىكى ئۈزۈكنى ،
ئاي شەكلىدە سوققانمۇ ؟
ئاناڭ سېنى ئارزۇلاپ ،
مېنىڭ ئۈچۈن باققانمۇ ؟

ئاقمۇسەن ، ئاپئاقمۇسەن ،
سۇتمۇسەن ، قايماقمۇسەن .
بىر كۆرۈپ كۆيدۈم ساڭا ،
ئوتمۇسەن ، چاقماقمۇ سەن ؟

ئېتىزىڭدىن باش تەردىم ،
ئېگىزلىقتىن ئارىلاپ .
ئەمدى دەردىڭ چىقتىمۇ ،
ئەلگە مېنى قارىلاپ ؟

ئېتىڭىز چاپقۇر ئىكەن ،
قولدىكى سىم قامچىمۇ ؟
كەلمىدىڭىز ۋاقتىدا ،
ئەسلىڭىز يالغانچىمۇ ؟

سەن ئالمىڭنىڭ شاخىنى ،
ئالما بار دەپ ئەگدىڭمۇ ؟
مېنى تاشلاپ باشقىغا
پۇلى بار دەپ تەگدىڭمۇ ؟

ئاق دۆڭدىكى ئېتىزدا ،
باغلام — باغلام پاسا بار .
سىزنىڭ كۆڭۈل قانداقراق ؟
مېنىڭ كۆڭلۈم راسا بار .

ئىشىكىڭدىن كىرمەيمەن ،
دېرىزەڭنى ئېتىپ قوي .
يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى
سەنمۇ ئوبدان تېتىپ قوي .

ئۇڭ قولۇمغا گۈل ئالدىم ،
سول قولۇمغا لالىنى .
كۆرۈپ قالدىم خاپىدەك
سىز يارىمنىڭ ھالىنى .

تال سۆگەتنى ئەگمەڭلا ،
ئەگكەن يەردە توختىماس .
مەستكە كۆڭۈل بەرمەڭلا ،
ئوڭلانغاندا يوقلىماس .

ئۆگزەڭگە چىقىۋېلىپ ،
پاراسلاتتىم غازاڭنى .
يار ئۈستىگە يار تۇتساڭ ،
خۇدا بەرسۇن جازاڭنى .

ئىشىك ئالدى ئەتىرگۈل ،
ئەتىرگۈلنى پۇراملا .
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ،
قارا ساناپ ، ئۇراملا .

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا .
قاچانغىچە قارايمەن ،
تۇت كۆز بىلەن كوچاڭغا .

تاغ باغرىدا كۆرۈنگەن ،
ئارپا ئەمەس تېرىقكەن .
مېنىڭ يارىم سۆيۈشكە
ئەجەبمۇ بەك قىرىقكەن .

يارىم چالىدۇ راۋاب ،
تارىسىنى ساز قىلىپ .
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم ،
ئۇنىمايدۇ ناز قىلىپ .

قاغا قوندى قامغاققا ،
قۇشقاچ قوندى يانتاققا .
مەن يارىمنى بىر سۆيسەم ،
بال تامچىدى تامغاققا .

ئاتلىرىڭنىڭ ئىچىدە ،
مىنگۈدەك ئىتىڭ بارمۇ ؟
يېنىپ تۇرۇپ قارايسەن ،
بىر ئېغىز گېپىڭ بارمۇ ؟

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ،
سانىغىلى بولمايدۇ .
يېڭى يارنىڭ ئوتىغا
چىدىغىلى بولمايدۇ .

تۆگمەنگە بېرىپ قالساڭ ،
خەققە بەرمە نۆۋەتنى :
ئەمدى باتناپ يۈرمىگىن ،
يۇيايلى ئاداۋەتنى .

ئۆگزىگە قۇرۇپ قويسام ،
پاختەك تۇتمىغان باسماق .
ئالدىمدىن تولا ئۆتمەڭ ،
كۆڭلۈم چۈشمىگەن قاسماق .

ئەگمە - ئەگمە قېشىڭىز ،
مەن بېقىپ ئالالمايمەن .
سىزگە بەرگەن كۆڭلۈمنى
باشقىغا تۇتالمايمەن .

بۇ يوللار ئەجەب تاشلىق ،
ئۆتۈككە ناھال بارمۇ ؟
ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيدى ،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ ؟

يارىم بەرگەن ياغلىقنىڭ ،
ئىككى ئۇچى چېكىكلىك .
يار كۆڭلىنى بىلمىدىم ،
بىلمەسلىكىم كىچىكلىك .

ئات ئالدىم ئېگەر بىلەن ،
نوختىسى ، يۈگەن بىلەن .
دەردىم تولا ئىچىمدە ،
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن .

مەن كوچاڭدىن ئۆتمەيمەن ،
ئۆتۈكۈمنى لاي قىلىپ .
بىۋاپاغا تەگمەيمەن ،
كۈنلىرىمنى زاي قىلىپ .

بوغدايلىقتىن ئوت ئالدىم ،
بويىنى قارا ئۆچكىگە .
كۆڭۈل بەرسە بولمايدۇ ،
كۆڭلى قارا ئەسكىگە .

كۆزۈم چۈشتى بويۇڭغا ،
كىردىم سېنىڭ كويۇڭغا .
قاچانغىچە قارايمەن ،
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا .

كۆمۈر دېگەن قارىكەن ،
هويلاڭ بەكمۇ سايىكەن .
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ
يۈرەكلىرى پارىكەن .

گىردە ياقمايلى خېنىم ،
جىگدە قاقمايلى خېنىم .
بۈگۈن ئىشىم ئالدىراش ،
كۆڭۈل ئاچمايلى خېنىم .

مانتا ئەتتىم ئۆرلىتىپ ،
مەززە قىلىپ يەيلىمۇ ؟
توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق ،
ئەل ـ مەلىگە دەيلىمۇ ؟

ئۇ قىزمۇ ئۆتۈپ كەتتى ،
بۇ قىزمۇ ئۆتۈپ كەتتى .
ئويناق خۇمار كۆزلىرى ،
كۆڭلۈمنى ئۆتۈپ كەتتى .

تاۋۇزۇڭ يوغان ئىكەن ،
يەپ باقايلى تاتلىقمۇ ؟
بىزنىڭ يارلار كەپتۇمىش ،
پىيادىمۇ ئاتلىقمۇ ؟

مانتا پىشتى قاسقاندا ،
بىللە يەيلى داستىخاندا .
ئەجەبقىنا ئايرىلدۇق ،
ئاشنالىق ياراشقاندا .

مۇشۇ قىزىق ئاپتاپتا ،
قۇملۇقتا بارالامسىز ؟
گېپىڭىز بەك تولىكەن ،
كۆڭلۈمنى ئالالامسىز .

ئالما بەرمىگىن يارىم ،
نەشپۈت بەرمىگىن يارىم .
سەن مېنى تاشلاپ كېتىپ ،
ياتنى سۆيمىگىن يارىم .

چىرىقىڭ ئۆچۈپ قاپتۇ .
ياندۇرايمۇ چاقماقنى ؟
ئۆزىڭىز بەلەن جۇۋان ،
تېپىۋالماڭ ئاخماقنى .

ئۆرۈك بارمۇ قاقتۇدەك ،
بالاڭ بارمۇ باقتۇدەك .
ئەجەب تاتلىق خۇيۇڭ بار ،
قوغلاپ ئېلىپ قاچقۇدەك .

دەردى يوقمىكىن دەمسەن ،
ئالدىڭدا كۈلۈپ يۈرسەم .
ئىچىمدە دەردىم تولا ،
بىلەمسەن دېمەي ئۆلسەم .

بۇ ئۆستەڭ يامان ئۆستەڭ ،
ئاقار سۈيى شىددەتلىك .
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ
سۆيۈشلىرى لەززەتلىك .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزىسىدىن :قۇربانىياز ئاخۇن ، مۇھەممەت قادىر .

# خۇشاللىنارلىق نەتىجە، ئىپتىخارلىق شان - شەرەپ

## مۇنەۋۋەر قادىر

تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۇسۇپ 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «دۇنيا مەدەنىيىتىدە نەتىجە ياراتقان مەشھۇر كىشىلەر (ئالتۇن ھەيكەل) مۇكاپاتى»نى باھالاش كومىتېتى دائىمىي ئورگىنى، جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر كىشىلەر ئاكادېمىيىسى باھالاش كومىتېتى، بېيجىڭ شەھەرلىك «مەشھۇر كىشىلەر مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى»، «جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر كىشىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى باھالاش كومىتېتى» قاتارلىق تۆت ئورۇننىڭ قارار قىلىپ بېكىتىشى بويىچە «دۇنيا مەدەنىيىتىدە نەتىجە ياراتقان مەشھۇر كىشىلەر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. «دۇنيا مەدەنىيىتى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» نىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىندى ۋە «دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر كىشىلەر» ناملىق ئوكيا-نۇستا تونۇشتۇرۇلدى.




مەمتىمىن يۇسۇپ ئۇيغۇر-شۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۇرۇپ، جاپا-لىق تەر ئاققۇزغان، ھۆرمەت-كە سازاۋەر تەتقىقاتچىدۇر. ئۇ 1927 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى دارىلمۇئەل-لىمىنىڭ تامدا ئوقۇغان. 1943 ـ يى-لى قەشقەر سىفەن مەكتىپى-نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئىلگىرى ـ ئاخىر ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى تېخنىكوم مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، «ئويغان» گېزىتىدە مۇھەررىر بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىخەتەرلىك بۆلۈمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جاھانگىرلىككە قار-شى تۇرۇش ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1992 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە بولغان جەرياندا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلى-قى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1956 ـ، 1957 ـ، 1958 ـ ۋە 1981 ـ يىللىرى بېيجىڭدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە، سىياسىي ـ ئىقتىساد سىنىپىدا ئوقۇغان.

مەمتىمىن يۇسۇپ ئىنقىلابقا قاتناشقان چېغىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنى باشلىغان. ئاساسلىق

ئەسەرلىرىدىن «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن»، «تارىخىي ساۋاق»، «بىلىم ۋە زىيارەت»، «قەشقەر ساڭا»، «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» قاتارلىقلار بار. نەشرگە تەييارلىغان ئەسەرلىرىدىن «قۇتادغۇبىلىك، نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى»، «بەھرام گور»، «دىۋانى مەشھۇرى» «باياز» (1)، «باياز» (2)، «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» قاتارلىقلار بار. «قۇتاغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنىڭ تەشەببۇسچىسى، تەشكىللىگۈچى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى، كونكرېت قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان. يۇقىرىقى كىتابلار ئىلگىرى ـ كېيىن مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭ يەنە 68 پارچە ئىلمىي ماقالىسى، 76 پارچە شېئىرى، «بۇلاق»، «تارىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «غەربىي رايون تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

ئېلىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، مەتتىمىن يۈسۈپ 1986 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە بولۇپ ئۆتكەن بەزى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. بۇ يىغىنلاردا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە بايان»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «قۇتادغۇبىلىك، ـــ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. ئۇ بىر ئىجتىمائىي پەن تەشكىلاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ تەشەببۇسچىسى، تەشكىللىگۈچىسى ۋە رىياسەتچىسى بولدى. 1992 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە ئون ئىككى مۇقام، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى فوندىغا مەبلەغ توپلاش خىزمىتى جەريانىدا مەتتىمىن يۈسۈپ تەشەببۇسچى، تەشكىللىگۈچى، رىياسەتچى ۋە تەشۋىقاتچى سۈپىتىدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا تالاي قېتىم يىغىن ئۇيۇشتۇردى. 1995 ـ يىلى مەتتىمىن يۈسۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن 20 كىتاب، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر 10 كىتاب نەشر قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي، تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى.

1996 ـ يىلىدىن باشلاپ 60 نەچچە نەپەر ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسنى تەشكىللەپ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (13 توم) ناملىق زور ھەجىملىك كىتابنى تۆت يىلدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، خەلقئارا نوتا ۋە لاتىنچە ترانسكرىپسىيە بىلەن تەييارلىتىپ، نەشر قىلدۇردى. ئۇ 1992 ـ يىلىدىن بۇيان ھەر مىللەت ئالىم مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن 60 نەچچە خىل، جەمئىي 77800 دانە كىتاب نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابلارنىڭ تەشكىلىي، ئىلمىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى، ئىلمىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ تەشۋىق قىلىش

مەقسىتى بىلەن ئۆزى لايىھىلەپ يېزىپ چىققان مۇراجىئەتنامىنى ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە ، ياپونچە تۆت تىلدا 27 مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ ، ئامېرىكا ، ياپونىيە ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ۋە دۆلىتىمىز ئىچىگە كەڭ تارقىتىپ ، زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى .

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئۇستازى ئامانىنساخاننىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلىپ ، راسخوتنى ھەل قىلىپ ، ھەيكەل تىكلەشنى تەشكىللىدى .

كۆپ يىللاردىن بۇيان مەتتىمىن يۈسۈپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ، ئۇيغۇر 12 مۇقامى ، ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپىسى قاتارلىق تەتقىقات ساھەلىرىدە قان - تەر ئاققۇ- زۇپ ، جاپالىق ئىشلىدى . ئىلىم ئالماشۇرۇش پائالىيەتلىرى ۋە يىغىنلىرىنى تەشكىللىدى . قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ ، رەتلەپ ، نەشرگە تەييارلاپ ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقاردى . ئۇ تەشكىللىگەن ھەر خىل ئىلمىي يىغىنلار ۋە نەشر قىلدۇرغان كىتابلار يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ، زور تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ياخشى بولۇپ ، ھەر مىللەت ئالىم ، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى .

تەتقىقاتچى مەتتىمىن يۈسۈپنىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىدە نەتىجە ياراتقان مەشھۇر كىشىلەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەنلىك خەۋىرى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى . 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلدى . 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەشۋىقات ، ئاخبارات - نەشرىيات ئورگانلىرى ۋە بىر قىسىم ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان بىر سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ، يولداش مەتتىمىن يۈسۈپنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن- لىكىنى تەبرىكلىدى . 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بۇ خەۋەر «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى .

تەتقىقاتچى مەتتىمىن يۈسۈپنىڭ « قۇتادغۇبىلىك ، توغرىسىدا» نامىلىق ماقالىسى جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر كىشىلەر ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى ، جۇڭگو مەدەنىيىتى مەشھۇر كىشىلەر بىرلەشمىسى ، جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر كىشىلەرگە كۆيۈنۈش فوندى ، دۇنياۋى ئىلمىي تۆھپىلەرنى باھالاش ، مۇكاپاتلاش كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلار تەرىپىدىن باھالىنىپ ، 1999- يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «دۇنياۋى ئىلمىي تۆھپە» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .

تەتقىقاتچى مەتتىمىن يۈسۈپ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . بىز بۇ ھارماس پائالىيەتچى ، چارچىماس تەتقىقاتچىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ، ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمىز .










世界學術貢獻獎
WORLD ACADEMIC CONTRIBUTION PRIZE
論文金獎
THESIS GOLD OF
YOUR
獲論文金獎
HAS BEEN AWARDED GOLD PRIZE
ACADEMIC CONTRIBUTION
PRIZE EVALUATION
CONSIDERATION



源泉（布拉克）（维吾尔文）总 68 期

بۇلاق (پەسىللىك ژۇرنال) ئومۇمىي 68 ـ سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE (QUARTERLY)


新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆畜牧印刷厂印制
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65 — 1050/I
本刊代号：58—108，定价：6.00元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1050/I
ۋاكالەت نومۇرى: 108 — 58، باھاسى: 6.00 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

ISSN 1005-0876